شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال، شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا نائىل ژۇرنال

BULAK



# بۇلاق

3

2013

ISSN 1005-0876

06>

9 771005 087006

# 源泉（布拉克）



گۆ مەیدانی — ئیبراهیم جەبباری

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ
قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

35 - يىل نەشرى    ئومۇمىي 150 - سان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# غەزەل

ئەي ئارەزى نەسرىن ساجى سۇنبۇل قەدى شەمشاد
بۇلبۇل كەبى ھەجرىڭدە ئىشىم نالەۋۇ فەرياد

سەيد ئولدى كۆڭۈل كۆزلەرىڭگە ۋەھ قۇتۇلۇرمۇ
بىر قۇشكى ئانىڭ قەسدىغە بولغاي ئىكى سەيياد

ئول مەكتەب ئاراكىم ئوقۇدۇڭ ناز رومۇزىن
گۇياكى ۋەفا ئىلمىن ئۇنۇتمىش ئېدى ئۇستاد

ئەشكىمنى كۆرۈپ ئېز بولۇر كۆڭلى جەفاغا
ئارى ئىتەرس چۈنكى سۇيى بولماسا فۇلاد

مىڭدىن بىر ئېمەس ئۆز يۈزەكى زەخملەردىن
ھەر نېچە تاغ باغرىنى زەخم ئەيلەدى فەرھاد

ئۆلۈگنى كىشى دەفن ئېتە ئالماس ۋەلى ھەر كۈن
يۈز قىلۇر دەفن كۆزۈڭ بولغالى جەللاد

گۈل يافراغى ئەرناغلار ئېرۇر بۇ چەمەن ئىچرە
بۇلبۇل پەرۇ بالىنى يولۇپ بەرگلى بەرباد

نې ئەيب نەۋايى كەبى دىۋانەلىغ ئەتسە
ھەر ئادەمكىم يارى ئانىڭ بولسا پەرىزاد

نەۋايى

# بۇلاق

2013 ـ يىللىق 3 ـ سان

باش مۇھەررىرى: ئەلى توختى　　مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت


## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


ئىسكەندەرى ئايىنە ............ پارسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەلى ئىبنى ئاخۇند ئابدۇلئەزىز تۇرپانىي (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئابلىمىت ئەھەت بۆگۆ، ئىلھام ئابدۇللا

ھېكمەتى نىزامىددىن ............موللا نىزامىددىن ئاخۇنۇم (29)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: روزىمۇھەممەد مۇتەللىپ

سالامنامە ............(39)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: رەنا ئابلىمىت


### بىزنىڭ ۋەسىقىلىرىمىز


«تۇرپان ۋالىلىرىغا ئائىت بىر پارچە نەسەبنامە ۋە ئۇنىڭغا شەرھ ............ (44)

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئەھمەد ئىمىن ئەلنەزەر، ھاجى مامۇت غازى


### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


ئىبنى بەتۇتەنىڭ دەشتى قىپچاقتىكى ساياھىتى ............ رىزائىددىن بىننى فەخرىددىن (56)

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن، ھەسەنجان جۇمەخۇن، مۇھەممەتجان قادىر

## ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر


چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ نەزەرىيەۋى ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا ........................ قۇربانجان ئابدۇقادىر (69)


## تىل، تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى


قەدىمكى ئۇيغۇر ئاياللىرىدا گۈزەللىك قارىشى ۋە زىبۇ - زىننەت، پەرداز مەدەنىيىتى ... ئابلىز مۇھەممەت سايرامىي (87)
تەۋەررۇك قەدىمكى ئەسەرلىرىمىزنى قۇتقۇزۇپ، پارلاق مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلايلى ...... ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق (101)


## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


ئۈچ ئوغۇل (رىۋايەت) ........................................................................ (108)

توپلاپ رەتلىگۈچى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

زالىم پادىشاھ (چۆچەك) ........................................................................ (110)

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: روزى سىيىت


※

مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: تاڭنى چىللاش
(رەسسام: مەھمۇد فەرشچىيان)

※ ※ ※


مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇتەللىپ ئىسمايىل

تەكلىپلىك كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مۇقەددەس دىلشات

خەتتاتلار: قاينام جاپپار



تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827971 ـ 0991

ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@yahoo . cn

تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 ـ 0991

پارسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەلى ئىبنى ئاخۇند ئابدۇلئەزىز تۇرپانىي

# ئىسكەندەرى ئايىنە *

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئابلىمىت ئەھەت بوگۇ، ئىلھام ئابدۇللا

## يىگىرمە بەشىنچى باب
## ئات سېتىۋېلىشنىڭ يوللىرى

ئەي هوشيار پەرزەنتىم، ئالىي مەرتىۋىلىك جىگەر پارەم، بىلگىن ۋە خەۋەردار بولغىنكى، ئەگەر ئات ئالماقنى ئىرادە قىلساڭ، ياخشى ئويلان، ئاتنى تونۇپ - بىلىپ ئالغىن، ئات سېتىۋالغاندا سەۋەنلىك ۋە خاتالىق سادىر بولمىسۇن. ئات ۋە ئادەمنىڭ جەۋھىرى ئوخشاشلا قىممەتلىكتۇر. شۇ سەۋەبتىن، ياخشى ئاتقا ۋە ئوبدان ئادەمگە ھەرقانچە كۆپ باھا قويۇلسا، ئەرزىيدۇ. ئۇنداقتا ئاتنىڭ يامىنىنى قانچىلىك ئەيىبلىسە، ھەقلىق؟! ھۆكۇمالار: «ئالەم ئادەم بىلەن ئالەمدۇر ۋە ئىنسان ھايۋان بىلەن بەرپادۇر» دېگەن. ئات ھايۋانلار ئىچىدە ئەڭ چىرايلىقتۇر. ئاتنى پەرۋىش قىلىش دۆلەتمەنلىك ۋە سېخىيلىقتىندۇر. «ئات ۋە تونۇڭنى ياخشى ساقلىساڭ، ئات ۋە تونۇڭمۇ سېنى ياخشى ساقلايدۇ» دېگەن گەپمۇ بار. ئاتنىڭ ياخشى ۋە يامىنىنى تونۇماق ئادەمنىڭ ياخشى ۋە يامىنىنى پەرقلەندۈرمەكتىن مۈشكۈلرەكتۇر.


وحصول بی اندازه حاصیل قیلغای سن زنهار کا ایتلاماک
والکالیب آبلدان قیلمافیدین تیماغیل کیم باغ راغ وتاریلغانینک
اعتباری حصول بر ماک بیله دور کیم حصول و دخلی بولماسا انداغ مد
بیلکیل کیم همه بیابانلار سینینک بیرینک دور جراکه دهقان نینک قدر وقیمتی
وعزتی وی ریله بولغای وی ریننک اعتباری حصول بیله بولغای امکان
ایبو یساراق سیز یردین حصول حاصیل بولمغای والله اعلم
یکرمه بشنجی باب آط صاتیب آلو... طریقی ای
فرزند هشیار و دلبند عالی مقدار آگاه و خبردار بولغیل اگر آط آلماقنی
اراده قیلسانک یخشی تامل قیلیب آطنی تونوب آلغیل تا آط آلماقدا سهو خطا
واقع بولماغای کیم آط و آدم نینک جوهری برادور ... دین کیم
یخشی آطقه وا وبدان آدم غه هرقانچه کوب بها قویولسه روادور
انداغ کیم آطنینک یمانی نی نه مقدار سرزنش و ملامت قیلسا روا
بولغای وحکما ایتیب دورلار عالم آدم بیله برجادور وانسان حیوان

ئادەمنىڭ پەزىلىتى ۋە قەدىر - قىممىتى شۇ كىشىنىڭ گەپ - سۆزى ۋە ئىش - ھەرىكىتىدىن مەلۇم بولىدۇ؛ ئاتنىڭ قەدىر - قىممىتى تۇرقىدىن مەلۇم بولىدۇ. ئاتنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن خەۋەردار بولاي دېسەڭ، ئاۋۋال ئاتنىڭ سۈرىتى، تۇرقىغا قارا. كۆپلىگەن ياخشى ئاتنىڭ كۆرۈنۈشى چىرايلىق بولىدۇ، ناچار ئاتنىڭ كۆرۈنۈشى كۆرۈمسىز بولىدۇ.

ياخشى ئاتنىڭ بەلگە - ئالامەتلىرى شۇكى: چىشى ئاق، ئىنچىكە ۋە زىچ، ئاستى لېۋى ئۈستى لېۋىدىن ئۇزۇنراق بولىدۇ، بۇرنى ئېگىز ۋە كەڭرى، پېشانىسى تۈز ۋە تارتىشاڭغۇ، قۇلاقلىرىنىڭ تۈۋى يۇمشاق، قۇلاقلىرى ئۇزۇن، قۇلاق ئۇچى ئۇچلۇق ۋە ئېگىز،

* بېشى ئالدىنقى ساندا.



ئىككى قولىقىنىڭ ئارىلىقى كەڭ، گەدىنىنىڭ قولىقىغا تۇتىشىدىغان يېرى ئىنچىكە ۋە ھالقىسىمان بولىدۇ؛ قولاق تۈۋى يوغان، بەقىنى تار، ئۈستۈنكى ئېڭىكى ئاستىنقىسىدىن ئۇزۇنراق بولىدۇ؛ يالى ۋە قۇيرۇقى شالاڭ ھەم ئۇزۇنراق بولىدۇ؛ تۇۋاقلىرى چوڭ ۋە يۇمىلاق، كۆزلىرى قارا، تۇۋاقلىرى ئېگىز، ئۇچىسى قىسقا، قورسىقى قىسقا، كۆكرىكى كەڭ، قوللىرى ۋە پۇتلىرىنىڭ ئارىلىقى ئازادە، قۇيرۇقى ئۇزۇن ۋە يىلۋا، تۆشىدىكىگە قارىغاندا ئەتراپىدىكى تۈكلىرى ئارتۇقراق، ماڭلاي ۋە كىرپىكى قارا بولىدۇ. بۇنداق ئات يول يورگەندە ئۆزىنى ھوشيار، ئەركىن ۋە ئازادە تۇتىدۇ، زوق-شوق بىلەن چاپىدۇ؛ بېشى كەكىسىمان، ئۇچىسى تۈز، يوتىسىنىڭ ئىچى تەرىپى گۆشلۈك بولىدۇ، ئادەمنىڭ ھەربىكتىدىن ھوشيار ۋە خەۋەردار بولىدۇ.

بايان قىلىنغان بۇ سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەگەر بىر ئاتتا مەۋجۇت بولسا، تولىمۇ ياخشى بولىدۇ. لېكىن، بەزى ئاتلاردا بۇ سۈپەتلەردىن بەزىسى بولۇپ، بەزىسى بولماسلىقى مۇمكىن.

رەڭلىرىدە خورما رەڭلىك ئات ئەڭ ياخشىدۇر. خورما رەڭ ئات چىرايلىق، خۇش قىلىقلىق بولۇپ، مىنىشلىك، ئىسسىق-سوغۇققا چىداملىق، سەۋر-تاقەتلىك ۋە ھەرقانداق قاتتىق-يەرلىك ئىشقا ۋە مۇشەققەتكە بەرداشلىق ۋە جاپاكەش كېلىدۇ. ئەمما، جەدە ئات ئاجىز بولىدۇ. ئەگەر ئېڭىكى، قوڭى، چاتىرىقى، قۇيرۇقى، پېشانىسى ۋە پاچىقىنىڭ رەڭگى قارا بولسا، جەدە ئاتمۇ ياخشىدۇر.



قولا ئاتمۇ ياخشى، بولۇپمۇ توق سېرىق، يۈزى ۋە پېشانىسىدە تەڭگىسىمان خالى بولغان، قوڭى، قۇيرۇقى، يوتىلىرىنىڭ ئارىلىقى، لېۋى ۋە كۆزى بىردەك قارا بولسا ئوبدان ئات ھېسابلىنىدۇ.

سەمەند، يەنى قولۇن ئاتمۇ قولا ئاتنىڭ سىياقىدا بولسا قالتىس ياخشىدۇر.

گۈل رەڭ، يەنى قىزىل بوز رەڭلىك ئاتنىڭ رەڭگى بىر خىل بولۇپ، باشقا رەڭ ئارىلاشمىغان بولسا ياخشى.

رەڭگى تۇم قارا پارقىراق ۋە يالتىراپ تۇرىدىغان ئاتمۇ ياخشى ئاتتۇر. لېكىن، كۆزى قىزىل بولمىسۇن، كۆزى قىزىل ئاتلارنىڭ كۆپىنچىسى سارالڭ ۋە ئەيىبلىك بولىدۇ.

قارا بوز ئاتنىڭ مېڭىش-تۇرۇشى ۋە سۈپىتى قولا ئات بىلەن ماس كېلىدۇ، ئەگەر قول-پۇتلىرى قارا بولسا ئوبداندۇر.



ئالاچىپار ئاتلار ياخشى دېيىلگەن ئەمەس. بۇنداق ئاتلار تولىراق بەتخۇي كېلىدۇ.

يوقىرىدا ئاتنىڭ ياخشى سۈرەتلىرى بىلەن بىرئاز تونۇشۇپ ئۆتتۇق. ئەمدى ئاتنىڭ ئەيىبلىرىنى ئازراق بولسىمۇ بىلمەك زۆرۈردۇر.

ئاتنىڭ تۇرلۇك ئەيىب - ئىللەتلىرىنىڭ نامى ۋە ئالامىتىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتىمەن. بىلمەك لازىمكى، گاچىلىق بەزى ئاتلاردا كۆرۈلىدىغان ئەيىبتۇر. گاچا ئاتنىڭ باھاسى تۆۋەن بولىدۇ. گاچا ئاتنىڭ ئالامىتى شۇكى، بايىتالنى كۆرگەندە چاپچىيدۇ، ئەمما كىشنىمەيدۇ.

شەبكور، يەنى تۈن قارىغۇسى ئاتمۇ ناچاردۇر. ئۇنىڭ ئالامىتى شۇكى، كېچىدە باشقا ئاتلار ئۈركۈيدىغان نەرسىدىن ئۈركۈمەيدۇ، قاياقىقا دېيىتسە، شۇ ياققا پەرۋاسىز يۈرۈۋېرىدۇ، ئېھتىيات قىلمايدۇ.

ساغرۇ، يەنى قۇلىقى ئاڭلىمايدىغان ئاتنىڭ ئالامىتى شۇكى، بۇنداق ئات باشقا ئاتلار كىشنىگەندە كىشنەپ جاۋاب ياندۇرمايدۇ. قۇلاقلىرى دائىم سىلىقلىق تۇرىدۇ.

سولخاي ئات، يەنى قولىنى ئاۋۋال بېسىپ ماڭىدىغان ئاتمۇ ياخشى ئات سانالمايدۇ. بۇنداق ئات مۇدۇرۇلگەك بولىدۇ. ئالامىتى شۇكى، ئېشكتىن كىرگەندە بوسۇغىدىن ئاۋۋال سول قولىنى بېسىپ كىرىدۇ.



روزكور، يەنى كۈن قارىغۇسى، كۈندۈزى كۆرمەيدىغان ئاتمۇ ناچاردۇر. ئەرەبلەر بۇنداق ئاتنى «ئەئمەش» دەيدۇ. ئالامىتى شۇكى، كۆز قارىچۇقى يېشىل چېلىش قارا، كۆزلىرى ھەمىشە ئوچۇق ھالەتتە تۇرىدۇ، كىرپىكلىرىنى بىر - بىرىگە قوۋۇشتۇرمايدۇ. [بۇ ئەيىب ئەگەر بىر كۆزىدە بولسا، ئەيىب سانىلىدۇ، ئەمما ئىككى كۆزىدە بولسا، زەرەرى يوق.

ئەھۋەل ئات، يەنى يەكچەشمە ئات كۆرۈنۈشتە ئەيىبى باردەك بىلىنىدۇ، لېكىن ئەرەب ۋە ئەجەم خەلقى يەكچەشمە ئاتنىڭ ياخشى ئات ئىكەنلىكىنى بىردەك مۇقىملاشتۇرغان. ئۇلار دۆلدۆلنىمۇ ئاھۋەل دەپ، ئاھۇلغا نەقىل قىلىدۇ.

ئەرجەل، يەنى بىر پۇتى ئاق ئات، يەنى ئالدى چەپ پۇتى ئاق ئاتنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئالدى چەپ پۇتى بىلەن ئارقا چەپ پۇتى ئاق بولسا، تېخىمۇ شۇنداق.

مەغرەب، يەنى ئاق كۆز ئات ناچار ھېسابلىنىدۇ.

ئەقۋەد، يەنى تۈز بويۇن، تاختا گەدەن ئاتمۇ ناچار ئات



ھېسابلىنىدۇ.

دۇخۇل، يەنى ھەر ئىككى پۇتى ئەگرى ئاتمۇ ناچار ئات تۇرىگە مەنسۇپتۇر. بۇنداق ئاتنى پارس تىلىدا «كامان پاي» دەيدۇ. دۇخۇل ئات كۆپ يىقىلىغاق بولىدۇ؛ مەيلى ھۆل، مەيلى قۇرۇق يەردە ماڭسۇن، قاشاڭ كېلىدۇ. تۇۋىقىنىڭ ئەتراپىدا تۈكى كۆپ بولسا، شۇم ھېسابلىنىدۇ.

ئەزرەق كۆز، يەنى كۆك كۆز ئاتنىڭ ھەر ئىككى كۆزى كۆك بولسا، ئەيىب سانالمايدۇ. لېكىن، بىر كۆزى ئەزرەق، يەنى كۆك بولسا، ئەيىبتۇر. خۇسۇسەن چەپ كۆزى كۆك بولسا، بەكمۇ ئەيىبتۇر. يەنە پۇتلىرىنىڭ ئەتراپىدا، تۇۋاق]①لىرىنىڭ ئاستىدا مويى بولسا، شۇمدۇر. ئەگەر ھەر ئىككى تەرىپىدە بولسا، بەكلا شۇمدۇر. يەنە تۇۋاقلىرىنىڭ چۆرىسىنىڭ ئىچ تەرىپىدە مويى بولسىمۇ، شۇم سانىلىدۇ. ئەگەر تېشى تەرىپىدە بولسا، راۋادۇر.

تۇۋاقلىرى تولۇق ئۈنمىگەن ئاتمۇ ناچار بولىدۇ. بۇنداق ئاتنى «خەسف» دەيدۇ. قولى ۋە پۇتى ھەددىدىن زىيادە ئۇزۇن ئاتمۇ ناچار ئاتتۇر.



ئەسدەف، يەنى ئەۋرىتى تۇتاش يا ئايپاڭ ۋە ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئاتمۇ ناچار ئاتتۇر. بۇنداق ئاتنى «ئەكشەف» (تاشپاقا) دەپمۇ ئاتايدۇ.

سەگ دەم، يەنى ھاسىرىغاق ئاتمۇ ناچار سانىلىدۇ.

ئەمھەج، يەنى پۇتنى قولىنىڭ ئورنىغا دەسسىيەلمەيدىغان ئاتمۇ ناچاردۇر.

ئەسھەق، يەنى دائىم ئاقسىغاق ئاتمۇ ناچاردۇر. بۇنداق ئاتنىڭ دائىم ئاقسىشىدىكى سەۋەب شۇكى، قولىنىڭ بوغۇملىرىنىڭ ئارىلىقىدا ئارتۇقچە ئۇستىخىنى بولىدۇ. ئەگەر پۇتىنىڭ بوغۇملىرىنىڭ ئارىلىقىدا زىيادە سۆڭەكى بولسا، ئۇنداق ئاتنى «ئەفزۇن» (ئارتۇق، زىيادە) دەپ ئاتايدۇ. بۇنداق ئاتلار خۇيى يامان، شاش، ئېلىپ ئۇرغاق، چىشلىگەك، مۆڭگەك، ئېلىپ قاچقاق، چاپچىغاق، ئۈزەڭگۈ قورۇغاق، يەنى مىنگەندە كىشىنىڭ ئايغىنى ئۈزەڭگىگە يېقىن يولاتمايدىغان بولىدۇ.

توختاپ تېزەكلەيدىغان، ئايغىرنى كۆرسىلا كىشنەيدىغان ئاتلارمۇ ناچاردۇر.

① ئالدىنقى بەتتىكى «بۇ ئەيىب ئەگەر بىر كۆزىدە» دېگەن جايدىن مۇشۇ يەرگىچە بولغان مەزمۇننىڭ ئەسلىي قول يازما نۇسخىسى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا يوقالغان.



زاغ چەشم، يەنى قاغا كۆز ئاتمۇ شەبكور، يەنى تۈن قارىغۇسى بولىدۇ.

ھېكايەت: ئەھمەد فەرىغۇنىنىڭ يىلقىچىسى نورۇز كۈنى غوجىسىنىڭ خىزمىتىگە نورۇزلۇق سوۋغا ئالماي، قۇرۇق قول كەلگەندى، ئەھمەد سورىدى:

— بۇنداق نورۇز شادلىقىغا چۆمگەن كۈنى مېنىڭ ئالدىمغا نېمە ئۈچۈن قۇرۇق قول كەلدىڭ؟

يىلقىچى ئېيتتى:

— ئەي خاجە، گەرچە نورۇزلۇق سوۋغا ئېلىپ كەلمىگەن بولساممۇ، لېكىن نورۇزلۇق سوۋغىدىن يۈز ھەسسە سۆيۈنچلۈك خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم.

ئەھمەد سورىدى:

— قانداق خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ؟

يىلقىچى ئېيتتى:

— تۈنۈگۈن سېنىڭ يىلقاڭدىن يۈز بايتال يۈز زاغ چەشم قۇلۇن تۇغدى.

ئەھمەد يىلقىچىنىڭ بۇ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، دەرغەزەپ بولۇپ يىلقىچىنى يۈز دەررە ئۇردۇردى ۋە دېدىكى:



— ئەي ئەخمەق، گالۋاڭ، ماڭا ئېلىپ كەلگەن بۇ خەۋىرىڭ قانداقمۇ خۇش خەۋەر بولسۇن؟! مېنىڭ بايتاللىرىم تۇغقان بۇ يۈز شەبكور قۇلۇن مەن ئۈچۈن غەم ۋە مالامەتنىڭ نەق سەرمايىسى ئەمەسمۇ؟!

خوش، ئاتنىڭ ئەيىبلىرىگە ئائىت بىلىملەر ئاز ـ تولا تونۇشتۇرۇلدى. ئەمدى ئاتتا كۆرۈلىدىغان ئىللەت، يەنى كېسەللىكلەرنىمۇ بىر ئاز بىلىۋال. ئاتتا كۆرۈلىدىغان تۈرلۈك كېسەللىكلەرنىڭ نامىنى تەپسىلىي ۋە بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىمەن. ئۇلار:

ئەنسار، كەئاب، رەھس، مەس، ئەرەبى، سەئاق، ھەرەقەمەذ، ناسۇر، جوززام، بەرەس، مۇردى نەملەھ، مەلەخ، نەغمە، مىقدار، مۇھاس، سەرەتان، فىتىق، مىكھاب، نۇئاس، خاب رىۋە، مەئەل، ئەساس، سەبەل، سەبەس، سادەر، ھەيزە ۋە يەرەھ قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ ئىللەتلەرنى مەۋھۇم بايان قىلدىم. ئەگەر ھەر بىرىنى تەپسىلىي بايان قىلساق، سۆز ئۇزىراپ كېتىدۇ. ئومۇمەن، ئاتنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەممە ئەيىبلىرى ئىچىدە ئەڭ يامىنى قېرىلىقتۇر. بارچە ئىللەتنى داۋالاش ئارقىلىق ساقايتىش مۇمكىن، ئەمما قېرىلىق ئىللىتىدىن قۇتۇلماق مۇمكىن ئەمەستۇر.

ئەمما، ئات ئالساڭ، چىرايلىق، يەنى بەستلىك ئات ئالغىن. چۈنكى، سېمىز، سالاپەتلىك كىشىمۇ كىچىك ئاتقا مىنسە، بىچارە كۆرۈنىدۇ.



ئاتىنىڭ قوۋۇرغىلىرىنى بىر - بىرلەپ تۇتۇپ ساناپ كۆرسەك، بەزىلىرىدە چەپ يېنىنىڭ بىر تال قوۋۇرغىسى ئوڭ يېنىنىڭ قوۋۇرغىسىدىن زىيادە چىقىدۇ. ئەگەر ھەر ئىككى يېنىنىڭ قوۋۇرغىسى باراۋەر بولسا، ئۇنداق ئاتنى قىممەت بولسىمۇ ئالغىن. ھېچ ئات ئۇنى ئۇتۇپ چىقالمايدۇ. شۇنداق ئات ئالغىنكى، ھاياتىڭدا ئۇ ئاتتىن ئۈزۈڭگە مەنپەئەتى يەتكەي. سەندىن كېيىن ئايال ۋارىسلىرىڭغا مىراس بولۇپ قالغاي!

چۈنكى، كىشى خوتۇندىن بويتاق ۋە پەرزەنت كۆرۈشتىن يىراق قالمىغاي، شۇنداق ئېيتىلغانكى، ھەرقانداق كىشى ئەگەر ئەر بولسا، ئۇنىڭ جۈپتى خوتۇندۇر.

## يىگىرمە ئالتىنچى باب
## ئۆيلىنىش ۋە نىكاھلىنىش ئەدەپلىرى

ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى، ۋاقتىڭكى، بىرەر مەزلۇمەنى ئەقد - دە - نىكاھ بىلەن ئالغان بولساڭ، ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاپ، ياخشى مۇئامىلىدە بول. ھەرقانداق ئەزىز ۋە قىممەتلىك نەرسەڭنى ھالال جۈپتۈڭدىن ۋە يۈرەك پارەڭ بولغان پەرزەنتىڭدىن ئايىما. خۇسۇسەن، نىكاھلاپ ئالغان دىيانەتلىك، ئىپپەتلىك خوتۇنۇڭدىن ۋە پەرمانبەردار، مۇلايىم پەرزەنتىڭدىن ھېچنېمەڭنى قىزغانما. چۈنكى، خوتۇنۇڭ ۋە پەرزەنتىڭ سېنىڭ ئىلكىڭدە ئەسىر مەسەللىكتۇر. بېيىت:

> نې ھەلاۋەت بەرگۈسى فەرزەند ئىلە زىندارلىغ،
> تاپماسا سەندىن ئۇلار كۆڭلى دەمىي دىلدارلىغ.

ئەمما، زىيادە باي خوتۇن ئالما. گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق چىرايلىق خوتۇننىمۇ ئالما. ھۆسن - جامالىنىڭ كامىللىقى سە - ۋەبلىك باشقىلارنىڭ مەشۇقەسى بولۇپ قالمىسۇن. ئىمكانىيىتىڭ - نىڭ بارىچە پاك دىنلىق، پاكىز چىراي، ئۆي تۇتۇشقا ئېپى بار، شەرم - ھايالىق، ئىبرىگە كۆيۈمچان، جاۋاب ياندۇرۇشتىن تىلىنى يىغىدىغان، چاققان خوتۇننى ئال. ھەر كىشىنىڭ جۈپتى، يەنى خو - تۇنى ئەلۋەتتە ۋاپادار، يىراقنى ئويلىيالايدىغان بولۇشى كېرەك. ئەمما، جۈپتۈڭ ساڭا ھەرقانچە مېھرىبان، يۈزى تولۇن ئايدەك نۇر - لۇق بولسىمۇ، ئاجىزلىق قىلىپ، جان - دىلىڭنى بىراقلا ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاشلاپ بېرىپ، پەرمانى ئاستىغا چۈشۈپ قالما.



كىشىلەر ئىسكەندەر زۇلقەرنەيندىن: «دارانىڭ قىزى شۇ قە -



دەر گۈزەل ـــ قاشلىرى يادەك، قاپقارا چاچلىرى شۇ قەدەر خۇش پۇراق، خۇش چاقچاق، خۇشخۇي تۇرسا، نېمىشقا ئۇنى نىكاھ رىشتىسىگە چىگىۋالمىدىلا؟» دەپ سورىغاندا، پادىشاھ ئىسكەندەر جاۋاب بېرىپ: «جاھاندىكى بارلىق ئەرلەر ئۈستىدىن غالىب كەلگەن تۇرۇپ، ئەمدىلىكتە بىر خوتۇنغا مەغلۇپ بولسام، بۇ مەن ئۈچۈن نە ئات، نە نومۇس؟!» دېگەنىكەن.

ئەمما، ئۆزۈڭدىن چوڭ ۋە ئۆزۈڭدىن قامەتلىك خوتۇننى ئالما. ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېتىزىدا سېنىڭ مېھىر ـ مۇھەببەت كۆچەتلىرىڭدىن ئۆزگە ھېچ كۆچەت بىخلانمىسۇن، كۆڭۈل قۇشى سەندىن ئۆزگە ھېچبىر ئەرنىڭ تۇزلۇقىدىكى داننى چوقۇپ بېقىش ھەۋىسىدە بولۇپ قالسىمۇ دېسەڭ، ئەلۋەتتە، قىز ئال.

ھازىرجاۋاب، گەپچى تەييار، بىسەرەمجان خوتۇننىڭ سۆھبىتىدىن قاچقىن. ئېيتىپتۇرلاركى: «دىيانەت، پاراسەت، ئامانەتنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىش سۈپەتلەنمىگەن خوتۇندىن ئېرى تېزلا قاچىدۇ.» بۇنداق خوتۇن تاپقان ـ تەرگىنىڭنى يىغىپ ئۆيگە ئېلىپ كەلسەڭ، ئۇ نەرسىلەرنى خەجلىۋېتىپ، سېنى ھېچ نەرسىگە ئىگە بولغىلى قويمايدۇ. ئۇ ئەر، سەن ئۇنىڭ خوتۇنى بولۇپ قالىسەن. دىيانەتلىك، ئەقىدار ئائىلىدىن قىز ئالماق لازىمدۇر. يېشى بەك كىچىك قىزنىمۇ ئالما. خوتۇن ئالماقتىن مەقسەت، ئۇنىڭ بىلەن ئەيش ـ ئىشرەت قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇش، ياخشى بىر ئائىلە بەرپا قىلىش ئۈچۈندۇر. ئەيش ـ ئىشرەتنى مەقسەت قىلساڭ، بازاردىن خالىغان بىر كېنىزەكنى سېتىۋالساڭ، بۇ ئاسان ئىش. جۈپ قىلماقلىققا مۇناسىپ قىزنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۆزى تولۇق بالاغەتكە يەتكەن، ھەممە ئىشلارغا ئەقلى يېتىدۇ، ئاتا ۋە ئانىسىدىن ئۆي تۇتۇش تەدبىرلىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن بولىدۇ. قاچانكى، بۇ سۈپەتلەر بىلەن بېزەلگەن قىز مەۋجۇتلا بولىدىكەن، ئۇنى ئېلىشتا ھەرگىز تەخىر قىلما، سەۋەنلىك سادىر قىلما. ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا كۈنداشلىق، قىزغانچۇقلۇق قىلىپ زەخمەت يەتكۈزمە. چۈنكى، مەزلۇملارغا قارىتا كۈنداشلىق، قىزغانچۇقلۇق قىلىپ، زورلۇق ۋە ئادالەتسىزلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن، خوتۇنلار ئەرلىرىنى كۆپىنچە ھالاك قىلىدۇ ياكى شۇ كۈنداشلىق، قىزغانچۇقلۇق سەۋەبىدىن، خوتۇنلار ئۆزلىرىدىن كەم ۋە ئەرزىمەس، ئاچچىكىم كىشىگە ئۆز تېنىنى پىدا قىلىۋېتىشتىن يانمايدۇ. ئەگەر خوتۇن كىشىگە كۈنداشلىق بىلەن ئىزا، ئاھانەت قىلمىساڭ، ئۇ ساڭا يۈزمىڭ ئاتا ۋە ئانىدىن ئۆتە كۆيۈمچان ۋە مېھرىبان بولىدۇ؛ ئەگەر





كۆنداشلىق قىلساڭ، ئۇ ساڭا يۈز مىڭ دۈشمەندىن ئۆتە جاپاكار بولۇپ كېتىدۇ. يات، ناتونۇش دۈشمەندىن ئېھتىيات قىلماق مۇمكىندۇر، ئەمما ئۆي ئىچىدىكى دۈشمەندىن ئېھتىيات قىلماق تولىمۇ قىيىندۇر.

قاچانكى، قىز ئالساڭ، گەرچە ئۇنىڭغا ھەرقانچە ھېرىسمەن ۋە مايىل بولساڭمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ھەر كېچە چىرماشمىغىن. چۈنكى، ئۇ ساڭا نىسبەتەن «جىمادا ئۆمۈر بويى مۇشۇنداق قۇۋۋەتلىك، كۈچلۈك ۋە ساغلام بولىدىغان ئوخشايدۇ» دېگەن چۈشەنچىگە كېلىپ قالىدۇ، يەنى تۇرمۇش ئۆمۈر بويى مۇشۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئادەتلىنىپ قالىدۇ ـ دە، نەتىجىدە ئەگەر ساڭا بىرەر ئۆزرىلىك ئىش سادىر بولۇپ قالسا، يا سەپەرگە چىقىشقا توغرا كەلسە، سېنىڭ يوقلۇقۇڭدا سېنىڭ بىلەن ئادەت قىلغان ئىشرەت ئارزۇسىدا سەۋر ـ تاقەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

مەزلۇمغا ئىمكان بار ھېچ ئەرنىڭ دىدارىنى كۆرسەتمىگىن. ھەرقانچە زەئىپ، قورقۇنچلۇق ۋە سەت بولسىمۇ، ھېچبىر غۇلامنى مەزلۇملارنىڭ ھۇجرىسىغا مەھرەم قىلما. ھەتتا ئۇ غۇلام قارىيلارنىڭ قارىيسى بولسىمۇ، شەكلى ـ سۈرىتى ناھايىتى بەتبەشىرە، قەددى ـ قامىتى قىرىلىق ۋە زەئىپلىكتىن كامالەك بولۇپ قالغان، پۈتكۈل ئەزاسى گويا دۇ مەسەللىك كۆرۈمسىز بولسىمۇ!



غەيرەت، ئار ـ نومۇسنى قوغداش ۋە ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىشنىڭ شەرتلىرىنى ياخشى ئادا قىل. غەيرەتسىز كىشىنى ئەر سانىما. غەيرىتى بولمىغان ھەرقانداق كىشىدە شەكسىزكى، دىن ۋە مىللەت ئۇقۇمى بولمايدۇ.

ۋاقتىكى، ھەقتائالا پەرزەنت ئاتا قىلسا، ئۇنى ياخشى پەرۋىش قىلغىن!

## يىگىرمە يەتتىنچى باب
## پەرزەنت ۋە ئائىلىنى پەرۋىش قىلىشنىڭ بايانى

ئەي ئەزىز پەرزەنتىم، ئەگەر خۇدايىتائالا ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلسا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا ياخشى ئات قويغىن. پەرزەنتكە ياخشى ئات قويماق پەرزەنتنىڭ ئاتىدىكى ھەقلىرى جۈملىسىدىندۇر.

ئىككىنچى قەدەمدە پەرزەنتىڭنى ئاقىل ۋە مېھرىبان بىر ئېمىكئانىغا تاپشۇرغىن. ئاندىن سۈننەت قىلىدىغان ۋاقتى بولغاندا، تويىنى ئىمكانىيىتىڭنىڭ بارىچە، قۇدرىتىڭنىڭ يېتىشىچە نەغمە ـ ناۋاسى بىلەن تەنتەنىلىك ئادا قىل. ئاندىن كېيىن



«قۇرئان» ئۆگەتكەن. ئاندىن كېيىن ئوق ئېتىش، ئات مىنىش قاتارلىق بارلىق لەشكىرىي ئىشلار ۋە جەڭ ماھارەتلىرىنى ئۆگەتكەن. ھەر قانداق قورال ـ ياراغنى ئۆز ئورنىدا ئىشلىتەلەيدىغان بولۇشى ئۈچۈن، پەرزەنتىڭگە قورال ـ ياراغ ۋە ئۇسكۇنىلەرنى ئىشلىتىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنىڭ يوللىرىنى تەرتىپ ـ قائىدىسى بويىچە ئۆگەت. لەشكىرىي ئىشلار ۋە جەڭ ماھارەتلىرىدىن تولۇق تەلىم ئالغاندىن كېيىن، سۆز ئۆزۈشنى ئۆگەت.

مەن ئون ياشلاردا ئىدىم. ئاتام — ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت ۋە جەننەت ئاتا قىلغاي — نىڭ مەنزەر ئاتلىق بىر ياساۋۇلى بار ئىدى. ئۇ ناھايىتى باھادىر، مەرگەن، قىلىچۋاز ئىدى، پۈتكۈل لەشكىرىي ئىشلاردا، جەڭ ماھارەتلىرىدە تەڭداشسىز كىشى ئىدى. ھەرقانداق باشتۇڭ شاش ئاتنىمۇ كۆندۈرەلەيتتى. ئاتام مېنى ئۇنىڭغا شاگىرتلىققا بەردى. ئۇ ماڭا ئات چاپتۇرۇش، ئوق ئېتىش، نەيزىۋازلىق ۋە كەمەن (سالما) تاشلاش قاتارلىق ماھارەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن تەلىم بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئاتامنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— شاھزادەمگە ئۆزۈم بىلىدىغان ھۈنەرلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۆگەتتىم، — دېدى.

بىر كۈنى ئاتام ئۇۋغا چىقتى. ئۆگەنگەن بارلىق ھۈنەرلىرىمنى نەزىرىدىن ئۆتكۈزدۈم. ئاتام ئۇ ھاجىبقا، يەنى ئۇستازىمغا شاھانە تون ـ سەرپاي كىيدۈرۈپ كاتتا ئىلتىپات كۆرسەتتى. ئاندىن:



— پەرزەنتىم ھۈنەرلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان يەنە بىر ھۈنەرنى ئۆگەنمەي قاپتۇ، — دېدى. ياساۋۇل:

— ئۇ قايسى ھۈنەر؟ — دەپ سورىغانىدى، ئاتام:

— سۆز ئۆزۈش، — دېدى.

بەس، شۇنىڭدىن كېيىن ئاتام كېمىچى ۋە سۆز ئۆزۈش ماھىرلىرىنى چاقىرتىپ، مېنى بىر كېمىچىگە تاپشۇردى. گەرچە مەيلىم، رىغبىتىم بولمىسىمۇ، خۇشياقمىسىمۇ، سۆز ئۆزۈشنى پاتلا ئۆگىنىۋالدىم. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك مەككىگە بېرىپ ھەج تاۋىپىغا مۇشەررەپ بولۇش نىيىتىدە كارۋانغا قوشۇلۇپ شام يولىدا سەپەرگە ئاتلاندىم. مەۋسۇل شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىغا كەلگەندە قاراقچىلارغا ئۇچراپ، كارۋان ئەھلى پۈتكۈل خانىۋانىمىزدىن ئايرىلىپ يالىڭاچ قالدۇق. قاراقچىلار بەك كۆپ بولغاچقا، تەڭ تۇرالماي، مىڭبىر مۇشەققەتتە جېنىمىزنى ساقلاپ قېلىپ، ئامالسىز ۋەيران ۋە سەرسان ھالەتتە مەۋسۇلغا كىردۇق. ئاندىن دەجلە دەرياسىدا كېمىگە ئولتۇرۇپ باغداتقا يەتكەندە،



بەندىسىنىڭ دەردىگە دەرمان بولغۇچى پەرۋەردىگارىمىنىڭ رەھمىتى بىلەن رەنج - مۇشەققەتنى پۇل - مالغا بەدەل ئېيلەپ، تىرىشىپ - تىرمىشىپ، ھەج تاۋاپىنىڭ سائادىتىگە مۇيەسسەر بولدۇق.

بۇنى دېمەكتىن غەرەز شۇكى، بىز دەجلە دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا يېقىنلاشقاندا كېمە جانغا زامىن، خەۋپلىك بىر قاينامغا دۇچ كەلدى. كېمىچى دانا ۋە كېمە ھەيدەشكە ماھىر بولسا، كېمىنى قايىنامدىن ئۇستىلىق بىلە ئۆتكۈزۈپ، كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالالايتتى. مۇبادا كېمىچى ھۈنىرىدە زەررىچە سەۋەنلىك سادىر قىلسا، كېمە غەرق بولاتتى. بىز يىگىرمە بەش كىشى كېمىدە ئولتۇراتتۇق. ئەجەل گىردابىغا يەتتۇق. كېمىچى ئانچە ماھىر ئەمەس ئىكەن. كېمىنى قاچۇرالماي، قاينامغا كىرىپ كەتتى. كېمە غەرق بولغىلى تۇردى. مەن ۋە بەشرەلىك بىر كىشى، مېنىڭ غۇلامىم ئۈچ كىشى سۇ ئۈزۈپ قىرغاققا سالامەت چىقىۋالدۇق. باشقىلار ھەممىسى ھالاك بولدى. شۇ ئىشتىن كېيىن كۆڭلۈمدە رەھمەتلىك دادامغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتىم تېخىمۇ ئاشتى. روھ - ئەرۋاھلىرىغا ئاتاپ تېخىمۇ كۆپ دۇئا، نەزىر، سەدىقە قىلىدىغان بولدۇم. شۇنى چۈشەندىمكى، ئۇ يىراقنى كۆرگۈچى بوۋاي مېنىڭ بېشىمغا مۇشۇنداق مۇشكۈل ئىشنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلگەندەك، ماڭا سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەتكەنىكەن.



پەرزەنتىڭگە ئۆگىتىش لازىم بولغانلىكى پەزىلەت ۋە ھۈنەرنى ئۆگەتكىن، شۇندىلا ئاتىلىق ھەققىنى بەجا كەلتۈرگەن بولىسەن. چۈنكى، بۇ نەيرەڭۋاز پەلەك ۋە كاج تەقدىر - قىسمەتنىڭ تۈرلۈك ھادىسىلىرىدىن خاتىرجەم بولۇش مۇمكىن ئەمەس، ئادەمنىڭ بېشىغا قانداق ھادىسىلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلگىلى بولمايدۇ. ھەرقانداق بىر ئىلىم، ئارتۇقچىلىق ۋە ھۈنەر بىر كۈنى كارغا كەلمەي قالمايدۇ. بەس، تۈرلۈك ئىلىم - ھېكمەت ۋە ھۈنەر - پەزىلەت ئۆگىتىشتە سەۋەنلىك سادىر قىلما. پەرزەنتىڭنىڭ ئۇستازى ئىلىم ۋە ھۈنەر ئۆگىتىش جەريانىدا پەرزەنتىڭنى ئۇرسا، ئاتىلىق مېھرىبانلىقىڭنى دەپ پەرزەنتىڭنىڭ ئۇستازىغا نارازىلىق بىلدۈرمە. گۆدەكلەر ئىلىم ۋە ئەدەپنى مېھىر - شەپقەت بىلەن ئەمەس، بەلكى زەربە ۋە تاياق بىلەن ئۆگىنىدۇ. ئەمما، پەرزەنتىڭ بىئەدەپلىك قىلسا، دەرھال ئاچچىقلىنىپ، ئۇنى ئۆز قولۇڭ بىلەن ئەدەپلەيدىغان ئىشنى قىلما؛ ئۇستازىغا ئېيتىپ، ئەدەپ بەرگۈزۈپ، قورقۇتقىن. چۈنكى، سېنىڭ زەربەڭ ۋە ئازاب - كۆلپىتىڭ



تۇپەيلىدىن پەرزەنتنىڭ كۆڭلىدە كىر ياكى ئۆچمەنلىك ئۇلتۇرۇپ قالمىسۇن! ئەمما پەرزەنتكە ئۆزۈڭنى ھەمىشە ھەيۋەتلىك، يەنى سۇرلۇك كۆرسەت. پەرزەنتىڭ سېنىڭدىن ھېيىقمايدىغان، سېنى تۆۋەن كۆرىدىغان بولۇپ قالمىسۇن، بەلكى سەندىن دائىم قورقىدىغان ۋە ئەيمىنىدىغان بولسۇن.

پەرزەنتىڭ خىراجەت تەلەپ قىلسا، لازىملىق خىراجەتتىن قىسمى، پۇل ــ پۇچەك، ئالتۇن ــ كۆمۈشۈڭنى ئايىما. پەرزەنتىڭ ئالتۇن ــ كۆمۈش، خىراجەت ئۈچۈن سېنىڭ ئۆلۈمىڭنى تىلەپ يۈرمىسۇن. بالىغا ئاتىدىن قالىدىغان مىراسلارنىڭ ئەڭ ئوبدىنى ئىلىم ۋە ئەدەپ ئۆگەتمەكلىكتۇر. شۇڭا، ئاتا ــ بالىلىق مېھرىگە باقما، پەرزەنتىڭ ئەقىل ــ ئىدراك جەھەتتە ھەرقانچە يېتىلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىلىم ۋە ئەدەپ، پەزىلەت ۋە ھۈنەر ئۆگىتىشتە سەۋەنلىك سادىر قىلما. ئەگەر سەن ئۇنىڭغا ئىلىم ۋە ئەدەپ ئۆگەتمىسەڭ، زامانىنىڭ زەربىسى دۇشكەللەپ ئۇنىڭغا ئەدەپ ئۆگىتىدۇ. شۇنداق ئېيتىلغانكى: «ھەرقانداق بىر كىشىگە ئاتىسى ۋە ئانىسى ئەدەپ ئۆگەتمىسە، ئۇنىڭغا زامانىنىڭ تونى ۋە كۈنى، يەنى راھىتى ۋە مۇشەققىتى ئۆگىتىدۇ». شۇڭا، سەن ئاۋۋال ئاتىلىق شەرتىنى بەجا كەلتۈرگىنكى، پەرزەنتىڭمۇ تەقدىر ــ قىسمەتتە پۇتۇلگىنىنى بويىچە ئىرىكچىلىك قىلغاي!



ھەرقانداق كىشى يوقلۇق مەيدانىدىن ۋۇجۇد ئايۋىنىغا ئەزەلدە تەيىن بولغان تەقدىر ــ قىسمىتى، سۈرىتى ۋە خۇي ــ پەيلى بىلەن بىللە بارلىققا كېلىدۇ. لېكىن، شۇ خۇي ــ پەيلىنىڭ گۆھىرىنى ئىلىم سۆزمەنلىرى پىكىر ئالمىسى بىلەن تېشىپ بېزەك بېرىلمىسە، غا تىزىپ، سۈرەت كېلىنىنىڭ قۇلىقىغا ئېسىشقا ئاجىزدۇر. چۈنكى، پەرزەنت كۈندىن ــ كۈنگە چوڭ بولۇپ كامالىغا يەتكەندە، شۇ پەرزەنتنىڭ بەختلىك ياكى بەختسىزلىكى پېشانىسىدىن ئايان بولۇشقا باشلايدۇ. شۇنداقتىمۇ، پەرزەنتىڭنى يەنىلا ئىلىم ۋە ئەدەپ، پەزىلەت ۋە ھۈنەر سەرمايىسىنى مىراس قالدۇرۇش بىلەن ئەزىز قىل. شۇندىلا ئاتىلىق ھەققىنى بەجا كەلتۈرگەن بولىسەن.

كاتتىلار ۋە ئۇلۇغلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئىلىم ۋە ھۈنەردىن ياخشىراق بېزەك ۋە زىننەت، ئاۋامنىڭ پەرزەنتلىرىگە ھۈنەر ــ كەسىپتىن ياخشىراق ئاسايىش ۋە راھەت بولمىسا كېرەك. ۋاھالەنكى، «ھۈنەر ۋە كەسىپ دۆلەتمەن ۋە ئۇلۇغلارنىڭ خاراكتېرىگە، ئۇرنىغا ماس كەلمەيدۇ» دېگەن قاراش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس. مېنىڭ نەزىرىمدە ھۈنەرلەرنىڭ ئەڭ ئوبدىنى ــ كەسىپ ئۆگىنىشتۇر. شۇڭا، كاتتىلار ۋە ئۇلۇغلارنىڭ پەرزەنتلىرى دەماللىققا

كەسىپ بىلەن شۇغۇللانمىسىمۇ، يۈز تۈرلۈك كەسىپ - ھۈنەر ئۆگىنىپ، ئۆگەنگەن ھۈنەرلىرىنى كۆڭلىدە ساقلاپ قويسا، ئۇ ھۈنەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھامان كارغا كېلىدۇ.

ھېكايەت: گۇشتاسپ ئىززەت ۋە ھۆرمەت ئەۋجىدىن پەسلەنگەندىن كېيىن خارلىق ۋە ھاجەتمەنلىك بولۇڭىدا ئورۇنلىشىپ قالدى.



ئۇنىڭ قىسسەسى بەكلا ئۇزۇن بولغاچقا، بۇ يەردە پەقەت مەقسىتىمىزنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئالاقىدار مەزمۇنىنىلا بايان ۋە يېزىق رىشتىسىگە تىزدۇق:

قىسقىسى، گۇشتاسپ رۇم ۋىلايىتىگە بېرىپ قۇستەنتەنىيەدە تۇرۇپ قالدى. قولىدا دۇنيالىق بىساتىدىن ھېچ نەرسىسى يوق ئىدى. كىشىلەردىن بىر نەرسە تىلەپ يېمەكنى نومۇس بىلدى. كىچىك ۋاقتىدا ئاتىسىنىڭ ئۆيىدە تۆمۈرچىلەر كۆپ ئىش قىلاتتى. كۈتۈلمىگەندە، ئۇنىڭ كۆڭلىگە تۆمۈرچىلىك ھۈنىرى يېقىپ قېلىپ، كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈۋالغانىدى. تىرىكچىلىك قىلىشقا ھېچ تەدبىر تاپالماي، تۆمۈرچىلىك دۇكىنىغا بېرىپ، بۇ ھۈنەردىن ئازغىنا خەۋىرى بارلىقىنى بىلدۈردى. تۆمۈرچىلەر ئۇنى ئىمكارلىققا ئالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ رۇمدىكى چېغىدا تۆمۈرچىلىك كەسپى بىلەن پۇل تېپىپ پاراغەت ئىچىدە كۈن كەچۈردى. باشقىلارغا موھتاج بولمىدى. كېيىن ئۆز ۋەتىنىگە كېلىپ، كىشىلەرگە: «ھېچبىر دۆلەتمەن پەرزەنتىگە ھۈنەر ئۆگىتىشتىن توختاپ قالمىسۇن، چۈنكى ئۆگەنگەن ھۈنەرلىرى بىر كۈنلەردە كارغا كەلگۈسىدۇر» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئېھتىياجى بولمىسىمۇ، ھۈنەر ئۆگىنىش ئەجەمدە قائىدە بولۇپ قالدى. ھۈنەرسىز ھېچ ئەمىر پەرزەنتى قالمىدى.



قاچانكى، پەرزەنتىڭ بالاغەتكە يېتىپ، ئۆي - ئوچاقلىق بولۇشنىڭ سالاھىيىتىنى ھازىرلىغان بولسا، دەرھال ئۆيلىمەكنىڭ تەدبىرىنى قىلغىن؛ ۋاقتىدا تويىنى قىلىپ، پەرزەنتىڭنىڭ ھەققىنى گەدىنىڭدىن ساقىت قىل. ئەمما، ئوغلۇڭ بولسا، ئۇنىڭغا ئۆز ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭدىن قىز ئېلىپ بەرمە؛ قىزىڭ بولسا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭغا نىكاھ قىلىپ چېتىپ قويما. چۈنكى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭ گويا ئۆز بەدىنىڭدىكى گۆش بىلەن قانغا ئوخشاشتۇر. شۇڭا، پەرزەنتلىرىڭنىڭ نىكاھىنى ياتلار بىلەن قىل. ياتلارنى تۇغقان قىلىۋالغان بولسەڭ، كۈچۈڭگە كۈچ قوشۇلىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپتىن يار - يۆلەككە ئېرىشەلەيسەن. ئەگەر پەرزەنتىڭنىڭ ئۆي - ئوچاقلىق بولۇشقا رىغبىتى بولمىسا ياكى

ئۆي تۇتۇشقا سالاھىيىتى توشمىسا، تەدبىرسىز، غەيرەتسىز ۋە ناقا-
بىل بولسا، ئۇنىڭغا خوتۇن ئېلىپ بېرىمەن دەپ، باشقىلارنىڭ قى-
زىنى بىھۇدە بالاغا تىقما. ھەر ئىككىسى بىر ئۆيدە مەنىسىزلىك تو-
پەيلى قىينالمىسۇن. بەس، ئۇنداق ناقابىل پەرزەنتىڭنى ئىختىيا-
رىغا قويۇپ بەر. ئۇسۇپ چوڭ بولغۇچە كۆڭلى خالىغىنىنى قىل-
سۇن. ئەگەر خۇدايىتائالا قىز پەرزەنت ئاتا قىلسا، ئۇنى كۆيۈمچان
ۋە مېھرىبان ئېمىكئانىغا تاپشۇرۇپ ياخشى تەربىيەلە. چوڭ بول-
غاندا مەكتەپكە بەر. ناماز، روزا، ھەج، زاكات ۋە غۇسلى تاھارەت،
ئومۇمەن، شەرىئەتنىڭ بارلىق ئەھكام - نىزاملىرىنى ئۆگەنگەي.
لېكىن، كاتىپلىق ۋە نامە پۈتمەكلىكنى ئۆگەتمىگىنكى، زور
ئاپەتتۇر. قاچانكى، بالاغەتكە يەتكەندە تەدبىرىنى قىلىپ، پاتىراق
ئەرگە بەر. «قىز بالا ئەرنىڭ ئۆيىدە مەرغۇپ ۋە ياكى گۆردە بولغىنى
خوپ، يەنى «قىز بالا ئەردە ياخشى، بولمىسا گۆردە». شۇڭا، قىزنىڭ
ئۆيۈلۈشىدىلا بولىدىكەن، ئۇنىڭغا رەھىم - شەپقەت قىلغىن. قىز ئاتا
ۋە ئانا ئىلكىدە ئەسىر مەسەللىكتۇر. ئوغۇل بالا ئاتا ۋە ئانىسى
بولمىسىمۇ، ھەر تەرەپكە بېرىشقا قادىردۇر. ئەمما، قىز بالا ھەر
جەھەتتىن ئاجىز ۋە بىچارىدۇر، ھېچ يەرگە بارالمايدۇ ھەم بارغودەك
قۇدرىتىمۇ يوق. قىسقىسى، پۇل - مېلىڭدىن قول ئىلكىڭدە قاز-
چىلىك بولسا، بارىنى قىزىڭنىڭ كېتەرلىك زىبۇ - زىننەت، يې-
پىنچا، سېلىنچا، جاھاز ۋە بېزەكلىرىگە سەرپ قىل. كۆپ قې-
تىرقىنىپ، ياخشى بىر كۈيۈگە بېرىپ، ئۇنىڭ غېمىدىن ئازاد
بول.

قىز بالىنى ئىمكان بار ئۆيلەنمىگەن يىگىتكە ياتلىق قىلغان
تۈزۈك. شۇنداقتا ھەر ئىككى «ياش كۆچەت» بىر - بىرىگە پاك
كۆڭۈللىرىنى بېرىشىپ، پاتلا ئېچەركىشىپ قالىدۇ.

ھېكايەت: ئاڭلىشىمچە، ھەزرىتى ئۆمەر — تەڭرى ئۇنىڭدىن
رازى بولغاي — نىڭ خەلىپىلىكى زامانىدا يەزىد جەردەنىڭ قىزى
شەھرىبانۇنى ئەجەمدىن ئەرەبكە ئەسىر قىلىپ ئېكېلىشكەنىدى.
مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئۆمەر — تەڭرى ئۇنىڭدىن رازى بولغاي —
ئۇنى سېتىۋېتىشكە ھۆكۈم قىلدى. بۇ چاغدا مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى
ھەزرىتى ئەلى — تەڭرى ئۇنىڭ سەۋەبىدىن ياخشىلىق قىلغاي —
ھەزرىتى رەسۇل — تەڭرى ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالاملار ئەۋەتكەي —
نىڭ ھەدىسلىرىدىن: «پادىشاھلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى سېتىشقا بول-
مايدۇ» دېگەن ھەدىسنى نەقىل قىلدى. ۋاقتىكى، بۇ شەرەپلىك
ھەدىسنىڭ ھارارىتى بىلەن شەھرىبانۇنى سېتىش توغرىسىدىكى
ھۆكۈم مەنئىي قىلىندى. ئەمما، مەسلىھەتلىشىپ ئۇنى كۈيۈگە


بولب غایت سعادت وزه لیکین تا انکلا قیامت کوزی اول نور دیده محبوب خدای
تعالی و کنیزکی درگاه یعنی فاطمه زهرا نینک جمال جهان آرالاریدین برخوردار بولوب
وقت شرم ساریغ دین قوتقارسن آندین امیر المؤمنین امام حسین رضی الله
عنه اوتیلار شهربانو ایدی بو یکید و ر سلمان رضی الله عنه ایدی نبیره سی
عالم و گوهر گوش واره عرش اعظم لطیف ذات لاری حسن و شریف [illegible]
اور شهربانو نهایت حسن ملاحت بی نظیر و خلق لطافت لاری دلپذیر
ایکان آما کوب علاج اختیار قیلماق بیله بیچاره کونکل لاری افکار قیلماق [illegible]
ناگاه اول نور دیده [illegible] یوزی بدری اون توررت کیچه کی تولون
ای دیک تابان و کوزلاری آی دو دیدا سعادت کوکب لاری دیک درخشان
و ایکی قاشلاری کمان صاحب قران و مژگان لاری سنان جان ستان
و آتشین گل رخسار [illegible] کیسو لاری گویا سنبل ریحان لب شیرین [illegible]
[illegible] لاری گویا لعل [illegible] غلطان [illegible] قد قامت لاری [illegible] سرو روان
و طرز خرام لاری گویا کبک خرامان کریب کلدی لار [illegible] شهربانو نینک


جانی قمری اول سرو آزاد هواسیدا جسمی منظره دین فرواز قیلغای و عالم حیران
بولوب بو صفت لیک خونریز و عشوه انگیز کیمدور دیب سوراب ائتکلاب اختیار
و بیقرار مینینک کیوم شولار بولغای کیم بکر قیز مینینک جفتی هم بکر یکیت بولماقی مناسب
راقم [illegible] ناتوان جانی شاه نوجوان [illegible] اسیری بولدی اما [illegible]
یکیت نی داماد قیلیغیل توقلوق کشیکا قیز برماکیل کیم بدرنگ کیو [illegible]
باغلاماس پس کیو پاک دین و پاک جبین کد خدا بولغای یعنی اهل عیالیغه مهربان
و غمخوار و احوالیدین خبردار بولغای و کیو او غلونینک سندین کم مقدار
بولغای و اول سنکا فخر قیلغای [illegible] انکا و قیز نینک هم عزت
و حرمت بر لا آسایش قیلیب عمر او تکارگای و کیو او غول غه طوی قیلسینلا
قالین کوب سالیب و طوی دین کین هم اینک دین [illegible] قیز فروش بولمایل
کیم قیز نینک کیوسی نینک الکدین [illegible] آبروی بولغای مال [illegible] نقدینی کیو او غلونینک
مقدار برل کرم قیلیب و قیز نینک کیوسی بر لا مهر و محبت رشته سی بر لا محکم و مستحکم
ایلاب [illegible] قیز [illegible] آزاد قیلیغیل و احباب لاریغه او شبو



بەرمەكنى قارار قىلىپ، ئۇنى سەلمان پارسىينىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغۇزدى ۋە ياتلىق قىلماقچى بولۇشقانلىرىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈشتى. ئۇ ئېيتتىكى:

— مېنى نىكاھىغا ئالىدىغان كىيۈنى كۆرمەي تۇرۇپ، مەن ھېچكىمگە ياتلىق بولمايمەن. مېنى بىر دالدا جايغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئەرەب غوجىلىرىنى نەزىرىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزۈڭلار، كۆڭلۈم كىمنى خالىسا، شۇ مېنىڭ جۈپتۈم بولسۇن.

ئۇنى سەلمان پارسىي — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — ھويلىسىدا پەردە ئىچىدە ئولتۇرغۇزۇپ، ئادالەتنى مەقسەت، سائادەتنى نىشان قىلغان مۆمىنلەر ئەمىرى ئۆمەر ۋە باتۇر، ئالىيجاناب، شىجائەت ئىگىسى، ئەۋلىيا سۈپەت مۆمىنلەر ئەمىرى ئەلى — ئاللا ئۇلاردىن رازى بولغاي — باشلىق سائادەت بۇرجىنىڭ تامام چولپان يۇلتۇزلىرى ۋە ئۇلۇغلۇق كانىنىڭ بىباھا گۆھەرلىرى پەردە ئىچىدىكى ئۇ خۇشنەزەرنىڭ ئالدىدىن ئۆمىد بىلەن بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. سەلمان — تەڭرى ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — پەردە يېنىدا تۇرۇپ ھەر بىرىنىڭ نام - ئەمەللىرى، پەزىلىتى، ھال - ئەھۋالى قاتارلىقلارنى بىر - بىر بايان قىلىپ، ئۇ ئىختىيار ئىگىسىگە تونۇشتۇراتتى. مەلىكە بولسا ھەر بىرىگە لايىقىدا ئۆزرە ئېيتاتتى. مۆمىنلەر ئەمىرى ئۆمەر — تەڭرى ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — نەزىرىدىن ئۆتكەندە شەھربانۇ سورىدى:



— بۇ كىم؟

سەلمان — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — تونۇشتۇردى:

— مۆمىنلەر ئەمىرى ئۆمەر — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — دۇر، مەرد ۋە ئۇلۇغ كىشىدۇر.

شەھربانۇ ئېيتتى:

— ھەقىقەتەن ئۇلۇغ كىشى ئىكەن، ئەپسۇس، چىرايىدىن قەھرلىق نۇرى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

ئاندىن مۆمىنلەر ئەمىرى ئەلى — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — ئۆتتى.

شەھربانۇ سورىدى:

— بۇ كىم؟

— مۆمىنلەر ئەمىرى ئەلى مۇرتەزا. مۇھەممەد — تەڭرى



ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالاملار ئەۋەتكەي — نىڭ تاغىسىنىڭ پەرزەنتىمدۇر.

— نەسلى - نەسەبى ناھايىتى ئۇلۇغ ۋە كاتتا كىشى ئىكەن، — دېدى شەھەربانۇ، — ئۇ كىشىنىڭ خىزمەتلىرىگە مۇيەسسەر بولۇش مەن ئۈچۈن غايەت سائادەتتۇر، لېكىن ئاڭلا قىيامەت كۈنى خۇدايىتائالانىڭ دوستى، كۆزىنىڭ نۇرى ۋە دەرگاھىنىڭ كېنىزدكى، يەنى فاتىمە - زوھرانىڭ جاھانغا گوزەللىك ئاتا قىلغۇچى جامالىدىن بەھرىمەن بولىدىغان ۋاقىتتا ئۇياتقا قېلىشىمدىن قورقىمەن.

ئاندىن مۆمىنلەر ئەمىرى ئىمام ھەسەن — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — ئۆتتى.

شەھەربانۇ سورىدى:

— بۇ كىم؟

سەلمان — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — ئېيتتى:

— ئالەمنىڭ غوجىسى، نەسلى - نەسەبى ھەممىدىن ئۇلۇغ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نەۋرىسىدۇر. ئۆزى يېقىملىق زات، مۇبارەك نامى ھەسەندۇر.

— گۈزەللىكتە تەڭداشسىز، خۇلق - مىجەزى تولىمۇ مۇلايىم، يېقىشلىق كىشى ئىكەن، ئەپسۇس، كۆپ نىكاھنى ئىختىيار قىلغانلىقى، يەنى كۆپ نىكاھلىق بولغانلىقى تۈپەيلى، بىچارە كۈنداشلارنى زىدە قىلغۇدەك.



ئاندىن يۈزى ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك نۇرلۇق، كۆزلىرى ئاي ئەتراپىدىكى ئىقبال يۇلتۇزىدەك پارلاق، قاشلىرى كەرىچى تارتىلغان كاماندەك، كىرپىكلىرى جانغا قادالغان نەيزىدەك، قىزىلگۈلدەك ئېچىلىپ تۇرغان رۇخسارىغا خويمۇ ياراشقان قاپقارا خۇشبۇي چاچلىرى گويا سۇنبۇلدەك، لېۋى شېرىن، چىشلىرى گوياكى دەندان، قەددى - قامىتى بەئەينى سەرۋى راۋان، كۆزلىرى خىرامان، يۈرۈشلىرى خۇددى كېيىكتەك يىگىت، يەنى ئەلىي شاھىمەردانىنىڭ كۆز نۇرى (ئىمام ھۈسەين) كىرىپ كەلدىلەر. بىر كۆرۈش بىلەن شەھەربانۇنىڭ جان قۇشى بۇ سەرۋى ئازادىنىڭ ھەۋەسىدە جىسمى قەپىسىدىن چىقىپ پەرۋاز قىلدى. مەپتۇنلۇق ئىلكىدە ھەيران بولۇپ:

— بۇ سۈپەتلىك جان ئالغۇچى ۋە ئىشق قوزغىغۇچى كىمدۇر؟ — دەپ سوراپ، تەرىپ ۋە تەۋسىپىنى بىلگەندىن كېيىن تەقەززا بولۇپ، ئىختىيارسىز، — مېنىڭ كۆيۈيۈم مۇشۇ بولسۇن، كۆزى ئېچىلمىغان قىزغا جۈپ بولماققا كۆزى ئېچىلمىغان يىگىت مۇناسىپتۇر، — دەپ ناتۇۋان جېنىنى تاپشۇرۇپ، بۇ گىتلەر شا-



ھىنىڭ يېڭى ئەسىرى بولدى.

قىزىڭنى ياتلىق قىلماقچى بولساڭ، خۇشچىراي يىگىتنى كۈيئوغۇل قىل. تەرى سۇرۇن كىشىگە قىز بەرمىگىنكى، قىز بالا بەترەڭ كۈيئوگە ئاسانلىقچە كۆڭۈل باغلىمايدۇ. بەس، كۈيئوغۇل پاكىدىن، پاكىز چىراي، ئۆي تۇتۇشنىڭ يولىنى بىلىدىغان، يەنى ئەھلى ئايالىغا مېھرىبان، غەمخور ۋە ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالالايدىغان بولسۇن. ئەمما، كۈيئوغلۇڭنىڭ ئورنى سەندىن تۆۋەنرەك بولغىنى ياخشى. شۇنداقتا سەن كۈيئوغلۇڭدىن ئەمەس، بەلكى كۈيئوغلۇڭ سەندىن پەخىرلىنىدىغان بولىدۇ. قىزىڭمۇ ئىززەت ۋە ھۆرمەت بىلەن ئاسايىشلىق ئىچىدە ئۆمۈر ئۆتكۈزىدۇ. سەمىگدە بولغايكى، قىزىڭنىڭ كۈيئوغلۇڭ ئالدىدا ئابرويى بولسۇن دېسەڭ، توي ئىشىدا تويلۇقنى كۆپ سېلىپ، تويدىن كېيىنمۇ كۈيئوغلۇڭدىن بىر نەرسە تەلەپ قىلىپ، قىزپۇرۇش بولما. چۈنكى، كۈيئوغلۇڭغا قانچىلىك نەرسەڭ كەتسىمۇ ئېھسان ۋە ئىنئام قىلىپ، ئايىما ۋە شۇ ئارقىلىق قىزىڭ بىلەن كۈيئوسىنىڭ مېھىر - مۇھەببەت رىشتىسىنى بىر - بىرىگە تېخىمۇ چىڭ ۋە مۇستەھكەم باغلاپ، ئۆزۈڭنى قىز ساقلاشنىڭ غەم - ئەندىشىلىرىدىن ئازاد قىلغىن. دوستلىرىڭغىمۇ بۇ ئۇگۇت ۋە نەسىھەتلەرنى ئېيت، ئۇلارمۇ ئۇشبۇ تەرىقىدە ئىش تۇتقاي!



## يىگىرمە سەككىزىنچى باب
## كىشىنى دوست تۇتۇشنىڭ بايانى

بىلگىن، ئەي پەرزەنتىم، جىگىرىم، ئەزىز يۈرەك پارەم، ئادەم ناۋادا ھاياتلا بولىدىكەن، دوستسىز ئۆمۈر ئۆتكۈزمىكى مۇشكۇلدۇر. شۇڭا، ھامان بىراۋنى دوست تۇتىدۇ. كىشىنىڭ قېرىنداشسىز بولغىنىدىن دوستسىز بولغىنى ياماندۇر. بۇ توغرىدا بىر ھەكىم يەنە بىر ھەكىمدىن: «دوست ياخشىمۇ ياكى قېرىنداشمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ھەكىم: «قېرىنداش ياخشىدۇر، ئەلۋەتتە ئۇ ساڭا دوست بولسا» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن.

بەس، دوستلار ئارا ياخشى مۇئامىلىدە بول. ئۇلارغا ھەدىيە ئەۋەتمەك، ئادەمگەرچىلىك قىلماق بىلەن ھۆرمىتىڭنى بىلدۈر. كىمكى دوستلۇقنىڭ ھەققى ۋە ھۆرمىتىگە رىئايە قىلمىسا، دوستلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئىزدىمىسە، دائىم دوستسىز يالغۇز قالغۇسىدۇر. شۇڭا، دوست تۇتماقنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىل. چۈنكى، دوست - يارىڭ كۆپ بولۇشى سەۋەبلىك، بىراۋنىڭ نۇرغۇن



ئەيىبلىرى يېپىلىپ، ھېسابسىز ھۇنەرلىرى ئاشكارا بولغۇسىدۇر. لېكىن، يېڭى دوست تۇتسالىڭ، كونا دوستلاردىن يۈز ئۆرۈمە. «ياخشى دوست زور بايلىق» دېگەن گەپ بار. ھەمىشە دوستۇڭنى كۆپەيتىشنىڭ كويىدا بول. ئەمما، سەن بىلەن كۆرۈنۈشتە دوستتەك يۈرۈپ، ئەمەلىيەتتە يېرىم دوستلۇق قىلىدىغان كىشىلەردىن ئېھتىيات قىل ھەم ئۇنداقلارغا سىرلىرىڭنى ئېيتقۇچى بولما. بىراق، مەيلى ياخشى بولسۇن ياكى يامان بولسۇن، ئۇلار بىلەن چىقىشىپ ئۆت. ئۇلارغا مېھرىبان ۋە سەمىمىي مۇئامىلىدە بول. سەندىن ئىزچىل ياخشىلىق كۆرسە، شۇ يېرىم دوستلارمۇ ۋاقتى كەلگەندە جان ـ دىلى بىلەن دوستلۇقنى يەتكۈزىدۇ.

بەزىلەر پادىشاھ ئىسكەندەردىن: «شۇنچىلىك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇ قاتارلىق كۆپ پادىشاھلىقنى قانداق خىسلەت بىلەن قولۇڭغا كىرگۈزەلىدىڭ؟» دەپ سورىغاندا، ئىسكەندەر: «مۇلايىملىق ۋە مەرھەمەت بىلەن دۈشمەنلىرىمنى قولغا كەلتۈردۈم، دوستلۇق ئەھدى ۋە خوش مۇئامىلە بىلەن دوستۇمنى كۆپەيتتىم. بۇ ئەللەرنى شۇلارنىڭ ياردىمىدە قولۇمغا چۈشۈردۈم» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن.

كېزى كەلگەندە، دوستۇڭنىڭ دوستىنىمۇ دوست بىل، چۈنكى دوستۇڭنىڭ دوستى ھەم دوست جۈملىسىدىندۇر. ئەمما، دۈشمىنىڭنى دوست تۇتقان دوستۇڭدىن پەرھىز قىل ھەم ئۇنىڭدىن قورق. ئۇنداق دوستنىڭ ساڭا بولغان مۇھەببىتىدىن دۈشمىنىڭگە بولغان دوستلۇقى زىيادە بولۇشى، ھەتتا دۈشمىنىڭنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، ساڭا يامانلىق قىلماقتىن باش تارتماسلىقىمۇ مۇمكىن.



يەنە دوستۇڭنى دۈشمەن تۇتىدىغان، يەنى دوستۇڭنى دۈشمەن قاتارىدا كۆرىدىغان دوستتىنىمۇ پەرھىز قىل. سەندىن باھانە ـ سەۋەبسىز ئاغرىنىپلا يۈرىدىغان دوستتىنىمۇ دوستلۇق تەمە قىلما. جاھاندا ھېچكىمنى ئەيىبى يوق دەپ گۇمان قىلما. ئەمما، ئىمكان بار ھۈنەرۋەن، ئوقۇمۇشلۇق كىشى بىلەن دوست بول، ھۈنەرۋەن، ئوقۇمۇشلۇق كىشى كەم ئەيىب بولىدۇ، يەنى ھۈنەرۋەن، ئوقۇمۇشلۇق كىشىنىڭ ئەيىبى ئازراق بولىدۇ؛ ھۈنەرسىز كىشى بىلەن دوست بولما، چۈنكى ھۈنەرسىز دوستتىن ياخشىلىق يەتمەيدۇ. شۇڭا، ھۈنەرسىز بارلىق دوستۇڭنى خىزمەتكار دەپ بىل، دوست قاتارىدا ھېساب قىلما. چۈنكى ئۇلار سېنىڭ كاساڭغا، يەنى پۇل ـ مال، ئاش ـ نېنىڭغا دوست، ئۆزۈڭگە دوست ئەمەس.

نۆۋىتىدە ياخشى ـ يامان دېمەي ھەركىم بىلەن دوست بول، ياخشىلارغا دىلىڭ بىلەن، يامانلارغا تىلىڭ بىلەن دوست

لۇق كۆرسەت. ھەر ئىككى گۇرۇھ بىلەن دوستلۇق ھاسىل بولسۇن. چۈنكى، ئادەمنىڭ ئېھتىياجى ھەمە-شە ياخشىلارغىلا چۈشۈۋەرمەيدۇ. بەزى ۋاقىتتا زۆرۈرىيەت تۈپەيلى يامانلارغا موھتاج بولۇپ قېلىشىڭمۇ مۇمكىن. شۇڭا، ھەر ئىككى تەرەپ بىلەن دوست بولۇپ ئۆتىمەن دېسەڭ، ياخشىلىق يولىنى ئوبدان ئاسرا. ئەمما، نادان بىلەن ھەرگىز دوست بولمىغىن، چۈنكى نادان دوست زېرەك دۈشمەندىن يامانراقتۇر. يۈز ئاقىل دۈشمەن بىر بولۇپ يەتكۈزەلمىگەن ئىزانى نادان دوستۇڭ پەرۋاسىزلا ئېيتقان بىر ئېغىز سۆز بىلەن يەتكۈزەلىشى مۇمكىن.

ئىمكان بار ھۈنەرۋەن، دىيانەتلىك كىشى بىلەن دوستلۇق ئورنات، سەنمۇ ئۇلارغا ئوخشاش تەقۋادارلىق ۋە دىيانەتلىك [بولۇش شەرىپىگە ئېرىشىسەن. ھەرقاچان يامان ئادەملەر بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغاندىن كۆرە، تەنھالىقنى ئەلاراق بىلگىن. نەزم:

ئەي كۆڭۈل، قاچقىل بايابانلاردا ۋەھشىيلەر كەبى،
تۇتماغىل ئۇلفەت يامانلار بىرلە ياخشىلار كەبى.
تۇتقۇچە ئۇلفەت يامانلار بىرلە تەنھالىقدا بول،
لەئل كانى ئىچرە قىينالغان بەدەخشىيلەر كەبى.

مالامەتكە قالماي دېسەڭ، دوستلارنىڭ ھەققىنى زايە قىلما. بىلىشىمچە، مۇنداق ئىككى تائىپە مالامەتكە دۇچاردۇر: بىرى، دوستلارنىڭ ھەققىنى زايە قىلغۇچى؛ يەنە بىرى، ياخشىلىقنى بىلمىگۈچى.

بىلگىنكى، دوستلۇققا يارايدىغان كىشى مۇنداق ئىككى ئىش بىلەن تونۇلىدۇ: بىرى شۇكى، ھەرقانچە تەڭقىسلىقتا قالسىمۇ، بارىنى ئايىمايدۇ؛ ئىككىنچىسى شۇكى، ئەگەر دوستلىرىدىن بىرى ئالەمدىن ئۆتسە، بالىۋاقىسىنى سوراپ، ئىزدەپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەردار بولۇپ، شەپقەت ۋە مەرھەمەت كۆرسىتىدۇ. ھەر دائىم دوستىنى زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ. قەبرە ۋە مەنزىل جايىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلايدۇ. ئەمما، سەمىڭدە بولسۇنكى، دوستلىرىڭ بىلەن دوستلۇقنى ئوتتۇراھال قىلغىن؛ مەلۇم مەقسەت، تەمە بىلەن كۆڭۈل باغلىما، لېكىن ئۆزۈڭنى ھەممىدىن دوستراق تۇتقىن. ئالدى - ئارقاڭغا قاراپ ئىش كۆر. دوستلىرىڭغا بەكلا ئىشىنىپ كېتىش تۈپەيلى غاپىللىق سادىر بولۇپ قالمىسۇن. چۈنكى، مىڭ دوستۇڭ بولسىمۇ، ساڭا ئۆزۈڭدىن يېقىنراق يەنە بىرى يوقتۇر.



قوروق

دوستۇڭنى تەڭلىكتە قالغان، قىيىنچىلىققا يولۇققان مەزگىلدە سىنا. مەئىشەتنىڭ پاراۋان، يەنى باي - باياشات چاغلىرىڭدا ھەممە ئادەم ساڭا دوستلۇق بىلدۈرىدۇ.

دوستلىرىڭدىن كۆڭلۈڭ ئاغرىغان ۋاقىتلاردىمۇ ئىلگىرىكىدەكلا خۇش مۇئامىلىدە بول، ئەمما ئالدىراپ سىرلىرىڭنى ئېيتقۇچى بولما. چۈنكى، كۆڭۈلەرنىڭ بىرىدە



زیاده

ئاراڭلاردا نىزا ـ ئاداۋەت پەيدا بولۇپ قالسا، دوستلۇق دۈشمەنلىككە ئايلىنىدۇ ـ دە، ئېيتقان مەخپىيەتلىك ساڭا زىيان ئېلىپ كېلىدۇ، كېيىن پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ پايدىسى بولمايدۇ.

ئەگەر يوقسۇل، كەمبەغەل بولساڭ، بايلار بىلەن دوست بولىمەن دەپ ئاۋارە بولما. چۈنكى كەمبەغەللەرنى ھېچكىشى دوست تۇتمايدۇ. شۇڭا، ئۆزۈڭ بىلەن باراۋەر، تەڭ دەرىجىدىكى كىشىنى دوست تۇت ھەم دوست بول. ئەمما، سەن باي بولساڭ، نەسىھەتىم شۇكى، كەمبەغەللەردىنمۇ دوست تۇت. كەمبەغەللەرنى دوست تۇتۇش ناھايىتىمۇ ئۇلۇغ سائادەتتۇر.

دوستلىرىڭ ھەققىدە كۆڭلۈڭنى ھەرقاچان دۇرۇس تۇت، ئىشلىرىڭنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولىدۇ. ئەگەر دوستۇڭ ھەققىدە سەندىن ھېچ گۇناھ، سەۋەنلىك ئۆتمەي تۇرۇپمۇ، دوستۇڭ سەندىن كۆڭلى ئۈزسە، ئۇزرە ئېيتىشقا ئالدىراپ كەتمە. چۈنكى، ئۇنداق كىشى دوستلۇققا لايىق ئەمەستۇر.

تەمەخور دوستىڭنىمۇ يىراق بولغىن، چۈنكى ئۇنداق ئادەم سەن بىلەن پەقەت بىرەر نەرسىنىڭ تەمەسىدىلا دوست بولىدۇ. يەنە ھەسەتخور كىشىلەر بىلەنمۇ دوست بولما، چۈنكى ئۇنداق ئادەملەرنىڭ كۆڭلىدىن ھەسەت زەھىرىنى چىقىرىپ بولغىلى بولماس. ھەسەتخور كىشىلەر ھەمىشە باشقىلارغا ئازار يەتكۈزۈش، ئاداۋەت تۇتۇشنىڭ قەستىدىلا يۈرىدۇ. سېنىڭ دوستلۇق قىلغىنىڭ ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسىر قىلمايدۇ.



قیلا آلما غایسین

يۇقىرىدا دوست تۇتماقنىڭ مىزانلىرىنى بايان قىلدىم. ئەمدى دۈشمەن ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلاي.

## يىگىرمە توققۇزىنچى باب
## دۈشمەندىن ئېھتىيات قىلىشنىڭ بايانى

ئەي يۈرەك پارەم، ئوغلۇم، ھېچ كىشىنى ئۆزۈڭگە دۈشمەن قىلىۋالماسلىققا تىرىش. ئەگەر بىراۋ ساڭا دۈشمەن بولسا، قورقمىغىن ۋە قايغۇرمىغىن. گەرچە سەن دۈشمەنلىك قىلمىساڭمۇ، باشقا بىرى دۈشمەنلىك ئارزۇسىدا بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، دۈشمەننىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشلىرىدىن ھەر ۋاقىت غاپىل بولما ۋە ئۇنىڭ يامانلىقلىرىغا قارىتا سۈكۈت قىلما؛ دۈشمەنلىرىڭنىڭ ھالىتىگە، مىكىر ۋە ھىيلىلىرىگە پەرۋاسىز قارىما، دۈشمىنىڭنىڭ ھال ـ ئەھۋالى ۋە تەدبىرىدىن خەۋەرسىز قالما، شۇندىلا بالاغا قالمايسەن.



كەمبەغەل بولسائمۇ، ئۆزۈڭنى دۈشمىنىڭگە ئۇلۇغ ۋە باي كۆرسەت. ھىممەتلىك ھەم جۇرئەتلىك بول. دۈشمىنىڭنىڭ دۈشمەنلىك ئىشەنچى كۈچىيىۋالمىسۇن دېسەڭ، ئۆزۈڭنى دۈشمىنىڭگە ھەرگىزمۇ تۆۋەن ۋە ئاجىز كۆرسەتكۈچى بولما. دۈشمىنىڭ دۈشمەنلىك مۇددىئاسىنى] ① تولۇق ئاشكارا قىلمىغۇچە، ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەشمە. دۈشمىنىڭنىڭ يېقىملىق قىلىقى ۋە تاتلىق گەپ - سۆزلىرىگە ئالدانما، دۈشمەنىڭ خۇشاللاندۇرغۇچى تانابىغا كۆڭۈل يۇسۇپىنى باغلاپ بالا – قازا قۇدۇقىغا گىرىپتار قىلما. ئەگەر دۈشمىنىڭدىن شېكەرگە ئىگە بولساڭ، زەھەر دەپ بىلگىن. بېيىت:

نەۋا گەر نەۋايى چەك ئاۋەك بولۇر،
چۇ دۈشمەن چېكۇر نىش ناۋەك بولۇر.

(دۈشمىنىڭدىن بولبۇلنىڭ ناۋاسىدەك ناۋا يەتسە، ئۇنى كۆڭۈلنى جاراھەتلەندۈرگۈچى زەھەرلىك يا ئوقى دەپ بىل).

كۈچلۈك دۈشمەندىن قورقۇش كېرەك. ئېيتىپتۇرلاركى، ئىككى كىشىدىن ھەزەر ئەيلىمەك ۋاجىپتۇر: بىرسى، كۈچلۈك ۋە مەككار دۈشمەن؛ يەنە بىرسى، ۋاپاسىز يار.

ئاشكارا دۈشمەن بىلەن ئاشكارا رىقابەتتە بول، لېكىن ئۇنى ئاجىز ۋە بوش چاغلىما؛ ئاجىز دۈشمەنگىمۇ كۈچلۈك دۈشمەنگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلىدە بول، ئۇنى زىنھار ئاجىز سانىما.

ھېكايەت: خۇراسان ۋىلايىتىدە بىر دانا كىشى بار ئىدى. ئۇ دۆلەتمەنلىكى ۋە ياخشى نام – شەرەپكە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئۇنى مۇھەززىب (ئۇستاز) دەپ ئاتايتتى. بىر كۈنى ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ قوغۇن شاپىقىغا دەسسىۋېلىپ تېيىلىپ يىقىلدى. ئۇ دەرھال خەنجىرىنى چىقىرىپ شاپاقنى كېسىپ پارە – پارە قىلىۋەتتى. يېنىدىكىلەر ئۇنىڭغا:

— ئەي ئاقىل سەركەردە، سىزنىڭدەك ئۇلۇغلۇقتا تەڭداشسىز ۋە شۇنچە زېرەك بىر زات بىر پارچە شاپاقتا تىغ ئۇرۇپ، بۇنداق ئاچچىق قىلساڭ، ئۇيات ۋە نومۇس ئەمەسمۇ؟ — دېيىشتى.

مۇھەززىب جاۋاب بېرىپ دېدىكى:

— بۇ قوغۇن شاپىقى مېنى يىقىتىۋەتتى، شۇڭا ئۇ مېنىڭ دۈشمىنىمدۇر. دۈشمەننى ئاجىز كۆرمەك ياخشى ئەمەس. ئەگەر ھەرقانچە ئاجىز بولغاندىمۇ، كىمكى دۈشمەننى ئاجىز كۆرۈپ مەنسىتمەيدىكەن، پات پۇرسەتتە ئۆزى خار بولغۇسىدۇر.

بەس، دۈشمىنىڭ سېنى يوقىتىشنىڭ تەدبىرىنى قىلماستىن بۇرۇن، سەن دۈشمىنىڭنى ھالاك قىلماقنىڭ تەدبىرىنى قىل. ئەگەر بىراۋغا دۈشمەنلىك قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلسەڭ، ئۇنى يوق قىل. دۈشمىنىڭنى خەلققە ھەرگىزمۇ ئاجىز، بىچارە ھالىتىدە كۆرسەتمە. ئاجىز دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىنىڭنى باشقىلارغا كۆرسەتمە.

① 22 – بەت سەككىزىنچى قۇر تىرناققا ئېلىنغان جايدىن مۇشۇ يەرگىچە بولغان مەزمۇننىڭ قول يازمىسى يوقالغان، بۇ مەزمۇنلار «سىيەدنامە» ناملىق ئەسەرنىڭ قول يازما نۇسخىسىدىن تولۇقلاندى ۋە تىرناق ئىچىگە ئېلىندى.


هم بیله برونه شهریک تمامیلیق اول ایلیکن قصور بولغای همیشه
خوجنک نینک آلدیده سرخ روی بولغای سن و دوست و دشمن نی
کریم بولغیل کشی گناه قیلسه قاتیغ غضب قیلماغیل و کشی نی زیاده تقسیم
سوزینی انکلاب کونکل ضعیفه سیغه بیتماکیل کیم بیدین خواهیدت
خوالیغان کنا صادر بولسه اکا امر و عقوبت قیلماقته کونکل
کرم طریقینی سا... غیل مهر قایداغ کنا اوجون کیشی نی کا جزاد عقوبت
برله کلفت قیلماغیل تا مزتیلد امدح قیلغای سن
بیلکیل ای عزیز کیم ...
سوز سرودی و تم لیک کوزوم یزیک نوری اگر کشی گنا قیلسه اوزلاتیک
برله عذرینی قیلیب گناهینی کوجور کیل که اول بنی آدم دوریاشلاب
آدم علیه السلام دین گنا وجودغه کلدیکه بیزهینک اتامیز ایردی
اول کون یوزیدن بولوب دوکونکلوم فردی ازمان ... کونکلی
سردی برآدفه کنه کوروب بولقان ین قاجمه من آدم با شن کنه فی آدم تردی

كۆرمىدىڭمۇ؟ كاتتا پادىشاھلار ئاجىز دۈشمەننىڭ كىچىك قورغىنىنى ئالسىمۇ، ئۇلارنىڭ كاتىپ، مىرزىلىرى غەلىبە توغرىسىدا نامە پۈتكەندە، ئالدى بىلەن شۇ مەغلۇپ دۈشمەننى بولۇشىغا مۇبالىغە قىلىپ: زامانىنىڭ تەڭداشسىز باتۇرى، دەۋرىنىڭ كۈچتۈڭگۈرى، ھۆركىرەپ تۇرغان ئەركەك شىر، دەم تارتقۇچى ھەيۋەتلىك ئەجدىھا دېگەندەك ناملار بىلەن سۈپەتلەيدۇ؛ ئازغىنا لەشكىرىنى بولسا «ھېسابسىز» دەپ تەرىپلەيدۇ؛ پىيادە ۋە ئاتلىق قوشۇننى بولسا جەڭگاھتىكى ئوق ـ سولدىن ھۇجۇم قىلىشقا ماھىر ئەزىمەتلەر... دەپ كۆككە ئۇچۇرىدۇ. ئاندىن كېيىن: ئۇشبۇ سۈپەتلىك كۈچلۈك دۈشمەننى پالانى بەگ بىرىپ بىرلا ھۇجۇم بىلەن ئارقىسىغا چېكىندۈردى... دەپ يېزىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، مىرزا، كاتىپلارنىڭ ئاجىز رەقىبىنى كۆككە كۆتۈرۈپ «كۈچلۈك» قىلىپ تەسۋىرلىشى پادىشاھنىڭ ئۆز زېمىنىدىكى كۈچ ـ قۇدرىتىنى، لەشكىرىنىڭ شىجائىتى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى تېخىمۇ نامايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ھېكايەت: رەي شەھىرىدە تولىمۇ گۈزەل بىر ئايال پادىشاھ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى سەييىدە ئىدى. ئۇ شاھ ئەۋلادى بولۇپ، ئىپپەتلىك، پاك ئايال ئىدى. ئۇ ئانامنىڭ ھامىسىنىڭ قىزى، پادىشاھ فەخرۇد ـ دەۋلەنىڭ ئايالى ئىدى. فەخرۇد ـ دەۋلە ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ مەجىد ـ دەۋلە ئاتلىق كىچىك بىر ئوغلى قالغانىدى. گەرچە پادىشاھلىق مەجىد ـ دەۋلەنىڭ نامىدا بولسىمۇ، لېكىن ئانىسى سەييىدە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى.

ۋاقتىكى، مەجىد ـ دەۋلە ئۆسۈپ كامالىغا يەتتى. لېكىن، ئۇ ناقابىل، پادىشاھلىق تونىنى كىيىشكە نالايىق ئىدى. خوتۇنلاردەك ھەمىشە كېنىزەكلەر بىلەن خىلۋەتخانىدا ئولتۇراتتى. ئانىسى سەييىدە رەي، قەھىستان ۋە ئىسفاھاندا ئوتتۇز توققۇز يىل پادىشاھلىق ئېتىنى چاپتۇردى.

يۈرەك پارەم، كۆزۈمنىڭ نۇرى، ئەزىز پەرزەنتىم، بۇ ھېكايىنى بايان قىلىشتىن مەقسىتىم شۇكى، بۇۋاڭ سۇلتان مەھمۇد ــ ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي ــ رەي پادىشاھى سەييىدەگە: «خۇتبىنى مېنىڭ نامىمغا ئوقۇت، باج خىراجىنى ماڭا تاپشۇر، بولمىسا مەن رەيگە بېرىپ تۇپراقىنى كۆككە سورۇيمەن» دەپ تەھدىت ۋە سىياسەت بىلەن ئەلچى ئەۋەتتى. ۋاقتىكى، ئەلچى رەيگە يېتىپ كېلىپ سەييىدەنىڭ قېشىغا كىرىپ سۇلتان مەھمۇدنىڭ سۆزىنى تامام بايان قىلدى. سەييىدە ئەلچىنىڭ ئېيتقانلىرىغا جاۋابەن دېدىكى: «سۇلتان مەھمۇدقا ئېيتقىن، مېنىڭ ئېرىم فەخرۇد ـ دەۋلە ھايات ۋاقتىدا كۆڭلۈمدە ‹مۇبادا سۇلتان مەھمۇد رەي شەھىرىنى ئىشغال قىلىشقا قەستىدە بولسا، قانداق قىلارمىز؟› دەپ كۆپ ئەندىشە قىلاتتىم. ۋاھالەنكى، ئەمدىلىكتە ئۇ ئالەمدىن ئۆتۈپ ئىش ماڭا قالغاندا، مەزكۇر ئەندىشىلەر كۆڭلۈمدىن پۈتۈنلەي ئۆچتى. چۈنكى، خىيالىمدا ‹مەھمۇد ئاقىل ۋە ھوشياردۇر. بۇنىڭدىن كېيىن مەندەك بىر ئاجىز خوتۇن كىشى بىلەن جەڭ قىلماق ئۇنىڭدەك دانا ۋە مەرد پادىشاھقا مۇناسىپ كەلمەيدۇ› دەپ ئويلىغانىدىم. ناۋادا ئەمدى كەلگۈدەك بولسا، خۇدايىتائالا گۇۋاھ بولغايكى، مەن ئۇنىڭدىن قاچمايمەن. جەڭگە ھازىرلىنىپ تۇردۇم. ئەھۋال ئىككى ئىشتىن تاشقىرى بولمايدۇ: شەكسىزكى، بۇ ئىككى چېرىكنىڭ بىرسى مەغلۇپ بولىدۇ. ئەگەر سېنىڭ لەشكىرىڭ مەغلۇپ بولسا، ھەممە ئالەمگە ‹يۈز مىڭ پادىشاھنى بىر ـ بىرلەپ

مەغلۇپ قىلغان، ئەركەكلەرنىڭ ئەركىكى بولغان پادىشاھنى لەشكىرى بىلەن قوشۇپ مەغلۇپ قىلدىم، دەپ نامە ئەۋەتىمەن. ئەگەر مېنىڭ لەشكىرىم نابۇت بولسا، «بىر مەزلۇمنىڭ لەشكىرى ئۈستىدىن غالىب كەلدىم» دېسە، بۇ پەخىرلەنگۈدەك بولمايدۇ.»

ئەلچى ئېلىپ كەلگەن بۇ سۆزنىڭ سەۋەبىدىن پادىشاھ سەيىيدەنىڭ ھايات ۋاقتىدا سۇلتان مەھمۇد رەيىنى ئىگىللىۋېلىش قەستىدىمۇ بولمىدى، لەشكەرمۇ ئەۋەتمىدى.

شۇ سەۋەبتىن ئېيتىلغانكى: دۈشمەننى ئەيىبلىمە ۋە دۈشمىنىڭگە ئاھانەت قىلما، ئەمما ھەرقانداق ئەھۋالدا دۈشمىنىڭدىن خاتىرجەم بولما. خۇسۇسەن، ئۆيدىكى دۈشمەندىن پەرھىز قىلماق ۋاجىپتۇر. يات دۈشمەن سېنىڭ ئىچكى دۇنيايىڭنى بىلىشكە ھەمىشە ئاجىزدۇر. ئەمما، ئۆيۈڭدىكى دۈشمەننىڭ يامان نىيىتىدىن ساقلانماق ئاسان ئەمەستۇر. چۈنكى، تاشقىرىدىكى دۈشمەن ئىچكىرىدىكى ئەھۋالنى بىلمەيدۇ.

ھېچ دۈشمەنگە دوستلۇق كۆرسەتمىگىن. ئەگەر كۆرسەتمەكچى بولساڭ، كۆرۈنۈشتە دوستلۇق كۆرسەت. كۆرۈنۈشتە قىلغان دوستلۇق ھەقىقىي دوستلۇققا ئايلىنىپ قالسا، ئەجەب ئەمەس. بەزىدە دوستلۇقتىن دۈشمەنلىك پەيدا بولۇشى مۇمكىن. ئومۇمەن، دوستلىرىڭنىڭ كۆپ، دۈشمەنلىرىڭنىڭ ئاز بولۇشى ئۈچۈن تىرىش. ئەمما، مىڭ دوستۇڭدىن رازى بولساڭمۇ، بىر دۈشمەندىن غاپىل بولما. چۈنكى، مىڭ دوستۇڭ ساڭا بولغان دوستلۇقىدىن غاپىل بولسىمۇ، بىر دۈشمەن ساڭا بولغان دۈشمەنلىك ئاداۋىتىدىن بىردەممۇ غاپىل بولمايدۇ. ئۆزۈڭدىن كۈچلۈكرەك دۈشمەنگە دۈشمەنلىك قىلما. ئۆزۈڭدىن ئاجىزراق دۈشمەننى بوش قويۇۋەتمە، ئۇنىڭغا بىردەممۇ ئارامچىلىق بەرمە. ئەگەر دۈشمەن موھتاج بولۇپ، سەندىن ئامانلىق تىلىسە، دۈشمەن بولسىمۇ [ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگىن. دۈشمەننىڭ ساڭا موھتاج بولۇپ، ئالدىڭغا كەلگىنىنى قالتىس غەنىيمەت بىل. دۈشمەننىڭ گاھى قورقۇپ قاچقىنى، گاھى ئامانلىق تىلەپ ئالدىڭغا كەلگىنى ئۆلۈپ ـ تىرىلگىنىگە باراۋەردۇر.

ئەگەر دۈشمەن قولۇڭدا ھالاك بولسا، سۆيۈنگىن. ناۋادا ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن بولسا، خۇشال بولۇپ كەتمە. ئۆزۈڭ ئۆلمەيدىغان بولساڭ، بۇ باشقا گەپ!

ھۆكۈمالار: «ھەر كىشى دۈشمىنىدىن بىر نەپەس ئارتۇق ئۆمۈر كۆرسە، شۇ ئۆمرىنى غەنىيمەت بىلگەي!» دېگەن بولسا، كەمىنە ئېيتىمدۇكى:

بەدخاھىدىن ئەر ئۆلۈم چىقاردى ئېسە دۇد،
ئۆلتۈرگۈزۈپ شۇئىلە كەبى ئاسما ۋۇجۇد.
ھەم مەرگ سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭ ئەتكەي نابۇد،
ئۆلمەكلىكىدىن كىشىگە كۈلمەك نې سۇد؟

ھېكايەت: ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئالەم كېزىپ ھەممە جاھان خەلقىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ۋەتىنىگە يانماق قەستىدە يۈرۈپ دامغانغا (دامغان شەھىرىگە) يېتىپ كەلگەندە، تۇساتتىن ئەجەل ئوۋچىسى دام ـ تۇزاقلىرىنى بەتلەپ، جان قۇشىنى شىكار قىلماققا ھازىرلاندى. ۋاقتىكى، جان قۇشى تەن قەپىسىدىن بۇسۇپ چىقىپ پەرۋاز قىلماققا تەمشەلدى. بۇ ھالدا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ۋەسىيەت قىلىپ دېدىكى:

«مېنى تاۋۇتقا سالغاندا، تاۋۇتنى تېشىپ، قولۇمنى شۇ تۆشۈكتىن چىقىرىپ،][1] ئىككى ئالىقىنىمنى

① بۇ بەتنىڭ 17 ـ قۇرىدىكى تىرناقتا ئېلىنغان جايدىن مۇشۇ يەرگىچە بولغان مەزمۇننىڭ قول يازمىسى يوقالغان، «سىددىقنامە»گە ئاساسەن تولۇقلاندى.

ئېچىپ قويۇشلار ھەم شۇنداق دەپنە قىلىنغانلار. يەر يۈزىدىكى تامام دېڭىز ۋە زېمىننى ئىشغال قىلىپ، ھېسابسىز خەزىنە ۋە دەپنە يىغقان مەندەك بىر شاھەنشەمۇ ئاقىۋەتتە تۇپراقتا قورۇق قول كۆمۈلىدىغانـ لىقىنى خالايىق كۆرسۇن!

يەنە ئانامغا ۋەسىيىتىم شۇكى، مېنىڭ ئۆلۈمىم ئۈچۈن ھازا تۇتماقچى بولسا، ھېچبىر ئەزىز ۋە مېھرىبان تۇغقىنى ئۆلمىگەن كىشى بىلەن بىللە تۇتسۇن، ۋەسسالام!»

ئەي ئەزىز پەرزەنتىم، مېنىڭ ئايىغىمغا سالغان ئەركىلىكىڭ ۋە ھاجەتمەنلىكىڭنىڭ بىساتىنى يىـ غىۋالغىن. چۈنكى، ئارغامچا ئۆز چېكىدە، ئەندىزىسى ئېچىدە ئىشلىسە، بىرىگە بىرى قوشۇلۇپ مەھكەم بولىدۇ. ئەگەر ھەددىدىن زىيادە ئىشلىسە، ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ.

بەس، ھەر ئىشنى ئۆز ئۆلچىمى ئىچىدە ساقلىغىن. خاھى مۇھەببەتتە، خاھى ئاداۋەتتە بولسۇن، ئوتـ تۇراھال ئۆلچەمدە بولۇش ئەقىل جۈملىسىدىندۇر.

پېقىرلارغا، يەنى كەمبەغەللەرگە كەمتەر ۋە مۇلايىم مۇئامىلە قىل. گەدەنكەشلەرگە گەدەنكەشلىك قىل، يەنى گەدەنكەشلەرگە بوزەك بولما. ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلغاندا ئەرلەرگە خاس سۈپەتنى ياخشى ساقلا. ئاچچىقىڭ كەلگەن ۋاقىتتا ئېغىر ـ بېسىقلىقنى، سەۋرنى ئۆزۈڭگە زۆرۈر دەپ بىلگىن ۋە ئۆز قەدرىڭنى ئوبدان تونۇ. ھەر كىشى ئۆزىنىڭ قەدرىنى بىلمىسە، ئادىمىيلىكىگە نۇقسان يېتىدۇ. مەيلى دوست، مەيلى دۈشمەن بولسۇن، سىيلىق سۆزلە. چىڭ سۆزلەش جادۇگەرلىكنىڭ ئىككىنچى مەرتىۋىسىدۇر. يەنى، كىشىـ لەر بىلەن پاراڭلاشقاندا، كىشىلەردىن شۇ كىشىگە ئېيتقان سۆزۈڭنىڭ ئاچچىق ۋە تاتلىقلىقىغا بېقىپ جاۋاب كۈت. كىشىدىن ئاڭلاشقا ئۆزۈڭ تاقەت قىلالمايدىغان سۆزنى كىشى يوق جايدىمۇ دېمە. كىشىلەرگە يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ دېگىلى بولمايدىغان سۆزنى كىشى يوق جايدىمۇ دېمە. خالىمىغان كىشىنى ياخشىلىققا دالالەت قىلىـ مەن دەپ زورلىما. ئۆزۈڭ ئەمەل قىلمىغان ئىشنى قىلدىم، دەپ بىھۇدە لاپ ئۇرما. شېئىر:

جانا، بۇ كۆڭۈل مېھرىڭغە بولمىش مەمنۇن،
غەم تاغىنى ھەجرىڭدە قىلىپمەن ھامۇن.
دەم ئۇرماغۇمەن بۇكۇن بۇ ئىش قىلدىم دەپ،
تاڭلا كۆرۈلۈپ پەسەند ئولۇر ئىش مەۋزۇن.

گەپتىن كۆرە، ئىشنى جىقراق قىلغىن.

تىل تىغىدىن يۈرىكىم مەجرۇھ بولمىسۇن دېسەڭ، باشقىلارغا زىيانلىق سۆزلەرنى قىلما. ئىككى يۈزلۈك بولمىغىن، ئىككى يۈزلۈك كىشىدىن يىراق تۇر.

يەتتە باشلىق ئەجدىھادىن قورقما، گەپ توشۇغۇچى كىشىدىن قورق. چۈنكى، ئۇنىڭ بىر سائەتتە يىرتقىنىنى بىر يىل تىكىپ پۈتكۈزگىلى بولمايدۇ.

ھەرقانچە ئابرۇيلۇق بولساڭمۇ، ئۆزۈڭدىن چوڭلار بىلەن جېدەللەشمە. ھۆكۇمالار ئېيتقانىدەك، مۇنداق ئون خىسلەتنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىلساڭ، بالادىن قۇتۇلىسەن:

بىرىنچى، ئۆزۈڭدىن چوڭ كىشى بىلەن جېدەللەشمە؛

ئىككىنچى، مۇلازىم بىلەن سۆز تالاشما ۋە ئۇلار بىلەن ئويناشما؛

ئۈچىنچى، ھەسەتخورلار بىلەن ئۈلپەت بولما؛

تۆتىنچى، بېخىللار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولما؛

بەشىنچى، نادانلار بىلەن مۇنازىرىلەشمە؛

ئالتىنچى، ساختىپەز، ئالدامچى ۋە تونۇتامى يوق كىشىلەر بىلەن دوست بولما؛
يەتتىنچى، يالغانچى بىلەن مۇئامىلە قىلما؛
سەككىزىنچى، قىزغانچۇق، جېدەلخور كىشى بىلەن ئارىلاشما؛
توققۇزىنچى، ئولتۇرۇش ــ قوپۇشتا خوتۇنلار بىلەن كۆپ بىللە بولما؛
ئونىنچى، ئىززەت ــ ئابرۇيىمنى بەربات قىلماي دېسەڭ، سىرىڭنى كىشىگە ئېيتما.

ئەگەر بىراۋ بىرەر ئىللىتىڭنى ئەيىبلىگەن بولسا، تىرىشىپ ــ تىرمىشىپ شۇ ئىللەتنى ئۆزۈڭدىن يىراق قىل. كىشىگە ھەر كۈنى مېھمان بولمىغىن، كۆرگەنلىكى كىشىنى ھەددىدىن ئارتۇق ماختىمىغىن؛ ناۋادا ئەيىبلەيدىغان ئىش بولۇپ قالسا، ئەيىبلىيەلمەيسەن؛ بىرىگە تولا تەنبىھ بېرىپمۇ كەتمە، ماختاش توغرا كەلگەندە تەڭلىكتە قالسەن.

بىراۋنىڭ ئىشى سېنىڭ ياردىمىڭسىز پۈتمەيدىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئاچچىقلاپ، غەزەپلىنىپ قورقۇتمىغىن، چۈنكى ساڭا ئېھتىياجى بولمىسا، سېنىڭ غەزىپىڭدىن ھېچكىم قورقمايدۇ. ئەمما، ساڭا ھەمدەمدە بولۇۋاتقان بىرىنىڭ مەلۇم بىر ئىشى سېنىڭ ياردىمىڭ ئارقىلىق پۈتىدىغان بولسا، شۇ ياردىمىڭ تۈپەيلى ئۇ كىشىنى خارلاپ كىبىر كۆرسەتمە؛ يوغانچىلىق قىلىپ، ھەسەتخور كىشىنىڭ ھەستىنى قوزغىما ھەمدە باشقىلارغا تېگىشلىك ئاچچىقنى ئۇنىڭغا قىلما، ئەگەر گۇناھ قىلسا، گۇناھىدىن ئۆت. قول ئاستىڭدىكىلەرنىڭ گۇناھى گۇناھى بولمىسىمۇ، باھانە ئىزدەپ ئۇلارغا جاپا قىلما. ئۆز خىزمەتكارلىرىڭنى يېمەك ـ ئىچمەكتىن قىسما. چۈنكى، ئۇلار سېنىڭ ئەسۋاب ئامبىرىڭدۇر. ئەگەر ئۆي جابدۇقى كەمكوتىسىز بولسا، بارچە ئىش زىيادە روناق تاپىدۇ.

ئىشىم نۇقساندىن خالىي بولسۇن دېسەڭ، پەرمانبەردار خىزمەتكار ئال. خىزمەتتە سەۋەنلىك كۆرۈلمىسۇن دېسەڭ، بىر كىشىلىك ئىشنى ئىككى كىشىگە بۇيرۇما. شۇنداق ئېيتىلغانكى: «بىر قازان ئاشنى ئىككى كىشى پىشۇرسا، لەززىتى بولماس؛ بىر ئۆيدە ئىككى ئاغىچا بولسا، ئۆي سۈپۈرۈلمەس». بېيىت:

ئۆيدە بولسا ئەگەر ئىككى بانۇ،
توپا كۆرگۈڭ ھەمىشە تازا نۇ.

ئەگەر كىشىگە پەرمانبەردار بولساڭ، ئۆزۈڭ قىلىدىغان ئىشقا باشقا بىرىنى شېرىك قىلما، شۇندىلا ئۇ ئىش قۇسۇرسىز پۈتىدۇ.

غوجايىنىڭنىڭ ئالدىدا ھەمىشە ئوچۇق چىراي بول. دوست ۋە دۈشمەنگە كەرەملىك بولغىن. كىشى گۇناھ قىلسا، قاتتىق غەزەپ قىلمىغىن. كىشىنىڭ ھەر قىسما سۆزلىرىنى ئاڭلىساڭ، ئۇنى شۇ پېتى كۆڭۈل سەھىپىسىگە پۈتۈۋالما، يەنى كىشىلەرنىڭ غەيۋەت ــ شىكايەتلىرىگە قۇلاق سالما، ئاڭلىساڭمۇ كۆڭلۈڭدە ساقلىما. كىشىدىن خاھى راست، خاھى يالغان گۇناھ سادىر بولسۇن، ئۇنىڭغا ئۇقۇبەت قىلماققا قىلچە كۆڭۈل باغلىما، بەلكى كەرەم قىلىش يولىنى ساقلا. ھەرقانداق گۇناھ ئۈچۈن كىشىنى جازاغا، ئازاب ــ ئۇقۇبەت ۋە كۈلپەتكە دۇچار قىلما. شۇندىلا كىشىلەرنىڭ مەدھىيەسىگە ئېرىشەلەيسەن.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن ئابلىمىت ئەھەت شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا،
ئىلھام ئابدۇللا پوسكام ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدە)

موللا نىزامىددىن ئاخۇنۇم

# «ھېكمەتى نىزامىددىن»*

نەشرگە تەييارلىغۇچى: روزىمۇھەممەد مۇتەللىپ

39

ياخشى ئىشدا بولسا ئەردى ھەر قاچان ئىھساسى مەن،
بولماغاي كۆڭلۈم ئىچىدە غەيرىدىن ئىنجاسى مەن.
مالۇ زەر دەستىمدە بولسا مەن مۇرۇۋۋەت ئەيلەسەم،
سەرف قىلماقدا بۇ يولغا بولماسا ئىخساسى مەن.
خالىسان قىلسام ئىبادەت قىلماسام ئۇجبۇ رىيا،
كۆڭلۈم ئىچرە بولماسا ھەر ۋەقتدە ۋەسۋاسى مەن.
ۋەسۋەسە قىلسا ئەگەر ياخشى ئەمەلدە نەفسى بەد،
دائىما لاھەۋل ئوقۇپ دەفئ ئولسىدى خەنناسى مەن.
ئەيلەسەم تۇرلۇك رىيازەت شەرئىنىڭ ھۆكمى بىلەن،
كى ئەمەلدە لۇتفى ھەقدىن بولسىدى ئاھراسى مەن.
ئەھلى دىلنىڭ سۆھبەتىدە ئىلمۇ ھىكمەت ئاڭلابان،
ئارىفى كامىل بۇ يولدا بولسىدى ئىخباسى مەن.
تاشلابان زەربەفت تونلارنى بۇ يولدا كەي كۆلاھ،
ئارۇ نەنگنى يوق قىلۇردى زىلللەتى ئەتلاسى مەن.
بۇ جەھاندىن ئۆزلەت ئەيلەپ گۆنجىدە بولسام مۇقىم،
كى زەمانە بىلمەس ئەردى قانچەدۇر ئىفلاسى مەن.
ئەي نىزامىي، خار بولمام بۇ جەھانىنىڭ ئالدىدا،
زاھىرەن غەيرەت قىلىپ ھالىم قىلاي ئىلباسى مەن.

40

قىلغان ئەمەلدە بولسا ئىدى ئىھتىياتى مەن،

* بىشى ئالدىنقى ساندا.

ئەھلى ھەۋاغە بولماس ئىدى ئىختىلاتى مەن.
بارسام يامانلار سۇھبەتىغە تەنگى دىل بولۇپ،
بولسا ئەزىزلەر سۇھبەتى ئىچرە نەشاتى مەن.
سالىكلارىكى بولسا خۇدا يولىدا مۇقىم،
بولسا بۇلارنىڭ مەجلىسىغە ئىرتىباتى مەن.
غەيبەت ـ شىكايەت ئەيلەسە دىل بولغۇسى سىياھ،
زىكرى خۇدادىن بولسا ئىدى ئىنبىساتى مەن.
كىرسەم تەرىقەت يولىغا دامەنى پىر تۇتۇپ،
ئەھكامى شەرئ بولسا ئىدى ئىنزىباتى مەن.
قىلسا خىلافى شەرئىنى بۇ نەفس ئارزۇ،
بەرمەي مۇرادىدىن باشىغا تەگسە سىياتى مەن.
ئابىدلارى قاتارىدا قىلسام ئەمەل زىياد،
تەقۋا بىلەن ھەمىشە بولۇردى سىيەراتى مەن.
بولسا قولۇمدا سىمۇ زەر سەرف ئەيلەبان،
بىۋە يەتىمغە بولسا ئىدى ھەردەم سىماتى مەن.
بىلگىل، نىزامىي، ئارزۇ قىلۇر دائىما مۇنى،
كى خانىقاھۇ مەدرەسە بولسا رەباتى مەن.

41

ئالىملارىدىن بولسا ئىدى ئىتتىئازى مەن،
ھىكمەت سۆزىدىن بولغاي ئىدى ئىھتىفازى مەن.
بولسام بۇ يولدا سۈننەتى ئەھمەدنى ئۇشلابان،
قىلغان ئەمەلدە بولسا ھەمىشە لەھازى مەن.
رەنجۇ مۇشەققەت كەلسە ئاڭا سەبر ئەيلەبان،
شۇكر ئەيلەبانكى بولماس ئاڭا ئىيازى مەن.
خۇشخۇ بولۇبان ئەھلى جەھانغا ھالىم بولۇپ،
ئەخلاقى بەددىن بولماس ئەردى غىلازى مەن.
سۇھبەت قىلىبان ئەھلى ۋەفاغا ئەدەب بىلەن،
خىزمەتلەرىدە بولسا ئەدەب ئىنھىفازى مەن.
غەيبەت ـ شىكايەت قىلسام ئەردى مۇدام ئۇمر،
بولسا ئىدىكى زىكرى خۇدادىن ھۇففازى مەن.
سالسام، نىزامىي، ياخشى كەلاملارغا مەن قۇلاق،
ۋەئزۇ نەسىھەت ئۇلغاي ئىدى ئىتتىئازى مەن.

42

ئاقىلان ئەيلەركى خوشخۇ ئارزۇ، ئەھلى دىلغا ھەر زەمان ھۇ ئارزۇ.

ئاشىقان ئەيلەر ھەمىشە ئاھۇ ۋا،
ھەر سەھەردە پەيزى ياھۇ ئارزۇ.
گەر بەناگاھ دىلغا تۇشسە نارى ئىشق،
ھەر زەمان ئەيلەركى گۇلرۇ ئارزۇ.
بۇيى ئىشقدىن ھەر كىشى ئالسا خەبەر،
بوستاندىن ئاڭا گۇلبۇ ئارزۇ.
رەھمەتى ھەقدىن ئەگەر بولسا ئاتا،
پەزلى ھەقدىن بولسا تۇتۇ ئارزۇ.
زاكىران ئەيلەر سەھەردە زىكرى ھەق،
دىلغا ھەردەم شەۋقى ھۇھۇ ئارزۇ.
بۇ نىزامىغە ئەگەر بولسا نەسىب،
جانۇ دىلدىن زىكرى ھۇھۇ ئارزۇ.

43

كىشى قىلماغايكى بەلا ئارزۇ،
قىلۇرمۇ كىشى ئىبتىلا ئارزۇ.
كىمى سادىق ئۇلسا بولۇر راستگۇ،
دىلىدە بولۇرلار ئالا ئارزۇ.
ئەگەر ئۇلسا سەھرانىشىن ھەر كىشى،
ئاڭا قويۇ ئاتۇ كەلا ئارزۇ.
كىرىپ خىلۋەت ئىچرە كىشى تاپسا فەيز،
كى ھەرگىز قىلۇرمۇ دالا ئارزۇ.
تەكەببۇر بىلەن قىلسا كىبرۇ ھەۋا،
ھەمىشە مەقامى ئۇلا ئارزۇ.
مۇلايىم سىفەت بولسا بولغاي ئەزىز،
غەرىبغە كەلامى ھەلا ئارزۇ.
نىزامىي قەلەندەر بولۇپ ھەر زەمان،
قىلۇر جەندە بىرلە كۇلاھ ئارزۇ.

44

نىيەت خالىس بىلەن تائەت، بىلىڭ، مۇھدات بولماسمۇ؟
بۇ يولدا چەكسە كۆپ مىھنەت ئاڭا ھالات بولماسمۇ؟
شىكايەتدىن تۇتۇپ تىلنى، ھەۋادىن ساقلاسا ئۆزنى،
مۇسەففا قىلسا ئول دىلنى، كۆڭۈل مىرئات بولماسمۇ؟
غەنىمەت بىلسە ھەر فۇرسەت، رىيازەت ئەيلەبان تائەت،
قىلىبان چەكسە كۆپ مىھنەت، ئاڭا جەننات بولماسمۇ؟
مۇدام قىلسا ئىبادەتلەر، قولىدىن كەلسە ھەيرەتلەر،
غەرىبلەرغە مۇرۇۋۋەتلەر ئۇلۇغ ھەيرەت بولماسمۇ؟
غەرىبلەرغە قىلىپ خىزمەت، بۇلارغا قىلمايىن مىننەت،
دۇئاسىن ئالسا خوب دەۋلەت، قەبۇل ھاجات بولماسمۇ؟
بۇ يولدا بولماسا كامىل، كۆڭۈلدە فەيز يوق ھاسىل،
ھەمە ۋەقتدە بولۇر غافىل، سۆزى تەممات بولماسمۇ؟
بولۇبان پەيرەۋى سۈننەت، ئەمەل قىلسا قىلىپ ھۆرمەت،
ئاتا قىلغاي ئاڭا جەننەت، مۇراد غايات بولماسمۇ؟
خۇدا دەرگاھىغا يىغلاپ، ئىبادەتغە بېلىن باغلاپ،
دۇئا قىلسا يۈرەك داغلاپ، ئاڭا لەززات بولماسمۇ؟
نىزامىي، زىكرى ھەقنى قىل، ئانىڭ فەزلىنى قىل ھاسىل،
بۇ يولدا بولماغىل غافىل، قەبۇل تائات بولماسمۇ؟

45

بۇ دۇنياغا كۆڭۈل بەرسە، كىشى ھۇرراس بولماسمۇ؟
ھەۋالاردىن دىلىن ئۈزسە، ئۇشۇل خۇللاس بولماسمۇ؟
كۆڭۈل بەرمەي بۇ دۇنياغا، قۇتۇلماي ئەھلى غاۋغاغا،
ئۆزىن تاپشۇرسا مەۋلاغا، قاتارى خاس بولماسمۇ؟
تەرىقەت راھى بىپايان، مۇنى تەي قىلدىلار مەردان،
كىشىكى بولسا ئول رەھدان، سىرى خەۋۋاس بولماسمۇ؟
ئەزىمەت قىلسا ھەر بەندە، قىلۇر تەقۋا ھەمە ھەيندە،
بولۇر ئول بەندە پۇرخۇندە، بىلىڭ، فەھھاس بولماسمۇ؟
بۇ يولدا بولسا كىم ھۇشيار، بىلىڭ، ئول بەندە كۆپ يىغلار،
ئاڭا مەئلۇم بولۇر ئەسرار، خاۋاسۇل ـ خاس بولماسمۇ؟
خەبەر تاپسا دىلى ھەقدىن، ئۈزۈلگەي دىل ھەمە خەلقدىن،
كەلامىن ئەيلەگەي سىددىقدىن، سىرى ئەشخاس بولماسمۇ؟
نىزامىي، بولماغىل غافىل، ھەمىشە زىكرى ھەقنى قىل،
نەجات ھەقدىن بولۇر ھاسىل، قەبۇل ئىخلاس بولماسمۇ؟

46

ئەمەل تەقۋا بىلەن قىلسا، مۇدام مىھتات بولماسمۇ؟
خىلافى شەرئىنى قىلسا، ئىشى ئىفرات بولماسمۇ؟
شىكايەت بىرلە غەيبەتنى قىلىبان قىلما بىدئەتنى،
كىشىكىم قىلسا سۈننەتنى، ساۋاب ئىنمات بولماسمۇ؟
تەجاۋۇز قىلماغىل ھەددىن، تۇتۇپ مەھكەمكى كاردىن،
ئەگەر سورساڭكى راھدىن، راھى ئەۋسات بولماسمۇ؟
تىلى بىرلەن دىلى ۋافىق، ئەگەر بولسا بولۇر سادىق،
بولۇر ھەر ئىشقا ئول لايىق، ئىشى زۇببات بولماسمۇ؟
كىشى كىم بولسا بائىنساف، سۆزىدە بولماغاي ھېچ لاف،
ھەسەددىن بولغۇسى دىل ساف، لەئىن ئەقتات بولماسمۇ؟
ھەۋادىسدىن ۋەلې باغەم ئەگەر بولسا بىپرىلڭ ياردەم،
ئانى رەنج ئەتمەگىل ھەردەم، كىرەك بەششات بولماسمۇ؟
نىزامىي، نىكۇ كار، خۇدادىن قورقۇبان بىسيار،
كىشى بىرلەن مەلەك تەييار، ساڭا خاتتات بولماسمۇ؟

47

كىشى بولسا تەۋازۇئلۇق خوشى ئەۋساف بولماسمۇ؟
تەكەببۇر ئۇجب تەرك ئەتسە زەۋىل ـ ئەۋساف بولماسمۇ؟

ئەمەلنى شەرت ئىلە قىلسا، رىياۋۇ سەۋمىئەدىن قاچسا،
ئەزىمەت يولىدا يۈرسە، ھەۋادىن ساق بولماسمۇ؟
قىلىنسا جايىدا ھەر كار، قىلىبان مەرھەمەت ئىزھار،
مۇرۇۋۋەت ئەيلەسە ئىسار، سىرى ئەشراق بولماسمۇ؟
رىزايى ھەق ئۇچۈن، ئەي يار، ئەمەلنى قىلسا ئول ھوشيار،
ھەۋادىن ئولسا ئول بىزار، دىلى كەششاف بولماسمۇ؟
خالىس نىيەت بىلەن بولسا، ئەمەلنى جايىدا قىلسا،
مۇشەققەتلەرنى كۆپ چەكسە، ئەمەل ئىسئاف بولماسمۇ؟
بەرايى خەلق نىچە قىلسا، رىياۋۇ سەۋم ئىلەن بولسا،
خوشامەتلەرنى خوب كۆرسە، ئاتا ئىسراف بولماسمۇ؟
زەباننى تۇتماسا مەھكەم، چىقارسا سۆزنى ئول ھەردەم،
يامانلارغا بولۇپ ھەمدەم، ئۆمر ئىتلاف بولماسمۇ؟
بولۇر ئاقىل كىشى خاموش، ئىبادەتلەرغە ئەيلەر جوش،
ھەر ئىشدە بولغۇسى يا ھوش، ئىشى ئىنساف بولماسمۇ؟
نىزامىي، شۈكرلەر قىلغىل، خۇدانىڭ فەزلىنى كۆرگىل،
ئۆزۈڭنىڭ ئەجزىنى بىلگىل، سەنا ئالاف بولماسمۇ؟

48

ئەزىزلەر خىزمەتىن قىلساڭ، سېنى راھدان قىلماسمۇ؟
رىيازەت بىرلە سەن بولساڭ، سېنى (غۇفران قىلماسمۇ)؟
ئەدەب بىرلە ئەمەل قىلسا، مۇدام تەركى جەدەل قىلسا،
ھەۋاسىنى بەدەل قىلسا، ئانى شادان قىلماسمۇ؟
سەھەرلەردە بولۇپ بىدار، قىلىبان نالە بىرلە زار،
گۇناھىن ئەفۇ ئېتىپ غەففار، كەرەم ئەرزان قىلماسمۇ؟
تەلەب قىلسا بەسىدقى دىل، بولۇر ئاسان ھەمە مۇشكىل.
ھەمە ئىشنى خۇدادىن بىل، ئىگەم فەرمان قىلماسمۇ؟
شىكايەت قىلماغىل ھەرگىز، ئەمەس تەقدىرسىز ھەر چىز،
ساڭا لازىم ئېمىش پەرھىز، خۇدا ئاسان قىلماسمۇ؟
كىشىكىم سەبر قىلمايدۇر، بەلانى قايتۇرالمايدۇر،
بىلىڭ يولىن تاپالمايدۇر، ئەبەد نۇقسان قىلماسمۇ؟
مەگەركىم تەۋبە ئىستىغفار قىلىبان قىلسا نالە ـ زار،
كەرەم قىلسا ئاڭا جەببار كى مەھۇ ئىسيان قىلماسمۇ؟
رىيازەت ئەيلەبان خالىس، سەخاۋەت ئەيلەبان خالىس،
ئىبادەت ئەيلەبان خالىس، قەبۇل سۇبھان قىلماسمۇ؟
يەتىملەردەك نىدا قىلسا، غەرىبلەردەك دۇئا قىلسا،
ھەمىشە ئاھۇ ۋاھ قىلسا، ئاڭا ئىھسان قىلماسمۇ؟

رۇكۇئ بىرلە سۇجۇد ئەيلەپ، مۇدام سەجدە قۇئۇد ئەيلەپ،
دەۋام زىكرى دۇرۇد ئەيلەپ، جىگەرنى قان قىلماسمۇ؟
ھەمىشە تارتىبان ئەفغان، يۈرەكنى ئەيلەسە ئول قان،
بولۇر رەھمەتغە ئول شايان، ئاڭا دەرمان قىلماسمۇ؟
كىشىنى ھەق قەبۇل قىلسا، ئاڭا راھى ۋۇسۇل بەرسە،
ئۇسۇلى ھەقنى بىلدۈرسە، ئانى سەيران قىلماسمۇ؟
ئەدا بولسا رىيازەتدە، دۇتا بولسا ئىبادەتدە،
نەۋا قىلسا تىلاۋەتدە، ئانى ھەققانى قىلماسمۇ؟
خۇدا زىكرى بىلەن ھەر ئان، بولۇبان بولسا ئول گىريان،
دىلىنى ئەيلەسە سۇزان، ئانى ھەيران قىلماسمۇ؟
نىزامىي، ئەيلەگىل نالە، ياشىڭنى ئەيلەگىل جالە،
بۇ يولدا ئولسا ئول ۋالە، ئانى شەۋقان قىلماسمۇ؟

49

ئوقۇبان تەۋبە ـ ئىستىغفار گۇناھى ئەفۋ بولماسمۇ؟
دىلىدىن چىقسا نالە ـ زار خەتاسى مەھۋ بولماسمۇ؟
شىكايەت، غەيبەتۇ تۆھمەت كىشى قىلسا مۇدام ئادەت،
زەبانىدىن چىقارغان سۆز ھەمىشە لەغۋ بولماسمۇ؟
بۇ دۇنياغا كۆڭۈل بەرگەن كىشىلەر بولغۇسى نادان،
كۆڭۈل بەرگەن كىشىنىڭ كارۇ بارى لەغۋ بولماسمۇ؟
«زەلەمنا رەببەنا» دەپ سەھۋىدىن ئادەم نىدا قىلدى،
بەنى ئىنسانغا مەئفۇ بىل قەزاسى سەھۋ بولماسمۇ؟
ئۆزۈڭغە قىلماغىل سەن كەيفىيەتدىن ھېچ نىمە ئادەت،
قۇتۇلماغلىق بەسي مۇشكىل خۇماسى قەھۋ بولماسمۇ؟
ئۇسۇل بىرلەن فۇرۇئنىڭ ئىلمىنى ھەر تالىبى بىلسە،
ئاشۇنداق مەردى كامىل ئالىمى بىننەھۋ بولماسمۇ؟
رىيازەتدىن نىزامىي ھەر كىشى قىلسا ۋۇجۇد فانىي،
تەرىقەت ئىچرە ئول مەردى ئالىمى بىل مەھۋ بولماسمۇ؟

50

ئايىنەئى دىل ھەمە ۋەقت زىكر ئىلە پاك ئولماسمۇ؟
ئىشقىنىڭ شەۋقي بىلەن سىينەسى چاك ئولماسمۇ؟
بەرمەگىل دىلنى بۇ دۇنياغا ۋەفاسى بولماس،
كىمكى بەرسە دىلىنى ئاخىرى خاك ئولماسمۇ؟
ھەق رىزاسىنى دەبان قىلسا بۇ دۇنيانى تەلاق،

تەرك ئېتىپ ئەھلى جەھان جايى مەغاك ئولماسمۇ؟
ھەر كىشىنىڭ دىلىدا بولسا خۇدانىڭ شەۋقى،
ئاھ تارتىپكى دىلى دەرد ئىلە ناك ئولماسمۇ؟
نەفسىنىڭ رايى بىلەن قويسا قەدەمنى ھەر كىم،
بۇ ھەۋانىڭ يولىدا بىلكى ھەلاك ئولماسمۇ؟
قىلماسا ياخشى ئەمەلنى بۇ ھەياتنىڭ بارىدا،
دۇنيادىن قىلسا سەفەر خەۋف ئىلە ناك ئولماسمۇ؟
ئىشقىنىڭ شەۋقى ئەگەر تۇشسە نىزامىي دىلىغا،
كېچەلەر نالە قىلىپ، سىينەسى چاك ئولماسمۇ؟

51

شەرئ ئىلە قىلسا ئەمەل ئەھلى تەقىي ئولماسمۇ؟
كىم قانائەت قىلادۇر كۆڭلى غەنىي ئولماسمۇ؟
دەستىدە ھەر كىشىنىڭ سىيمۇ زەرى بولسا زىياد،
قىلسا ئېھسان ھەمە ۋەقت مەردى سەخىي ئولماسمۇ؟
تۇتمايىن كىينە ـ ھەسەد ئەلگە مەدارا قىلسا،
شۇكر ئەيلەپكى مۇدام قەلبى نەقىي ئولماسمۇ؟
دەۋلەتۇ ئەلگە ھەسەد قىلسا بولۇر ئاخىرى خار،
ئولسا بىتەۋبە، بىلىڭ، مەردى غەۋىي ئولماسمۇ؟
تۇتسا ھەركىم ئۆزىنى ئەھلى جەھاندىن ئەئلا،
مۇتەكەببىر بولۇبان كىبرۇ مەنىي ئولماسمۇ؟
تۇرسا ھەر ۋەقتدە كىشى كىبر ھەۋانىڭ يولىدا،
قىلمايىن تائەتى ھەق مەردى شەقىي ئولماسمۇ؟
راستگۇ بولسا كىشى بىلكى ئەزىز ھەر ۋەقتدە،
ھەر زەمان قىلسا سەھن ئەھدى ۋەفىي ئولماسمۇ؟
كەلسە باشىغا بەلا، سەبر قىلۇر ھەر مۇئمىن،
ئەيلەبان شۇكرى خۇدا ئەھلى رەزىي ئولماسمۇ؟
رەنجۇ مىھنەتغە، نىزامىي، كىشى گەر سەبر قىلۇر،
ئىكى ئالەمدە ئوشۇل مەردى ۋەلىي ئولماسمۇ؟

52

خاقانى مۇلكى ئىرفان غەۋسى جەھان ئەمەسمۇ؟
جەمشىدى تەختى ئىقان غەۋسى جەھان ئەمەسمۇ؟
پىرانى ئىشقى سەرۋەر، سۇزانى ئىشقى رەھبەر،
رىندانى ئىشقى دىلبەر، غەۋسى جەھان ئەمەسمۇ؟
سەردارى كۇللى ئەقتاب، شاھى سەۋار ئەھباب،

ئىزھارى فەيزى ۋەھھاب غەۋسى جەھان ئەمەسمۇ؟
شاھان ئىلەن گەدالار، ئاجىزۇ ناتەۋانلار،
شەيخدىن مۇرادىن ئىزلەر غەۋسى جەھان ئەمەسمۇ؟
قال ئەھلىنىڭ نەۋاسى، ھال ئەھلىنىڭ پەناسى،
شەھلەر ئانىڭ گەداسى، غەۋسى جەھان ئەمەسمۇ؟
شەمئى رەھى شەرىئەت، نۇرى دەھى تەرىقەت،
كۆرسەتكۈچى ھەقىقەت غەۋسى جەھان ئەمەسمۇ؟
مىفتاھى گەنجى ئەسرار، مىسباھى قەلبى ئەبرار،
فەتتاھى بابى ئەنۋار غەۋسى جەھان ئەمەسمۇ؟
قۇتبى ھەمەئى سەلاسىل، غەۋسى ھەمەئى فازىل،
شەيخى ھەمە قابائىل غەۋسى جەھان ئەمەسمۇ؟
ئەردى ھەمەدىن كامىل، ۋەسل ئىچرە بولدى داخىل،
قىلدى مۇرادىن ھاسىل غەۋسى جەھان ئەمەسمۇ؟
بولدى ئۆزىدىن فانىي، تەڭرىم بىلەنكى باقىي،
ئەسرارى دىلغا ھاۋىي غەۋسى جەھان ئەمەسمۇ؟
ھەللالى جۇملە مۇشكىل، فەييازى فەيزى ھەر دىل،
ۋەئىزىدە ھەممە بىسمىل غەۋسى جەھان ئەمەسمۇ؟
ئولدى ھەمەدىن سابىق، ئەسرارى ئىشقدىن ناتىق،
كۆللى دىلىدىن فايىق غەۋسى جەھان ئەمەسمۇ؟
ھەر كىم ئاڭا مۇرىددۇر، ئالەمدە ئول ھەمىددۇر،
ئۇقبادا ھەم سەئىددۇر غەۋسى جەھان ئەمەسمۇ؟
ۋەسفىدە ئەردى تىللار، يولىدا سەرف قىل مال،
جانىڭنى قىلكى پامال غەۋسى جەھان ئەمەسمۇ؟
غەۋسغە كىشى ئىنابەت قىلسا تاپار ھىدايەت،
ھەر دۇ جەھان سەئادەت غەۋسى جەھان ئەمەسمۇ؟
جىلانىينىڭ قۇلى بول، كۆرسەتكۇسى ساڭا يول،
دامانىغا ئۇرۇڭ قول، غەۋسى جەھان ئەمەسمۇ؟
فەرمان قىلىپ دېدىكىم، مۇرىد بولسا كىشىكىم،
مەقسۇدىغە يېتەركىم غەۋسى جەھان ئەمەسمۇ؟
ئىزنى بولۇپ خۇدادىن، شەفائەتغە مۇرىدىن،
قۇتقازغايلار دەۋزەخدىن، غەۋسى جەھان ئەمەسمۇ؟
مۇرىد بولغىل غەۋسغە، گەردەن قويغىل ھۆكمىغە،
ئىلتىجا قىل رۇھىغە، غەۋسى جەھان ئەمەسمۇ؟
زايىئ بولماس ئەقىدە، قىلغان ھەرەج ھېچ ۋەقتدە،
غافىر بولۇر ئۆلگەندە غەۋسى جەھان ئەمەسمۇ؟
نىزامىي، سەن يىغلاغىل، دامانىغا ئاسىلغىل،
ئۇمىدىڭنى ئۈزمەگىل، غەۋسى جەھان ئەمەسمۇ؟

53

لۇتفۇڭ بىلە قىل رەھمان بىزلەرغە ئاتايى ھۇ،
فەزلىڭ بىلە بەر سۇبھان بىزلەرغە نەۋايى ھۇ.
ھۇ زىكرى بىلە بولغاي سالىك دىلىغە نۇرلار،
يولىنى تاپار ھەركىم كۆرگەندە خۇدايى ھۇ.
ھەق جەزبى ئەگەر تۇشسە ئىشقىنىڭ يولىنى ئىزلەر،
تۈنلەردە تۇرۇۋانكىم ئەيلەركى ھەۋايى ھۇ.
ئەفلاكۇ زەمىنلەرنى خەلق ئەيلەدى ئۇل خالىق،
قىلدى ھەمەنى رەۋشەن بىلىڭكى زىيايى ھۇ.
شەبۇ روز يۈرۈپ يىغلار شەۋقى ئىلە ئاھ تارتىپ،
قان ياشىنى تۆككەيكىم كەلگەندە نىدايى ھۇ.
ئىشق دەردىنى كىم تاپسا رەنجىغە شىفا بولماس،
مۇمكىن شىفا تاپسا تاپقاندا دەۋايى ھۇ.
بىلگىلكى، نىزامىددىن، ئىشق دەردى ئەجەب دەرددۇر،
ھەر خەبەرى زەئىف ئۇلسا ئىزلەركى بەلايى ھۇ.

54

ساف قىلسا كۆڭۈل ھەركىم كۆرگەيكى جەمالى ھۇ،
كۆرگەندە جەمالى ھۇ تاپقايكى نەۋالى ھۇ.
ھەر كىمكى نەۋا تاپسا ئولغايكى دىلى رەۋشەن،
ھەر ۋەقتدە جەمالىدا بولغايكى جەلالى ھۇ.
فىئلى بىلە قەۋلىدە ھىچ ۋەقتدە رىيا ئولماس،
ھەر كىشىكى قىلۇر سۇھبەت بىلگەيكى كەمالى ھۇ.
باقغايكى ئۇ سۇھبەتغە يارانى سۇھبەتى فەيز
ھەر سالىك قەدرىنچە ئالغايكى زۇلالى ھۇ.
كىم تەشنە بولۇپ كەلسە تا سىدقى دىلى بىرلەن،
شەيخ ساقىي بولۇپ ئۇل دەم سۇنغايكى زۇلالى ھۇ.
تەلەبكى قىلىپ سەئيى تۈنلەردە بولۇر بىدار،
لۇتف ئەتسە كەرىمۇللاھ كۆرگەيكى ۋىسالى ھۇ.
قىل سەئيى، نىزامىددىن، يىغلاپكى خۇدايىڭغا،
شايەدكى خۇدا بەرسە بىلگەيكى ماقالى ھۇ.

55

ئۆتتىنكىم بۇ دۇنيادىن ھەر كىمكى يەتمەي ئارزۇ،

چوڭ كىچىك، پىرۇ جەۋان كەتتى تاپالماي ئارزۇ.
بىلكى جەمشىد بىرلە كەيكاۋۇس كەيانىيلار ئۆتۈپ،
ئاھۇ ۋاۋەيلا دەبان كەتتىكى تاپماي ئارزۇ.
ئول سۇلەيمان تەختۇ لەشكەر بىرلە مەركەب قىلدى باد،
كەتتىكىم بۇ دۇنيادىن دەستىغە كەلمەي ئارزۇ.
بارچە شاھانۇ گەدا دەستى فەلەكدىن شىكۋە ئېتىپ،
كۆزلەرىدىن ياش تۆكۈپ كەتتى كۆرەلمەي ئارزۇ.
رەنجۇ مېھنەت بىرلە بايلار يىغدى دۇنيا مالىنى،
تاشلابان كەتتىكى مالىنى يېتەلماي ئارزۇ.
ئۇشبۇ دۇنيا جايى مېھنەت دەپ رەسۇل ئېمر ئەيلەدى،
تارتتى مېھنەتنى كىشى راھەتنى كۆرمەي ئارزۇ.
ئەي نىزامىي، بۇ فەلەك ھەر كىمگە بەرمەيدۇر ئەمان،
جۇملە زىجان ئۆز مۇرادىنى قىلالماي ئارزۇ.

56

گەر قىلسا فەنا ئۆزنى كۆرگەيكى جەمالى شۇبە،
كۆرگەندە جەمالىنى تاپقايكى ۋىسالى شۇبە.
ئۇيقۇنى ھەرام قىلسا، مەخمۇرى ئەلەست ئولسا،
ئىشقنى مەيدىن ئىچسە، بىلگەيكى كەمالى شۇبە.
كىم بولسا دىلى بىدار تۈنلەردە بولۇپ بىدار،
ھەم سالسا نەزەر ئەبرار ئالغايكى نەۋايى شۇبە.
رەھدانى شەرىئەت بول، مەردانى تەرىقەت بول،
سەردانى ھەقىقەت بول، بىلگەيكى ماقالى شۇبە.
غەفلەت ئىچىدە قالغان، تۈنلەردە ئۇيۇپ ياتقان،
نەفس پەيرەۋىدە يۈرگەن قىلماسكى سۇئالى شۇبە.
چەكسەكى رىيازەتنى، قىلساكى ئىبادەتنى،
ھەر ۋەقتىدە تائەتنى سورغايكى فىئالى شۇبە.
سۇبھىدە بولۇپ بىدار، ھەر ئىشتا بولۇپ ھۇشيار،
گەر قىلسا تەلەپ دىدار، كۆرگەيكى جەلالى شۇبە.
تائەتتە بولۇپ دايىم، تۈنلەردە بولۇپ قايىم،
كۈنلەردە بولۇپ شايىم ئىچكەيكى زۇلالى شۇبە.
بىلگەيكى، نىزامىدىن، بولغىل ھەمە ۋەقت غەمگىن،
كۆڭلىگە تولۇپدۇر كىم قىلمايكى خەيالى شۇبە.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)

# سالامنامە*

نەشرگە تەييارلىغۇچى: رەنا ئابلىمىت

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** بۇ قول يازما بىر پارچە كونا قول يازما كىتابنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇلغان بولۇپ، شۇ كىتابنى ئىشلەش جەريانىدا بايقالغان. بۇ قول يازمىغا تۆت پارچە شېئىر يېزىلغان. ئەسەرنىڭ قاچان، كىم تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى نامەلۇم. ئەسەردە ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن دىئالېكتىغا ئائىت بەزى سۆزلەر ئۇچرايدۇ، شېئىر ئىچىدە بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورىنىڭ ئەسەرنى پوسكامدا يازغانلىقى ئىزهار قىلىنغان. بۇ شېئىرلار ئىچىدە يەنە شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىينىڭ «دەھرۇن ـ نەجات» ناملىق كىتابىدىكى بىرنەچچە تېپىشماق ۋە مەزكۇر كىتابنىڭ خاتىمىسىگە يېزىلغان شېئىردىن پارچە ئۇچرايدۇ. باشقا ئۇچۇرلار داۋاملىق تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

هەزرەتى پەدەر بۇزرۇكۋارىم جەنابلارىغە داد ئېتەي،
ئەرزى هالىمنى بارالماي خەت بىلەن مەئلۇم ئېتەي.
ئۆزلەرىنى ساغىنىپ فۇرقەتدە هەردەم ئاھ ئۇراي،
ئانى رەۋشەن ئەيلەمەككە هەردەم ئاهىمدىن كۆلەي.

شۇلغىنا مېنىڭ داداكام سوفىلاغا بولدى خەتىب،
بىزلەرنى مۇندا قويۇپ، قارىنداشلارىمنى ئالىپ كېتىپ.
ئاناكام تېخى كەلمەدى سوفىلاغا بارىپ ياتىپ،
يول ئەزابىدىن قورقۇپ بىز مۇندا ئۆيدە ياتىپ.

غايىب ئولدى بۇ كۆزلەرىمدىن ئەزىز مېهربان ئانام،
جانىم، تەنىم، جىگەرىم ئەزىز مېهربان ئانام.
چەندان يىغلادى بۇ كۆزلەرىم يولۇڭغا تەلمۈرۈپ،
هەردەم رەفىقۇ مۇشفىق ئېدىڭىز مېهربان ئانام.

كۆڭلۇم تىنار خۇدا نەسىب ئەتسە جەمالىڭىز،
قىلدىم خەيال كۆرۈپ يۈزۈڭ ئولسام ئاياغىڭىز،
ئۇشبۇ جىھەتىدىن ئەزىز ئانامغا سەلام ئايتايىن.

* * *

ئانادەك مېهربان قايدا، ئاتادەك قەدردان قايدا،

* بۇ نام مەزكۇر قول يازمىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلىغۇچى تەرىپىدىن قويۇلدى.

ئۇلاردەك ئىچكۆيەر قايدا،
ئەزىز ئاتا ـ ئانامغا سەلام ئايتايىن.

..............................

شايەد، ماڭا قىلغاي دۇئا بۇ ئەرزى ھالىمنى كۆرۈپ،
بۇ سەبەبدىن مىھرىبان ئاتا ـ ئانامغا سەلام ئايتايىن.

ھەرنەچە دەۋلەت ئەھلىنى سېنىڭسىز نەيلەيىن،
فۇرقەتىڭدە ئۇشبۇ تەندە بۇ جانىمنى نەيلەيىن،
بۇ سەبەبدىن ئەزىز ئاتامغا سەلام ئايتايىن.

تىلەيدۇرمەن خۇدايىمدىن سەلامەت ساقلا ئاتا ـ ئانامنى دەپ،
بەلانى دەفئ قىلغاي نازۇك تەنىدىن دەپ،
بۇ بائىسدىن ئەزىز ئاتا ـ ئانامغا سەلام ئايتايىن.

سەھەرلەردە دۇئادا ياد قىلغىل بۇ غۇلامىڭنى،
كېچە ـ كۈندۈز ساغىنىپ تىلەيدۇرمەن جەمالىڭنى،
بۇ بائىسدىن ئەزىز ئاتا ـ ئانامغا سەلام ئايتايىن.

خانىماندىن جۇدا بولغان ئاتامغا سەلام ئايتايىن،
مۇختەسەر ئەيلەپ سۆزۈمنى ئەزىز ئانامغا سەلام ئايتايىن،
ئاچام تەئەللۇقاتى بىلەن ئىككى ئۇكامغا سەلام ئايتايىن.

ھەممىمىز ھەمدەم ئەردۇك بىز ئەزەلدە،
جۇدا بولغانىمىز يوق ئەردى ھېچ مەھەلدە.

ھەممىمىز بىر ئاتادىن سىزىلغان،
يەنە ھەم بىر ئانامىزدىن تۇغۇلغان،
سەيىد ئاخۇن، قادىر ئاخۇن،
ئىككى ئۇكامغا سەلام ئايتايىن.

خۇدانىڭ تەقدىرى ئايرىدى بىزنى،
جۇدا قىلدى يەنە سىزنىيۇ بىزنى.

مېنىڭ يادىم ھەمىشە سىزدە دايىم،
كۆرۈشتۈرگەي يەنە ئول بىرۇ بارىم.

كى تەڭلىك ۋەقتىدە كۆپ لازىم ئەردى،
قاشى قارا، تىشى دۇردانە ئەردى.

ئوشۇل سەييىد ئاخۇن بىلەن قادىر ئاخۇن،
ئۇكالارىمغا دۇئايى سەلام ئايتايىن.

مېنى سالىپ ھىجران چۆلىگە، ئاتا ـ ئانام ئاندا كەتتى،
ھېچكىم بىلمەس ھالىمنى، قەدىردان ئانام ئاندا كەتتى.

بىزنىڭ ئۈچۈن بولۇپ گەدا، قىلاي سىزگە جانىم فىدا،
قىغان چېكىپ قىلىپ نىدا، ئەزىز ئاتامغا سەلام ئايتايىن.

دەرد ـ ئەلەمدە كۆڭلى چۇرۇگەن، ئاق سۈتىنى دايىم بەرگەن،
كەمالىمغا يەتكۈرگەن، مېھرىبان ئانامغا سەلام ئايتايىن.

مېنىڭ ئۈچۈن يىغلاپ دايىم، تەنى سىزۈك ۋەفادارىم،
ئېشىتكەلى يوق ئاھۇ زارىم، قەدىردان ئانامغا سەلام ئايتايىن.

سىزلەرنى بىز ساغىنىپ دۇئايى سەلام ئايتايىن!

ھەجر ئوتى جانىم ئۆرتەدى جانىم ئاتامدىن ئايرىلىپ،
سەبرۇ قەرارىم قالمادى ئەزىز ئانامدىن ئايرىلىپ.

بىزنىڭ ئۈچۈن رەنج تارتقان ئاتا ـ ئانام مېھرىبانىم،
تاقەتىم يوق كۆرمەگۈنچە سەبرۇ قەرارىم،
مېھرىبان ئاتا ـ ئانامغا سەلام ئايتايىن.

سەن چىقىپ كەتتىڭ ئانام، قالدۇق ئىشكدە تەلمۈرۈپ،
يىغلاسام كۆڭلۈمدە قانچە «ئاھ» دەپ فەرياد ئۇرۇپ.

بىر مۇھەببەت سۆز ئىبەردىم ئاتا ـ ئانام جەنابىغا،
بىزنى تاشلاپ ئۆزى كەتكەن سۇفىلا دىيارىغا.

ئۆزلەرى ئاندا كېتىپ، بىزلەر قالىپ فوسكام سارى،
بىز جەنابلارىغا بارالماي، ئارامىز بولدى نارى.

كېچە ـ كۈندۈز ئۆزلەرىنى ساغىنىپ قىلدۇق تەلەب،
شول خۇدانىڭ قۇدرەتىدىن ئىزدىمەك بولغاي سەبەب.

تافمادىم ھېچ تۇھفەئى مەرغۇبنى،
ئۆز ئورنۇمدا ئىبەردىم بۇ نامەنى.

كەمتەرىن فەرزەندىڭىزدىن ھەم دۇئاۋۇ ھەم سەلام،

مۇددەئا دىيدار ئېرۇر، مەقسۇد ئەمەس قالغان كەلام.

* * *

جەمئ ئۇلۇپدۇر سوفىلار فىكر ئەيلەگەچ،
خىرقەئى ئېلكىدە، باشىدا سەفەچ.

بىرىسى نان، بىرىسى فۇل بىلەن ئوتۇن،
يىغلابان قاشىدا دايىم تۇل خاتۇن.

بىز «ۋەلى» دەپ ئۇلتۇرۇر سەجادەدە،
كۆزلەرى لېكىن ھەمىشە مادەدە.

تەمام ئۆمرۇم ئەگەر مەن سايراغايمەن،
يەنە مىڭدىن بىرىن ئايتالماغايمەن.





(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)



# تۇرپان ۋاڭلىرىغا ئائىت بىر پارچە نەسەبنامە ۋە ئۇنىڭغا شەرھ

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئەھمەد ئىمىن ئەلنەزەر، ھاجى مامۇت غازى

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** ئىمىن غوجا 1719 ـ يىلى لۈكچۈننىڭ قارانچۇق بېگى ئەھمەتباقى بەگدىن بەگلىك ھوقۇقىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە سادىق بولۇپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەنىڭ بىرلىكىنى قوغداشتىكى تۆھپىلىرى ئۈچۈن چيەنلۇڭ خان تەرىپىدىن 1759 ـ يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىلى) تۇرپاننىڭ ۋاڭلىقىغا تەيىنلەندى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىمىن غوجا ئەۋلادلىرىدىن يەتتە ئەۋلاد توققۇز كىشى تۇرپاندا 230 يىل ۋاڭ، يەتتە ئەۋلاد سەككىز كىشى ئىلىدا 159 يىل ھاكىمبەگ، ئۈچ ئەۋلاد ئالتە كىشى قەشقەردە 90 يىل ھاكىمبەگ بولۇپ ئۆتتى. تۆرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تۇرپان ۋاڭلىرىغا ئائىت ماتېرىياللار دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىدى.

2010 ـ يىلى 2 ـ ئايدا پىچان ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىدىن ئارامغا چىقىپ ئۆرۈمچىدىكى ئۆيىدە تۆرۆۋاتقان 85 ياشلىق مامۇت غازى ھاجىمنى يوقلاپ بارغان چېغىمدا، تۇرپان ۋاڭلىرىغا ئائىت چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان، نۇسخائالغۇدا نۇسخىلانغان بىر پارچە نەسەبنامىنى ماڭا كۆرسەتتى. مەن بۇنىڭ كېلىش مەنبەسىنى سورىسام، مامۇت غازى ھاجىم ياشىنىپ قالغاچقا، ئەسلىيەلمىدى. تۇرپان ۋاڭلىرىغا ئائىت بۇ بىر پارچە نەسەبنامىنىڭ كىم تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى نامەلۇم، لېكىن، مەزمۇنىدىن قارىغاندا، 1904 ـ يىلى يېزىلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. بۇ نەسەبنامە جەمئىي 13 بەت، ئۈچىنچى بەتتىن باشلاپ ھەر بەتكە 13 قۇردىن يېزىلغان بولۇپ، بەلگىلىك تارىخى ۋە فولكلور قىممىتى بار. ئوقۇرمەنلەر ۋە قىزىققۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بۇ نەسەبنامىنى نەشرگە تەييارلاش بىلەن بىللە چۈشىنىشلىك بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ قىسقىچە شەرھلىدۇق.



* *

**يەشمىسى:** ھەزرىتى ئىمىن خوجىنىڭ پەرزەنتلىرى نۇرمۇھەممەد خوجا، سۇلايمانخان، ئەۋرازىفخان، سەيپۇللاخان، ئىسكەندەرخان، فەرىدۇنخان، موساخان، بەھرامخان. بۇلار جەمئىي سەككىز ئوغۇل ئىكەندۇق. فەرىدۇن خاننىڭ ئوغلى مۇھەممەد سەيىد ۋاڭ بەگ، ئۇنىڭ ئوغلى ئەفرىدۇن ۋاڭ، ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان مەھمۇد ۋاڭ، ئۇنىڭ ئوغلى ئىمىن ۋاڭ. فەرىدۇن ۋاڭ ـــ تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي ـــ نىڭ ھەزرىتى مۇھەممەدسەيىد ۋاڭ دەپ بىر ئوغلى بار ئىدى. فەرىدۇن ۋاڭ خۇدا ۋە رەسۇلنىڭ، يەنە كاشغەر دىيارى ئىچىدە ياتقان ئۇلۇغلارنىڭ مەدەتلىرى بىلەن



كاشغەر ئەھلىگە يىگىرمە سەككىز يىل تولۇق ھوقۇقلۇق ھۆكۈمدار ۋە تىزگىنلەش ئىقتىدارىغا ئىگە پادىشاھ بولۇپ، سۇلتانلىق تەختىدە مۇقىم ئولتۇرۇپ، شان ـ شەرەپ مەركىزىدە مۇستەھكەم ئورۇنلىشىپ، كاشغەرگە تەۋە ھەممە كەنت، سەھرالاردا ياتقان ئەزىز ۋە بۇزرۇكۋارلارنىڭ مازارلىرىنى ياساپ، ئۇلارنىڭ ئاستانە ۋە كارخانىلىرىغا تۆگە، ئات، كالا، قوي، ئۇن، گۈرۈچ، يامبۇ، پۇل ـ مال نەزىر ـ سەدىقىلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، دۇئا قىلدۇرۇپ، دائىم ئۇلاردىن مەدەت تىلەيتتى. پۇقرالارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۆلىما ـ دەرۋىشلەرگە ئىززەت ـ ھۆرمەت، ئىكرام ـ ئېھسان قىلاتتى. ھەر قايسى كەنت ـ سەھرالارنىڭ سۈيىدە ئۆزگىرىش بولسا، سۇ چىقىرىپ بېرىپ، نامرات ۋە ئاجىز پۇقرالارنى تېرىتقۇزۇپ، يۇرتنىڭ توقچىلىق، تىنچ ـ ئامان، ئاۋات بولۇشىغا زور تىرىشچانلىق بىلەن سەۋەبكار بولۇپ، كۈچ چىقىراتتى.

بۇ سۇلتاننىڭ نىيىتىنىڭ ناھايىتى خالىسلىقىدىن، قىلغان دۇئالىرىنىڭ بەرىكىتىدىن، كاشغەرگە تەۋە ھەممە كەنت، سەھرالاردىكى بەگ، ئاخۇن، شەيخ، يۈزبېشى، ئونبېشى، ئىمام، مەزىن، پۇقرا، ئاجىز، نامرات ئاۋام كۈندىن ـ كۈنگە توق، تىنچ ـ ئامان ۋە ئاۋات بولۇپ، ھەرقايسىلىرى ئات، كالا، پۇل ـ مال تېپىپ ئاۋاتلىق ۋە باياشاتلىققا ئېرىشىپ، شاد ـ خۇرام بولۇپ، سەھەر ـ ئاخشام بەش ۋاخ نامىزىدا ھەق دەرگاھىغا يۈزلىنىپ شۈكۈر قىلىپ ۋە بۇ بەرىكەتلىك زاتنىڭ دۆلەت ئىقبالىغا خەيرلىك دۇئالار قىلاتتى.



بۇ بەرىكەتلىك زات كۈندۈزلىرى روزا تۇتۇپ، كېچىلىرى چىن نىيەت بىلەن ئىبادەتكە مەشغۇل ئىدى. بۇ مۇبارەك زاتنىڭ پەرزەنتى مۇھەممەد سەيىد ۋاڭ — تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — ئىدى. ھەزرىتى فەرىدۇن ۋاڭ ئۆز ھاياتلىقىدا «تەۋفىق ئەزىز بەندىلەرگە ئاتا قىلىنىدىغان نەرسە» دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئەمەل قىلىپ، بۇ ئالەم ئىشلىرىنىڭ تۈگىمەسلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ ۋە ئۆمۈرنىڭ قىسقىلىقى، بىۋاپالىقىنى ئويلاپ، «بۇ دۇنيا ئاخىرەتنىڭ ئېكىنزارلىقى» دېگەن ھەدىسنىڭ مەنىسىدىن خەۋەردار بولۇپ، شەھەر ئىچىدە بىر مەدرىسە سالدۇرۇپ، بازار ئىچىدە نەچچە ئازادە سۇپىلار ۋە شەھەر سىرتىدا كارۋان ساراي ياسىتىپ، بۇ مەدرىسەگە مۇتلەق ۋەخپە قىلدى.

بۇ سۇلتان كاشغەرگە تەۋە ھەممە كەنت، سەھرالارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ، سۈيى ئازلىق قىلسا، نۇرغۇن ھاشار يىغدۇرۇپ، ئۆستەڭ ـ ئېرىقلىرىنى چاپتۇرۇپ، سۈيىنى چىقىرىپ يەتكۈزۈپ بېرىپ، ھەممە خەلقلەرنى كەڭتاشا تېرىتقۇزۇپ، يەر ـ سۇغا قاندۇراتتى. پېقىر، ئاجىزلارنىڭ ھالىدىن



خەۋەردار بولۇپ، ياخشىلارغا ئىلتىپات، ئېھسان قىلىپ، يا-
مانلارغا جازا بېرىپ تۈزىتىپ تۇراتتى.

بۇ ئادالەتلىك ھۆكۈمدار ۋە بۈيۈك پادىشاھنىڭ ياخشى نىيەتلىرىنىڭ تەسىرى چوڭ – كىچىك ھەممە خەلقلەر كۆڭۈللىرىگە ھارارەت يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى تەسىرلەندۈرگەنلىكتىن، پۇقرالارنىڭ ئوقەتلىرى كۈندىن – كۈنگە يۈرۈشۈپ، پۇلدار، مالدار، زەردار بولدى؛ باياشاتلىق ۋە ئاۋاتلىق دەرىجىسىگە يېتىپ، تىنچ – ئامان بولغانلىقىغا ھەممە كىشىلەر خۇش بولۇپ، ھەققە شۈكۈر ئېيتىشاتتى.

بۇ ئادالەتلىك ئۇلۇغ پادىشاھ سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرغاندا، كاشغەرگە تەۋە ھەممە يۇرت، كەنت، سەھرالارنىڭ بەگ، ئاخۇن، ئاكابىر – ئەشرەپ، ئۇلۇغلىرى سەھەر – ئاخشام ۋاقىتلىرىدا يىغىلىپ كېلىپ، تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، كۆرۈنۈش قىلىپ، يۇرتدارلىق ئىشلىرى توغرىسىدا قىلىنغان ھۆكۈملەرنى ئاڭلاپ ئۆز يۇرتىغا ياناتتى. دەۋا ئەھۋالىنى سورار ۋاقىتىدا پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، دەۋا ئەھۋالىنى سورايدىغان بەزمىگاھىغا چىقىپ ئولتۇراتتى، ئاندىن بىر – بىرلەپ ئالدىغا ئەكىرىپ ئەرز ئەھۋالىنى تەھقىقلەپ، چېچەن بەگلەرنى يۈگۈرتۈپ، ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئەقىل – پاراسىتىنى يۈرگۈزۈپ، كۆپ تەرەپلىمە ئويلاپ، ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن قاراپ ۋە سوراپ تۈگىتىپ چىقىراتتى. بەزىلىرىنى شەرئەت قازىلىرىنىڭ ئالدىغا ئادەم بۇيرۇپ، مەسلىھەتىنى ئېلىپ، شەرئەت بىلەن تۈگىتەتتى.



بۇ سۇلتاننىڭ بەزى ئالاھىدە ئادەتلىرى مۇنداق ئىدى: كېچىلىرى ئۇخلىماي «قۇرئان» تىلاۋەت قىلىپ، زىكىر تەسبىھ ئېيتاتتى، ئاللاغا يۈزلىنىپ كۆزلىرىدىن ياشلىرىنى تۆكۈپ، ئاجىزلىقىنى ئىپادىلەپ، دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، پۇقرالار ھەققىگە دۇئا قىلاتتى. كېچىلىرىنى مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتكۈزەتتى. گاھى ئۆلىما – دەرۋىشلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ، كىتابخانلىق قىلاتتى ۋە تائەت – تىلاۋەتتە بولاتتى. كۆرۈنۈشتە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى ھەربىيلەرگە خاس ئۇسۇلدا باشقۇرۇپ تۇراتتى. كۆڭلىدە ھەمىشە نامرات، ئاجىز، دىلى سۇنغان، يېتىم، بىچارە، غېرىب، جاپاكەش ئاۋاملارنى ئويلاپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھالىغا يېتىپ، ئەرزىنى ئاڭلاپ، سېخىيلىق، مېھرىبانلىق، شەپقەت ۋە ياخشىلىق قىلاتتى.

ھەزرىتى فەرىدۇن ۋاڭ — تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — نىڭ ئۆزى ھايات ۋاقتىدا، ئۇ زاتنىڭ پەرزەنتى مۇھەممەد سەييىد ۋاڭ ياركەندكە تولۇق ھوقۇقلۇق ھاكىم ئىدى. بۇ ۋاقىتتا



ھەزرىتى مۇھەممەد سەييىد ۋاڭ بەگنىڭ پەرزەنتى، جىگەر پارىسى، خۇشاللىقى بولغان ھەزرىتى ئەفرىدۇن ۋاڭ بەگ كىچىك ئىدى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ھەزرىتى فەرىدۇن ۋاڭ بەگكە كېسەل تېگىپ، بىرنەچچە كۈن يېتىپ قالدى، تېۋىپ - ھەكىملەر كېلىپ كۆرۈپ سەۋەبكارلىق قىلدى. خۇدا ھەققىدە نەزىر - نىيازلار قىلدى. كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ، ئۆلىمالار ۋە بەگلەر، يۇرت - يۇرتلارنىڭ چوڭلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ۋىدالاشتى. ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە يېقىنلىرىغا نەسىھەت قىلىپ، ھەممە تەئەللۇقاتلىرىدىن كۆڭۈل رىشتىسىنى ئۈزۈپ، بەدەن قۇشى بۇ پانىي ئالەمدىن يۈكسەك ئالەمگە كۆچتى.

شۇ ۋاقىتتا پەرزەنتى مۇھەممەد سەييىد ۋاڭ بەگكە خەۋەر يېتىپ، ياركەند شەھىرىدىن كاشغەرگە يېتىپ كەلدى. بۇ شەرەپلىك زاتنىڭ نامىزىغا كېلىشكە كاشغەرگە تەۋە ھەممە كەنت، سەھرالاردىكى بەگ، ئاخۇن، شەيخ، يۈزبېشى، ئونبېشى، ئىمام، مەزىن قاتارلىق چوڭ - كىچىك خەلقلەرگە خەۋەر قىلىندى، ھەممە خەلقلەر توپلاندى.

ئاخۇنلار ھەزرىتى فەرىدۇن ۋاڭنىڭ بەدىنىنى يۇيۇپ، جەسىتىنى جىنازىغا سېلىپ، نامىزىنى چۈشۈرۈپ، كۆتۈرۈپ ماڭدى. باشلىرىدىن بىرنەچچە خىزمەتكارنى ئۆرۈپ ئازاد قىلدى، يەنە ھەسرەتلىك باشلىرىدىن ئالتۇن - كۈمۈش، پۇل - ماللىرىنى چېچىپ سەدىقە بەردى. ھەممە چوڭ - كىچىك خەلقلەر يىغلىشىپ نالە - پىغان قىلىشىپ، ئارقىسىدىن ھەسرەت - نادامەت چېكىپ مېڭىشتى ۋە مېيىتنى ھەزرىتى سەييىد ئافاق غوجا بۇزرۇكۋارنىڭ مازارى ئاستانىسىگە ئاپىرىپ، گۈمبەز ئىچىدە دەپنە قىلدى. شەھەر - شەھەر، دىيارلاردىن كەلگەن بەگ، ئاخۇن، شەيخ، ئىمام، مەزىن، يۈزبېشى، ئونبېشى، ئاۋام، خەلقلەرگە مال - دۇنيالىرىدىن قىلغان خەير - ساخاۋەتلىرىنى چوڭ - كىچىك ھەممە خەلقلەرگە نەچچە كۈنگىچە بەردى. ئىسقادلىرى ئۈچۈن ئالتۇن، يامبۇ، كۈمۈش، پۇل - مال، تۆگە، ئات، كالا قاتارلىقلارنى نامرات، ئاجىز، گادايلارغا يەتكۈزۈپ ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. نامرات، ئاجىز، گاداي كىشىلەر كېلىپ بۇلاردىن ئېلىپ باي بولدى. خەزىنە - دەپىنە، مال - دۇنيالارنى سەرپ قىلىش چېكى ۋە چېگراسى قالمىدى.



ئاندىن مۇھەممەد سەييىد ۋاڭ بەگ ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ھاكىمبەگ بولۇپ، ياركەند ئەھلىنىمۇ قوشۇپ بىرنەچچە يىل ئادالەت بىلەن سوراپ، بەگلەر، نامرات، ئاجىز پۇقرالارنىڭ



ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، مەرھەمەت قىلىپ، شەرىئەتنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاۋام - پۇقرالارنىڭ دەۋا، سوراقلىرىنى شەرىئەت ھۆكمىگە ئۇيغۇن ھالدا سوراپ، پۇقرالار ھالىغا يېتىپ ۋە ياخشىلارغا ئىلتىپات، ئېھسان قىلىپ، يامانلارغا جازا بېرىپ، يۇرتنى تىنچ - ئامان قىلدى. شۇ تەرىقىدە كاشغەر، ياركەندلەرنى بىرنەچچە يىل سوراپ تۇرغان ۋاقىتلىرىدا، بۇ ئالەم بىۋاپالىق قىلىپ، غەلىيانچىلار باستۇرۇپ كېلىپ، تۇساتتىنلا ئالەمدە غەۋغا - توپىلاڭلار ۋە قىيامەتنىڭ سۈرەن - چوقانلىرى پەيدا بولۇپ، ھەزرەتى فەرىدۇن ۋاڭنىڭ گۈلشىنى، خۇشاللىقى بولغان پۇتكۇل جىگەر پارە پەرزەنتلىرىگە تەقدىر قازاسى يېتىپ، ھەزرەتى مۇھەممەد سەييىد ۋاڭ بەگ ئاجىزلىق ۋادىسىدا ھەيران، غەمكىنلىك دەشتىدە سەرگەردان بولدى.

ئاندىن كېيىن ئەفرىدۇن ۋاڭ بېگىمگە خاندىن يارلىق چىقىپ، تۇرپاندا ئون يىل، ياركەندتە ئون ئىككى يىل تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئالەم مالىمان بولۇپ، بۇ شەھەرلەر ئون تۆت يىل پادىشاھسىز قېلىپ، ئاندىن خاندىن چېرىك چىقىپ بۇ شەھەرلەرنى ئىلكىگە ئالدى. سۇلتان مەھمۇد ۋاڭ بېگىمنى تۇرپان دىيارىغا ۋاڭ قىلىپ، جاساقلارنى بەردى. ئۇ ئون سەككىز يىل تولۇق ھوقۇقلۇق ھۆكۈمران پادشاھ بولۇپ، بۇ شەھەرلەرنى باشقۇرغاندىن كېيىن، بۇ ئالەم بىۋاپالىق قىلىپ، بۇ پانىي ئالەمنى تۇساتتىنلا تاشلاپ، ئاخىرەتنى خالاپ، جان قۇشى بەدەن قەپىسىدىن پەرۋاز قىلىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ جىگەر پارىسى، كۆڭۈل شادلىقى ھەزرەتى ئىمىن ۋاڭ بېگىمگە پادشاھلىق تېگىپ، بۇ يۇرتتىكى پېقىر، ئاجىز، نامرات، گادايلارغا مەرھەمەت ئەيلەپ، ئۇشرە - زاكاتلارنى چوڭ - كىچىك كىشىلەرگە يىغدۇرۇپ، گەدىنىدىن ئادا قىلىپ، يۇرتنىڭ تىنچ - ئامان بولۇشىغا كۆپ تىرىشچانلىق قىلىپ، ئادالەت بىلەن تۇتۇپ تۇرغىلى تۆت يىل بولۇپتۇ. خۇداۋەندە تائالا ئۆمرىنى تۆت مىڭ يىل ئۇزۇن، دۆلىتىنى زىيادە قىلغاي.



ئوقۇلغۇسى: ھەزرەتى ئىمىن خانلىقنىڭ فەرزەندلەرى: نۇر-مۇھەممەد خاجە، سۇلايمانخان، ئەۋرازىفخان، سەيفۇللاخان، ئىسكەندەرخان، فەرىدۇنخان، موساخان، بەھرامخان. بۇلار جەمئىي سەككىز ئوغۇل ئىكەندۇك[1]. مۇھەممەد سەييىد ۋاڭ ئىبنى ئەفرىدۇن ۋاڭ ئىبنى سۇلتان مەھمۇد ۋاڭ ئىبنى ئىمىن ۋاڭ. ھەزرەتى فەرىدۇن ۋاڭ ئەلەيھىر - رەھمەنىڭ ئوغلانلارى ھەزرەتى مۇھەممەدسەييىد ۋاڭ بەگ دەپ بىرلا ئوغلانلارى بار ئىكەن. بۇ فەرىدۇن ۋاڭ دېگەنى خۇدا ۋە رەسۇل كاشغەر دىيارى ئىچرە ياساتانىپ ياتقان ئەرۋاھى ھەزرەتلەرنىڭ ئىمدادى بىرلەن كاشغەر ئەھلىغە يىگىرمە سەككىز يىل پادشاھى ھاكىمى مۇتلەقول - ئە-



نان ۋە ساھىبى مۇسەللەت[2] ئولۇپ، تەختى سەلتەنەتتىن مۇقىمى بەرقەرار ۋە مەركەزى شەرافەتدە مۇستەقىمى پايدار[3] جانشىن ئەيلەپ، كاشغەرغە تابىئ ھەممە كەنت سەھرالاردا ياتقان ئەزىز ۋە بۇزۇرگۋارلارنىڭ مەزارەت – ئاستانەلەرنى ياساپ، ئۇلارنىڭ ئاستانە ۋە كارخانەلەرىغە تىيىۋ، ئات، كالا، قوي، ئۆند، گورۇنج، يامبۇ، پۇل – مال نەزر – نىياز ئالىپ بارىپ، دۇئا قىلدۇرۇپ ئۆتكەزىپ، ھەمىشە مەدەد ئىستىمدادتىلەر ئەردىلەر ۋە بەگلەر، ۋە فۇقەرالار ھالىدىن ئاگاھلىق ئەيلەپ، ئۇلەما، دەرۋىشلەرغە ئىززەت ۋە ھۆرمەت ۋە ئىكرام، ئېھسان قىلۇر ئەردىلەر. كەنت – سەھرالارنىڭ سۇيى تەغىير ئولسا، سۇ چىقارىپ بېرىپ، فەقىر، ئاجىز، نامراد ۋە رەئىيەتلەرنى تارىتىپ، سىيراب، ئەمىنۇ ئامان، ئاباتلىق بولۇشغا جىددۇ جەھد ۋە سەئيۇ كۆشىش قىلۇر ئەردىلەر.

ۋە ئول سۇلتاننىڭ نىھايەتى نىيەتى خالىسلىقلارىدىن، قىلغان دۇئالارنىڭ بەرەكاتىدىن كاشغەرغە تابىئ ھەممە كەنت سەھرالاردىكى بەگ، ئاخۇند، شەيخ، يۈز باشى، ئون باشى، ئىمام، مۇئەززىن، فۇقەرا، ئاجىز، نامراد ۋە رەئىيەتلەر رەۋزە بەرەۋزە سىيراب ئەمىنۇ ئامان ۋە ئاباد بولۇپ ۋە ھەر قايسىلارى ئات، كالا، پۇل مال تاپىپ، ئاباتلىق ۋە مەئمۇرلۇق مەرتەبەسىغە ئۇلانىپ، شاد خۇررەم بولۇپ، سەباھ ۋە مەسا فىرۇزى خەمسەدە دەرگاھى ھەق سارىغا باقىپ، شۈكرگۇزارلىق ئەيلەپ، ئول زاتى بابەرەكاتنىڭ دەۋلەت ئىقباللارىغا دۇئايى خەير قىلۇر ئەردىلەر. ئول زات بابەرەكات كۈندۈزلەردە سايىم ۋە كېچەلەردە قايىم ۋە رۇكۇئ ۋە خۇشۇئدا ئەردىلەر. ئول زاتى شەرىفنىڭ فەرزەندلەرى مۇھەممەد سەيىيد ۋاڭ ئەلەيھىر – رەھمە ئەردىلەر. ئول شەھەنشاھى ئالەم پەناھ، يەئنى ھەزرەتى فەردۇن ۋاڭ[4] ئۆز ھاياتلىقىدا «ئەتتەۋفىقۇ شەيئۇن ئەزىمۇن لايۇئتا ئىللا لىئەبدى ئەزىز» مەزمۇنىغا ئەمەل قىلىپ، بۇ ئالەمى چەرخى غەددارنىڭ بىۋاپايانلىغىن كۆزلەپ، ۋە ئۆمرىنىڭ قەلىل ۋە بىۋەفالىغىن ئىستەپ «ئەددۇنيا مەزرەئەتۇن ئاخىرەتى» دىگەن ھەدىسى نەبەۋى مەئىنىسىدىن ۋاقىف ئولۇپ، شەھەر ئىچىدە بىر مەدرەسەئى ئالىي مۇنبەرى مۇتەئالىي بىنا ئەيلەپ، بازار يۈزىدە نەچچە ئۆي فۇزۇل سۇففەلەر ۋە شەھەر تاشىدە كارۋان سارايى قىلدۇرۇپ، بۇ مەدرەسەغە ۋەقفەئى مۇتلەق قىلدىلار. ۋە ئول سۇلتان كاشغەرگە تەۋە ھەممە كەنت – سەھرالارنىڭ ھالىدىن خەۋەردار ئولۇپ، سۇيى ئازلىق قىلسا، نورغۇن ھەشر قىلدۇرۇپ، ئۆستەڭ – ئېرىقلارنى چاپتۇرۇپ، سۇيىنى چىقارتىپ يەتكۈزۈپ بېرىپ ھەممە خەلقلەرنى كەڭرۇ تارىتىپ سىيراب قىلۇر ئەردىلەر. فەقىر، ئاجىزلارنىڭ ھالىدىن خەبەردار ئو-





لۇپ، ياخشىلارغا ھۆكمى ئىلتىپات، ئېھسان ئەيلەپ، يامانلارغا جەزا بېرىپ تۈزەتۈر ئەردىلەر. ۋە ئول شەھەنشاھ ئادالەت پەناھ ۋە ھۆكۈمەت دەستىگاھىنىڭ ياخشى نىيەتلەرى ئاسارى چوڭ - كىچىك ھەممە خەلقلەر كۆڭۈللەرىغە تابىش ۋە تەئسىر ئولغانىدىن ئۇلۇس خەيللەرى رەۋزە بەرەۋزە ئەۋقات تاپىپ پۇلدار، مالدار ۋە زەردار ئولۇپ، مەئمۇرلۇق مەرتەبەسىغە ۋە ئابادلىق دەرەجەسىغە ئولانىپ، تىنچ - ئامان ئولغانىغا ھەممە خەلقلەر خۇشنۇد ئولۇپ، دەرگاھى ھەققە شۈكرگۇزارلىق قىلۇر ئەردىلەر. ۋە ئول شەھەنشاھى ئادالەت تەختى سەلتەنەتىدە بەرقەرار ئولغانلارىدا، كاشغەرغە تابىئ ھەممە يۇرت - كەنت، سەھرالارنىڭ بەگ، ئاخۇند، ئەكابىر - ئەشرەف، ئۇلۇغلارى سەباھ ۋە مەسا ۋەقتىدە يىغىلىشىپ كېلىپ، تەئزىم تەھىييە ئەدا ئەيلەپ، كۆرۈنۈش قىلىپ، يۇرتدارلىق ئىشتىغال ھالەتىدىن ئايغان ھۆكملەرىن ھەر قايسىلارىن ئاڭلاپ، ئۆز يۇرتىغا يانۇر ئەردىلەر. دادخاھ ئەھۋالىن سورار ۋەقتىندە نەماز پىشىن نەمازىنى ئەدا ئەيلەپ، دادخاھ ئەھۋالىن سورايدۇرغان بەزمگاھىغا چىقىپ ئولتۇرۇر ئەردىلەر، ئاندىن بىر - بىر ئالدىلارىغا ئېلىپ كىرىپ ئەرز ھال ئەھۋالىدىن تەھقىقلەپ، خىرەدمەندلىغ بەگلەرنى يۇگۇرتۇپ، جىلۋەگە كەلتۇرۇپ ۋە فەرا تەۋسەنىن يۇگۇرتۇپ ۋە ئىمتىھال خىيالاتلارى چەشمەلەرى ئىلە قاراپ ۋە سوراپ توگەتۈپ چىقارۇر ۋە بەئزىلەرىن شەرئىگە، ئاخۇندلارنىڭ ئالدىغا كىشى بۇيرۇپ كۆرگۈزۈپ، شەرئى بىرلەن توگەتۈر ئەردىلەر. بۇ سۇلتاننىڭ بەئزى خەۋارىق ئاداتلارى بۇ ئەردىكىم: كېچەلەردە بىدار ئولۇپ تىلاۋەتى قۇرئان ۋە زىكرى سەنا ئەيلەپ، دەرگاھى ئىلاھىيغا بويۇن قىسىپ يۈز كەلتۈرۈپ، چەشمەسىدىن ئەشكى دۇرلارىنى تۆكۈپ نىيازمەندلىغ ئەيلەپ، دۇئا ۋە تەلەب ئىلە ئولتۇرۇپ، فۇقەرالار ھەققىدە دۇئا قىلۇر ئەردىلەر. كېچەلەرنى بۇ تەرىقە بىرلە ئۆتكەزۇر ئەردىلەر ۋە گاھى ئۇلەما - دەرۋىشلەر بىرلەن ھەمسۆھبەت ئولۇپ، كىتابخانلىق ۋە تائەتكارلىق قىلۇر ئەردىلەر. زاھىرەن سىپاھلىق تەرىقەسى بىرلە ئالەمسازلىق ئىشلارىنى ھۆكمرانلىق ئەيلەپ توگەتۈر ئەردىلەر ۋە باتىنەن ھەمىشە فەقر، ئاجىز، شىكەستە دىل ۋە يەتىم، بىچارە ۋە غەرىب ئەۋارە رەئىييەتلەر ھالاتلارىدىن ۋاقىف ئولۇپ، بۇلارنىڭ ھالىغا يېتىپ، ئەرزىن ئاڭلاپ، مەرھەمەت ۋە شەپقەت ۋە مۇرۇۋۋەت ۋە ئىلتىفاتلار قىلۇر ئەردىلەر. ھەزرەتى فەرىدۇن ۋاڭ بەگ ئەلەيھىر - رەھمەنىڭ ئۆز ھاياتلىقلارىدا فەرزەندلەرى مۇھەممەد سەيىد ۋاڭ بەگ ياركەند شەھرىغە ھاكىمى مۇتلەقۇل - ئىنان ئەردىلەر⑤. ھەزرەتى مۇھەممەد سەيىد ۋاڭ بەگنىڭ فەرزەندى



ۋە دىلبەند ۋە جىگەر گوشەئى خۇرسەندەلەرى ھەزرەتى ئەفرىدۇن ۋاڭ بەگ كىچىك ئىدىلەر. كۈنلەردىن
بىر كۈنى ھەزرەتى فەرىدۇن ۋاڭ بەگكە كېسەل ئەرز ئولۇپ، بىر نەچچە كۈن ياتىپ قالىپ، تەبىب - ھۆ-
كەمالار كېلىپ كۆرۈپ، سەبەبكارلىق قىلدىلار. خۇدا ۋە رەسۇل ھەققىدە نەزىر - نىياز قىلدىلار. كېسەل-
لەرى كۈندىن كۈنگە زىيادە بولۇپ، ئۆلەمالار ۋە بەگلەر، يۇرت - يۇرتلارنىڭ چوڭلارى بىلەن كۆرۈشۈپ
ۋىدالاشىپ، ئەھلى ئەيال ۋە نەدىملەر، خەيللەرىغە پەند - نەسىھەتلەر قىلىپ، جەمئى تەئەللۇقاتلارىدىن
كۆڭۈل رىشتەسىن ئۈزۈپ، بەدەن قۇشلارى بۇ ئالەمى فانىيدىن ئالەمى بالاغا رىھلەت قىلدىلار. شول سا-
ئەتتە فەرزەندلەرى مۇھەممەد سەييىد ۋاڭ بەگكە خەبەر يېتىپ، ياركەند شەھرىدىن كاشغەرغە يېتىپ كەل-
دىلەر ۋە ئول زاتى شەرىفنىڭ نەمازلارىغا كاشغەرغە تابىئ ھەممە كەنت - سەھرادىكى بەگ، ئاخۇند، شەيخ،
يۈز باشى، ئون باشى، ئىمام، مۇئەززىن، چوڭ - كىچىك خەلقلەرگە خەبەر بېرىپ، ھەممە خەلقلەر جەمئ
ئولدىلار. ئاخۇندلار ھەزرەتى فەرىدۇن ۋاڭنىڭ بەدەنلەرىنى يۇپ[6]، جەسەدلەرىنى جىنازەگە سالىپ، نەمازلا-
رىنى ئۆتەپ، كۆتەرىپ يۇردىلەر. باشلارىدىن بىرنەچچە بەند خىزمەتكارلارنى ئۆرۈپ ئازاد قىلىپ ۋە داغى
باشلارىدىن ئالتۇن - كۈمۈش، پۇل - ماللارنى ساچتىلار. ھەممە چوڭ - كىچىك خەلقلەر يىغلاشىپ، نا-
لە - فىغانلار تارتىپ، ئارقالارىدىن ھەسرەت ۋە نەدامەت چېكىپ، ھەزرەتى سەييىد ئافاق بۇزۇرگۋارنىڭ
ئاستانەلەرىغە ئالىپ بارىپ، گۈمبەز ئىچرە دەفن قىلدىلار. شەھەر - شەھەر، دىيارلاردىن كەلگەن بەگ،
ئاخۇند، شەيخ، ئىمام، مۇئەززىن، يۈز باشى، ئون باشى، ئاۋامىي خەلقلەرگە ئۇلۇغ مەتائلاردىن قىلغان
خەيرىيەت ۋە تەسەددۇقاتلارىنى چوڭ - كىچىك ھەممە خەلقلەرگە نەچچە كۈنغەچە بەردىلەر. ئىسقاتلارىغا
ئالتۇن، يامبۇ، كۈمۈش، پۇل - مال، تىيۋە، ئات، كالا چاغلىقلارنى ئاياغى فەقىر، ئاجىز، گادايلارغىچە
يەتكۈزۈپ ئۈلەشتۈرۈپ بەردىلەر. نامرات ۋە ئاجىز، گەداي كىشىلەر كېلىپ ئالىپ غەنىي بولدىلار. خەزى-
نە دەفنەلەرىنى سەرف قىلىشنىڭ نىھايەتى قالمادى. ئاندىن مۇھەممەد سەييىد ۋاڭ بەگ ئاتاسىنىڭ ئورنىدا
ھاكىمى مۇتلەقۇل - ئىنان پادشاھ ئولۇپ، تەختى سەلتەنەتدە مۇقىم بەرقەرار ئولۇپ، ياركەند ئەھلىنى
بىرنەچچە يىل ئەدل - ئەدالەت بىلەن سوراپ ۋە بەگلەر، فەقىر، ئاجىز رەئىيەتلەر ھالىدىن خەبەر ئا-
لىپ، مەرھەمەت ئەيلەپ، شەرئىنى جارىي قىلىپ، رەئايا ۋە فۇقەرالار داد - سوراغلارنى مۇۋافىقى شەرئى
ھۆكمى سوراپ، فۇقەرالار ھالىغا يېتىپ ۋە ياخشىلارغا ئىلتىفات، ئېھسان قىلىپ ۋە يامانلارغا جەزا بې-
رىپ، يۇرتنى ئەمىنۇ ئامان قىلدىلار. شۇبۇ تەرىقەدە كاشغەر، ياركەندلەرنى بىر نەچچەند يىل سوراپ تۇر-
غان ۋەقتلەرىدە، بۇ ئالەم بىۋەفالىق يۈز كەلتۈرۈپ ۋە جەھان خەيللەرىن ئانىڭ سارى يۈزلەنىپ، تەرەفھا
بۇ ئالەم ئىچرە شۇرۇ غەۋغايى ئەزىملەر ۋە ئەلايى مۇستەقىملەر فەيدا بولۇپ، ھەزرەتى مۇھەممەد سەييىد
بەگ ۋاڭ بەگ، كۆللى گۈلشەنى ھەزرەتى فەرىدۇن ۋاڭ بەگنىڭ فەرزەندى ۋە جىگەر گوشە خۇرسەندەلەرىغە
قەزايى قەدەر يېتىپ، مەھزۇنلۇق ۋادىسىدا ھەيران، ئەندۇھلۇق دەشتىدە سەرگەردان بولدىلار[7]. ئاندىن
كېيىن ئەفرىدۇن ۋاڭ بېگىمگە خاندىن يارلىق چىقىپ، بۇ تۇرفاندا ئون يىل، ياركەندە ئون ئىككى يىل
ۋاڭلىق تەختىدە ئولتۇرغاندىن[8] كېيىن، ئالەم تەفرەقە بولۇپ، ئون تۆرت يىل بۇ شەھرلەر پادىشاھسىز
قالىپ[9]، ئاندىن خاندىن چەرىك چىقىپ، بۇ شەھرلەرنى تەسەررۇفىغە ئالىپ[10]، سۇلتان مەھمۇد ۋاڭ بې-
گىمنى تۇرفان مۇزافاتىغا ۋاڭ قىلىپ، جاساقلارنى بېرىپ، ئون سەككىز يىل پادشاھى ھاكىمى مۇتلەقۇل -
ئىنان ئولۇپ، بۇ شەھرلەرنىڭ ھەممەسىنى تەسەررۇفىغا ئالغاندىن كېيىن، بۇ ئالەم بىۋەفالىق ئىشلارىنى
يۈز كەلتۈرۈپ، تەرەفھا بۇ ئالەمى فانىينى تاشلاپ، دارى ئاخىرەتنى خۇشلاپ، جان قۇشى بەدەن قەفەسى-
دىن فەرۋاز ئەيلەپ كەتكەندىن[11] كېيىن، مۇنىڭ فەرزەندى دىلبەندى، جىگەر گوشەئى خۇرسەندى ھەزرەتى
ئەمىن ۋاڭ بېگىمگە پادشاھلىق يېتىپ[12]، بۇ يۇرتدا فەقىر، ئاجىز، نامۇراد، گەدايلارغا مەرھەمەت ئەيلەپ،
ئۇشرە زەكاتلارىنى چوڭ - كىچىك خەلقلەرغە يىگۈزۈپ بېرىپ، گەردەنىدىن ساقىت قىلىپ ئەدا ئەيلەپ،

يۇرتنىڭ ئەمنىۇ ئەمان بولاشىغا سەئيى كۆشىش قىلىپ، ئەدل ـ ئەدالەت بىلەن تۇتۇپ تۇرغالى تۆرت يىل بولۇپدۇر.[13] خۇداۋەندى تەئالا ئۆمرىنى تۆرت مىڭ يىل ئۇزۇن قىلىپ، دەۋلەتلەرىنى فۇزۇن قىلسۇن. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

ئىزاھات:

① بۇ نەسەبنامىدە ئىمىن غوجىنىڭ سەككىز ئوغلى ياش تەرتىپى بويىچە تىزىلمىغان، ياش تەرتىپى بويىچە تىزىلىشى مۇنداق: نۇرمۇھەممەت غوجا، سۇلايمانخان، موساخان، ئەۋرازىپخان، سەيپۇللاخان، ئىسكەندەرخان، فەرىدۇنخان، بەھرامخان. نۇرمۇھەممەت غوجا مەجرۇھلۇقى ۋە ئانىسىنىڭ «قارا ئۇستىخان» بولۇشى سەۋەبلىك ھاياتىدا ئەمەل ـ مەنسەپ تۇتمىدى؛ سۇلايمانخان ئىمىن غوجىنىڭ ئورنىغا تۇرپان ئەنانچىخانلىقىغا ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ خاتالىق ئۆتكۈزدى دېگەن سەۋەب بىلەن 1779 ـ يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 44 ـ يىلى) چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى. موساخان ئىلىدا ھاكىمبەگ بولدى؛ ئۇ 1766 ـ يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 31 ـ يىلى) بېيجىڭغا بېرىش سەپىرىدە قومۇل يەتتە قۇدۇقتا تۇيۇقسىز كېسىلى قوزغىلىپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئەۋرازىپخان (غۇلام غوجا دەپمۇ ئاتىلىدۇ) موساخاندىن كېيىن ئىلىغا ھاكىمبەگلىككە تەيىنلەندى. ئىلىدىكى ھاكىمبەگلەر ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر؛ سەيپۇللاخان (ئىسراپىل غوجا دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئەۋرازىپخان ئىلىغا ھاكىمبەگ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بوش قالغان ئورنىغا خوشۇن ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان يارەمچى ھاكىمبەگلىككە تەيىنلەندى. كېيىن ئىنىسى ئىسكەندەر كاشغەرگە ھاكىمبەگلىككە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، تۇرپاندىكى ۋاڭلىق ئىشلىرىنى سەيپۇللاخان باشقۇردى؛ بەھرامخان ئەمەل ـ مەنسەپ تۇتماي ئۆتتى.

② بۇ جايدا ئىشارەت قىلىنغان كىشى ئىمىن غوجىنىڭ 1779 ـ يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 44 ـ يىلى) تۇرپاننىڭ ئىنانچىخانلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن ئالتىنچى ئوغلى ئىسكەندەر ۋاڭ. بۇ نەسەبنامىدە يېزىلغان «كاشغەر دىيارىغا يىگىرمە سەككىز يىل ھاكىمبەگ...»دىكى ۋاقىت توغرا ئەمەس. ئىسكەندەر ۋاڭ 1788 ـ يىلدىن 1811 ـ يىلغىچە كاشغەردە 23 يىل ھاكىمبەگ بولدى. 1788 ـ يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 53 ـ يىلى) كاشغەر ھاكىمبېگى ئوسمان بەگ كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغاندا، ئىسكەندەر ۋاڭ چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن كاشغەرنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەندى. ئىسكەندەر ۋاڭ كاشغەردە ھاكىمبەگلىك ۋەزىپىسىنى ئوبدان ئادا قىلىپ، ئاۋامنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش بىلەن بىللە ئۈچ قېتىم مەنچىڭ خانىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ئىسكەندەر ۋاڭ 1811 ـ يىلى (جياچىڭنىڭ 16 ـ يىلى) كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەندە، جەسىتى تۇرپان ئاستانىدىكى ئالتۇنلۇققا ئاپىرىلماي، ئۆزى ھايات چېغىدا ياساتقان ئاق مازار (ھازىرقى قەشقەر شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئائىلىلىكلەر قورۇسى ئىچىدە)غا ئۇنىڭ ھايات چېغىدىكى ۋەسىيىتىگە ئاساسەن دەپنە قىلىندى. موللا مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي يازغان «تاجىنامەئى ئىسكەندەر» ۋە ئەلى ئىبنى ئاخۇند ئابدۇلئەزىز تۇرپانىي پارسچىدىن تەرجىمە قىلغان، «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىۋاتقان «ئىسكەندەرى ئايىنە» دەل ئىسكەندەر ۋاڭنىڭ تەشەببۇسى ۋە قوللىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن ھەم دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن كىلاسسىك ئەسەردىندۇر.

③ يازما نۇسخىدا بۇ سۆز «فەيدار» دەپ يېزىلىپ قالغان، ئەمما جۈملە مەزمۇنىدىن قارىغاندا، «فەيدار» ئەمەس، «پايدار» بولۇشى كېرەك.

④ بۇ نەسەبنامە فەرىدۇن ۋاڭنىڭ كاشغەردە ھاكىمبەگلىك مەنسىپىدە ئولتۇرغانلىقى توغرىسىدا بىزنى يېڭى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئىسكەندەر ۋاڭ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى يۇنۇس ۋاڭ ئاتىسىنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، 1811 ـ يىلى (جياچىڭنىڭ 16 ـ يىلى) تۇرپاندا ئىناقچىخانلىق مەنسىپىگە ئېرىشىپ، كاشغەر ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەندى. 1814 ـ يىلى (جياچىڭنىڭ 19 ـ

يىلى) باشقىلارنىڭ تۆھمەت قىلىشى سەۋەبلىك يۇنۇس ۋاڭ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى. ئىمىن غوجىنىڭ يەتتىنچى ئوغلى فەرىدۇن ۋاڭ 1815 - يىلى (جياچىڭنىڭ 20 - يىلى) يۇنۇس ۋاڭنىڭ ئىنانچىخانلىق مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلدى. فەرىدۇن ۋاڭ بۇنىڭدىن بۇرۇن تۇرپاندا تەيجىلىك مەنسىپىدە تۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنانچىخانلىق مەرتىۋىسىدە ۋە كاشغەر ھاكىمبەگلىك مەنسىپىدە قانچىلىك ۋاقىت تۇرغانلىقى توغرىسىدىكى قاراشلار بىردەك ئەمەس. فەرىدۇن ۋاڭنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئوغلى مۇھەممەد سەيىدنىڭ 1819 - يىلى (جياچىڭنىڭ 24 - يىلى) ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ئىنانچىخانلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقىدەك تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسەن، فەرىدۇن ۋاڭنىڭ 1815 — 1819 - يىللاردا كاشغەر ھاكىمبېگى بولغانلىقىنى جەزملەشتۈرگىلى بولىدۇ.

⑤ نەسەبنامىدە يېزىلغاندەك، «فەرىدۇن ۋاڭنىڭ ئۆزى ھايات ۋاقتىدا پەرزەنتى مۇھەممەد سەيىد ۋاڭ ياركەندكە تولۇق ھوقۇقلۇق ھاكىم ئىدى» توغرىسىدا ھازىرغىچە ھېچقانداق تارىخىي ماتېرىيال ئۇچرىمىدى. تەخمىنەن 1880 - يىللار ئەتراپىدا خانغا يوللاش ئۈچۈن خەنزۇچە يېزىلغان مەلۇماتنامىدىمۇ بۇنداق ئۇچۇر يوق. پەقەت كاشغەردە يۇنۇس ۋاڭنىڭ ھاكىمبەگلىك ئورنىدا ئەمەل تۇتقانلىقى قەيت قىلىنغان. شۇڭا، مۇھەممەد سەيىد ۋاڭنىڭ «ياركەندكە ھاكىم»لىقىنى يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئاندىن مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مۇھەممەد سەيىد ۋاڭ 1819 - يىلى (جياچىڭنىڭ 24 - يىلى) ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ئىنانچىخانلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، كاشغەرگە ھاكىمبەگ بولغانلىقى توغرىسىدا تارىخىي مەلۇماتلار ئېنىق.

⑥ يۇپ - يۇيۇپ، تۇرپان شېۋىسى.

⑦ مۇھەممەد سەيىد ۋاڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئەلنى ئىدارە قىلىشتىكى تەدبىركارلاردىن بولۇپ، ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى ۋە قەشقەر ئامبىلىغا ماسلىشىپ، كاشغەرنىڭ ھاكىمبەگلىك ئىشلىرىنى ئوبدان ئىشلىدى. جاھانگىر غوجا چېگرادىن ئۆتۈپ ئىغۋاگەرچىلىك قىلغاندا، قەيسەرلىك بىلەن قارشى تۇرۇپ، خىزمەت كۆرسەتكەچكە، مەنچىڭ خانىنىڭ ئۈچ قېتىم تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. 1826 - يىلى 7 - ئايدا (داۋگۇاڭنىڭ 6 - يىلى) جاھانگىر غوجا قۇتراتقۇلۇق قىلىپ كاشغەردە توپىلاڭ كۆتۈردى. جاھانگىر غوجا كاشغەر شەھىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندا، ھاكىمبەگ مۇھەممەد سەيىد ۋاڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قوچاقلاشما جەڭ قىلىش جەريانىدا توپىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. مۇھەممەد سەيىد ۋاڭ كۆچۈرگۈزگەن ياكى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىغان نەۋايىنىڭ ئەسەرلىرىگە تەئەللۇق 802 بەتلىك بىر قول يازما ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، بۇ قول يازمىغا «جاھاننى ئىدارە قىلغۇچى، فەرىدۇن نەسەبلىك شاھ مۇھەممەد سەيىدنىڭ مۆھۈرى ھىجرىيە 1237 - يىلى» دېگەن تامغا بېسىلغان.

⑧ ئەفرىدۇن ۋاڭ ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، داۋگۇاڭ خانىنىڭ تەستىقى بىلەن 1827 - يىلى (داۋگۇاڭنىڭ 3 - يىلى) ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ئىنانچىخانلىققا ۋارىسلىق قىلىپ، لۈكچۈندە ۋاڭلىق تەختىدە ئولتۇردى. بۇ ھەقتە لۈكچۈندە ئۆتكەن شائىر ئەھمەد غوجامنىياز ئوغلى قۇسۇرىي «رەۋزەتۇز - زوھرا» ناملىق داستانىنىڭ ۋاڭلارغا نەسىھەت قىسمىدا توختىلىپ مۇنداق يازغانىدى:

بولدى جۇڭۋاڭ شاھ سەككىز ياشىدا،
لەئلىلىك تاجى ئەفرىدۇن باشىدا.

1842 - يىلى (داۋگۇاڭنىڭ 22 - يىلى) ئەتراپىدا ئەفرىدۇن ۋاڭ كاشغەردىكى تۇغقىنى زوھۇرىددىن

هاكىمبەگ ئارقىلىق تالانتلىق شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىي، نورۇز ئاخۇن كاتىپ زىيائىي قاتارلىق شائىرلارنى لۈكچۈنگە تەكلىپ قىلىپ، ئەينى دەۋردىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرى بولغان بۇ ئىككى جايدىكى ئەدىبلەرنىڭ ئۆچرىشىشى ئۈچۈن ياخشى سورۇن، ئىجادىيىتى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت ياراتتى. ئۇ 1852 - يىلى (شيەنفىڭنىڭ 2 - يىلى) كۆزدە خانغا كۆرۈنۈش قىلغىلى بېيجىڭغا بارغاندا، ياركەندنىڭ هاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىنىپ ياركەندگە ئەۋەتىلدى. شيەنفىڭ خان ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ ياركەندتىكى خىزمەتلىرىنى تارتۇقلاپ «قوش قۇيرۇقلۇق ئامبال» مەنسىپىنى بەردى. 1862 - يىلى 4 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتى ئەفرىدۇن هاكىمبەگنىڭ مەنسىپى ۋە قوشۇمچە ئامباللىق ئۇنۋانى ۋە ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەفرىدۇن ۋاڭ تۇرپان لۈكچۈنگە قايتىپ كېلىپ داۋاملىق ئىناچىخانلىق مەنسىپىدە ئولتۇردى. چىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتى جەنۇبىي شىنجاڭدا ۋەزىيەت جىددىيلەشكەن مەزگىلدە يەنىلا سادىق، سىنالغان ئادىمى بولغان ئەفرىدۇننى تاللاپ، 1863 - يىلى 10 - ئايدا قايتا هاكىمبەگلىككە تەيىنلەپ كاشغەرگە ئەۋەتتى. 1864 - يىلى 7 - ئايدا كاشغەردە سىدىق بەگ، جىن شياڭيىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، كاشغەر كونىشەھەرنى ئىشغال قىلدى، ئەفرىدۇن ئەسكەر باشلاپ قوزغىلاڭچىلارنى تىنچىتماقچى بولدى، نەتىجىدە ئۆزى ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. ئاندىن بۇزرۇك غوجا تەرىپىدىن ياركەندكە ئەۋەتىلىپ، ياركەندتە كۇچا غوجىلىرىغا تۇتۇلۇپ، كۇچاغا ئېلىپ بېرىلدى، كۇچادا ياقۇپبەگنىڭ نازارىتىگە چۈشۈپ، كېيىن كاشغەرگە ئاپىرىلدى ۋە سەۋدايى كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، 1872 - يىلى يازدا 53 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ۋاهىتجان غوپۇر، ئەسقەر هۇسەيىنلەر نەشرگە تەييارلاپ «بۇلاق» مەجمۇئەسىدە ئېلان قىلغان لۈكچۈنلۈك شائىر موللا بۇساق نىيازىينىڭ خەتتات موللا فەتىھ قومۇلى تەرىپىدىن 1842 - يىلى كۆچۈرۈلگەن «دىۋانى نىيازىي» ناملىق دىۋانىغا «تۇرپان جاساق جۇنۋاڭى هەزرەتى ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ نىيازى كىتابەتلىرى» دېگەن ئۇچۇر يېزىلغان.

⑨ 1864 - يىلى ئەفرىدۇن ۋاڭ ھەپسىگە ئېلىنغاندىن تارتىپ 1878 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ياقۇپبەگنى يوقاتقۇچە ئارىلىقتا ياقۇپبەگ «يەتتە شەھەر هاكىمىيىتى»نى قۇرۇپ، جاي - جايلارغا بەگلەرنى تەيىنلىگەن بولسىمۇ، بۇ نەسەبنامىدە «بۇ شەھەرلەر ئون تۆرت يىل پادىشاھسىز قالدى» دەپ يازغان.

⑩ چىڭ سۇلالىسى 1875 - يىلى (گۇاڭشۈنىڭ 2 - يىلى) 5 - ئايدا زو زۇڭتاڭنىڭ قوماندانلىقىدا شىنجاڭغا 60 مىڭ كىشىلىك قوشۇن چىقىرىپ، ياقۇپبەگ هاكىمىيىتىگە زەربە بېرىشى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشى نەتىجىسىدە، 1878 - يىلى (گۇاڭشۈنىڭ 5 - يىلى) 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالدى.

⑪ چىڭ سۇلالىسى ياقۇپبەگنى يوقىتىپ شىنجاڭنى يېڭىباشتىن قايتۇرۇۋالغان چاغدا، ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ تۇرپاندىكى ئىناچىخانلىق ئورنىغا ۋارىس بولمىغاچقا، ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ ئاپىسى خۇشنارە خېنىم ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ 1863 - يىلى كۈزدە كاشغەر سەپىرىدە نىكاھىغا ئالغان خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ئوغلى مەھمۇدنى ياركەندتىن ئىزدەپ تېپىپ تۇرپانغا ئەكەلدى. شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى ليۇ جىنتاڭنىڭ خانغا يوللىشى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن مەھمۇد 1881 - يىلى (گۇاڭشۈنىڭ 7 - يىلى) تۇرپاننىڭ ئىناچىخانلىقىغا ۋارىسلىق قىلدى. 1900 - يىلى 4 - ئايدا مەجبۇرىي نىكاھىغا ئالغان بەشىنچى خوتۇنى ئانارنۇرخان توي كېچىسى ئۇستىرا بىلەن سۇلتان مەھمۇدنى ئېغىر يارىلاندۇرۇپ، ئۆزىنى ئېگىز ئوردىدىن تاشلاپ ئۆلۈۋالدى. ئوردىدىكىلەر سۇلتان مەھمۇد ۋاڭنىڭ بۇ سەتچىلىكىنى يوشۇرۇش ۋە لۈكچۈندىكى ئىسسىقتىن دالدىلىنىش ئۈچۈن، ئېغىر يارىلانغان سۇلتان مەھمۇدنى تەڭرىتاغدىكى ئۆرتەڭ ئارىشىڭدا داۋالاش ئۈچۈن ئېلىپ مېڭىشىدا، كېچىسى تۇيۇقسىز كەلگەن سەل جىرغىدا ئۇخلاپ ياتقان سۇلتان مەھمۇد ۋاڭنى ئېقىتىپ كېتىپ، جەسىتى سۇنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىن تېپىلدى. شۇنىڭ بى-

لەن ئۇنىڭ ئون سەككىز يىللىق ئىناتچىخانىلىق ھاياتى ئاخىرلاشتى.

⑫ ئىمىن ۋاڭ سۇلتان مەھمۇد ۋاڭنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، 1901 ـ يىلى (گۇاڭشۈنىڭ 27 ـ يى-لى) ئاتىسىنىڭ ئىناتچىخانىلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى. 1902 ـ يىلى پىچان ناھىيەسى قورۇلۇپ، ئور-دىسى پىچاننىڭ لۈكچۈنگە جايلاشقان بۇ ۋاڭلىق نام جەھەتتىن چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن بېرىلگەن قو-رۇق ئۇنۋانغا ئايلىنىپ قالدى. قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى بىلەن 1932 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۇرپان ئاستانىدىكى مەقسۇد مۇھىتى رەھبەرلىكىدە تۇرپان، پىچان، توقسۇنلاردا دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆ-تۈرۈلدى. مەقسۇد مۇھىتىنىڭ ئىنىسى مەھمۇت مۇھىتى، ئىمىن ۋاڭنىڭ ئوغلى مەتسايىت ۋاڭلار قو-مۇلغا بېرىپ غوجىنىياز ھاجىنى تۇرپانغا تەكلىپ قىلدى. قومۇل ـ تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى پىچانغا چىققاندا، مەتسايىت ۋاڭنىڭ تەكلىپى بىلەن لۈكچۈنگە كېلىپ توپلاشتى. دەل مۇشۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن، جىڭ شۇرېن تەرىپىدىن قومۇل ـ تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا ئەۋەتكەن شېڭ شىسەي ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ كېلىپ، لۈكچۈن شەھىرىنى توپقا تۇتتى. لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىغا ئوت كەتتى. ئىمىن ۋاڭنىڭ تۇتقاق كېسىلى قوزغىلىپ ئوتتا كۆيۈپ ئۆلدى. مۇشۇ قېتىمقى ھۇجۇمدا ۋاڭ ئوردا كۇتۇپخانىسىغىمۇ ئوت كېتىپ، بۇ يەردە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر، ئەرەب، پارس، مانجۇ، خەنزۇ تىل ـ يېزىقلىرىدىكى نۇرغۇن كىتاب، ۋەسىقىلەر كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى. لۈكچۈندە ياشاپ ئۆتكەن تەرجىمان، ھەكىم موللا مۇھەممەت سېيىتنىياز (1843 — 1927) دەل مۇشۇ ئىمىن ۋاڭنىڭ تەكلىپى ۋە قوللىشى بىلەن پارسچىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان «مەلۇماتۇل ـ ئافاق» ناملىق كىتاب دەۋرىمىز-گە يېتىپ كەلدى ۋە ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق ۋە ئەجمەلخان ھەبىبۇللا ھاجىلارنىڭ نەشرگە تەييارلى-شى بىلەن «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى.

⑬ 1900 ـ يىلى 4 ـ ئايدا سۇلتان مەھمۇد ۋاپات بولغاندىن كېيىن، چوڭ ئوغلى ئىمىن ۋاڭ ئۇنىڭ ئىناتچىخانىلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى. نەسەبنامىدىكى «يۇرتنى ئادالەت بىلەن تۇتۇپ تۇرغىلى تۆرت يىل بولۇپتۇ» دېگەن بايانلاردىن بۇنەسەبنامىنىڭ 1904 ـ يىلى يېزىلغانلىقى بىلىنىدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار :

① سۇ بېيخەي، خۇاڭ جيەنخۇا: «قومۇل، تۇرپان ئۇيغۇر ۋاڭلىرى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، ق . تۇران، ئە . ئەرشىدىن تەرجىمىسى.

② ئابدۇرشىت ئەھمەد: «لۈكچۈن تارىخى»، مەخسۇس توپلام، «پىچان تارىخى ماتېرىياللىرى»، 16 ـ قىسىم.

③ موللا مۇسا سايرامي: «تارىخى ھەممىدىي»،2007 ـ يىلى 9 ـ ئاي، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1 ـ نەشرى .

④ «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 7 ـ نەشرى .

⑤ «تۇرپان جاساق جۇنۋاڭ فەرىدۇنلارنىڭ نەسەبنامىسى»، «تۇرپان» ژۇرنىلى، 2005 ـ يىللىق 4 ـ سان، مەتنىياز قۇربان تەرجىمىسى.

⑥ شېرىپ نىياز خۇشتار: «شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن شەخسلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى 1 ـ ئاي نەشرى.

⑦ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن ئەھمەد ئىمىن ئەلنەزەر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق كومىتېتى ئاتالغۇلار ئىشخانىسىدا، ھاجى مامۇت غازى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك بانكىسى ياشانغانلار باشقارمىسىدا)




# ئىبنى بەتتۇتىنىڭ دەشتى قىپچاقتىكى ساياھىتى*

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن، ھەسەنجان جۇمەخۇن، مۇھەممەتجان قادىر

## 10. مۇھەممەد ئۆزبېكخاننىڭ خوتۇنلىرى

سۇلتاننىڭ ھەربىر خوتۇنىنىڭ بىردىن ھارۋىسى بار ئىكەن. ھارۋىنىڭ قۇببىسى ئالتۇن يالىتىلغان
كۈمۈش ياكى ياغاچتىن ياسالغانىكەن. ھارۋىلىرىغا قېتىلغان ئاتلارغا ئالتۇن يىپلار بىلەن چېتىلغان يو-
پۇقلار يېپىلىدىكەن. ھارۋىكەش بىر ئاتقا مىنىدىكەن. بۇ «ئالقىشى» (يىلقىچى) دەپ ئاتىلىدىكەن[32]. خان-
نىڭ خوتۇنى ھارۋىدا ئولتۇرغاندا، ئىككى يېنىدا ياشتا چوڭراق ئىككى خوتۇن ئولتۇرىدىكەن. ئالدىدا
ئالتە نەپەر، كەينىدە ئىككى نەپەر قىز ئولتۇرىدىكەن. ئوڭ تەرەپتىكىسى «ئۇلۇغ خوتۇن»، سول تەرەپتى-
كىسى «كىچىك خوتۇن» دېيىلىدىكەن. خوتۇننىڭ كەينىدە ئۆزى تايىنىپ ئولتۇرىدىغان ئىككى نەپەر دې-
دەك بار ئىكەن، خوتۇن بېشىغا توز پېيى ھەم قىممەتلىك تاشلار بىلەن زىننەتلەنگەن باش كىيىم، ئۈچى-
سىغا جاۋاھىراتلار بىلەن زىننەتلەنگەن يىپەك كىيىم كىيىدىكەن. ئوڭ ۋە سول تەرەپتىكى خوتۇنلارنىڭ
بېشىدا جىيەكلىرىگە ئالتۇن زەر تۇتۇلغان يىپەك ياغلىق بار ئىكەن. قىزلارنىڭ بېشىدا كۇلاھ بولۇپ،
كۇلاھنىڭ ئۈستۈنكى تەرىپىدە ئېسىل تاش بىلەن ئالتۇن ھەم توز قانىتى بار ئىكەن. ھەر بىرسىنىڭ
ئۈچىسىدا ئالتۇن بىلەن توقۇلغان يىپەك كىيىم بار ئىكەن[33].

خوتۇننىڭ ھارۋىسىنىڭ ئالدىدا ئۈچىسىغا ئالتۇن ۋە يىپەك كىيىملەرنى كىيگەن رىم ھەم ھىندى
يىگىتلىرى ماڭىدىكەن. بۇ يىگىتلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ قوللىرىدا ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ھەل بېرىلگەن
ياكى پۈتۈنلەي ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ياسالغان كالتەكلەر بار ئىكەن. ھارۋىنىڭ كەينىدىن يۈزلەرچە
ھارۋا يۈرىدىكەن. بۇ ھارۋىلارنىڭ ھەر بىرىدە يىپەك كىيىم كىيگەن، باشلىرىدا كۇلاھلىرى بار چۆرە
قىزلاردىن ئۈچ ـ تۆتى ئولتۇرىدىكەن. بۇ ھارۋىلارنىڭ كەينىدە يەنە تۆگە، كالىلار قېتىلغان ئۈچ يۈزدەك
ھارۋا بار بولۇپ، بۇنىڭغا خوتۇننىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرى بېسىلغانىكەن. شۇ ھارۋىلارنىڭ ھەربىرىگە
قارايدىغان بىردىن قۇل بار ئىكەن، بۇ قۇللار چوقۇم بىر چۆرە بىلەن توي قىلغان بولۇشى كېرەك ئىدى-
كەن. ئۇلارنىڭ ئادىتىدە خوتۇنسىز قۇللار دېدەكلەر ئارىسىدا يۈرىدىغان ئادەت يوق بولۇپ، ئۇلارنى يۇقى-
رىدا ئېيتقان چۆرە قىزلارغا ئۆيلەپ قويىدىكەن. ھەربىر خوتۇننىڭ مۇراسىمى مۇشۇ رەۋىشتە بولىدىكەن.

ئەمدى بۇ خوتۇنلارنىڭ ھەربىرسىنى كېيىنكى باپتا ئايرىم تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

## 11. مۇھەممەد ئۆزبېكخاننىڭ خوتۇنلىرى ۋە بالىلىرى

---

* بېشى ئالدىنقى ساندا.

بىرىنچى خوتۇن: مۇھەممەد ئۆزبېكخاننىڭ چوڭ خوتۇنى جانبېك، تەنبېك ئىسىملىك ئوغۇللارنىڭ ئانىسى بولۇپ، ئىسمى تايتوغلى[34] ئىكەن. ئۇ خاننىڭ ئىتكۈچۈك ئىسىملىك قىزىنىڭ ئانىسى ئەمەس، بۇ قىز ئىلگىرىكى خانىشتىن تۇغۇلغانىكەن. تايتوغلى خاننىڭ ئامراق خوتۇنى بولغاچقا، خان كۆپرەك ئۇنىڭ يېنىدا تۇرىدىكەن. ئۇ خانغا بەكرەك يېقىن بولغاچقا، خەلق ئۇنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيدىكەن. ئەمما، ئۇ خاننىڭ خوتۇنلىرى ئىچىدە ئەڭ پېخسىقى ئىكەن[35]. سۇلتان بىلەن كۆرۈشۈپ ئەتىسى شۇ خوتۇننىڭ ھوزۇرىغا كىردىم. ئۇنىڭ يېنىدا ئون نەپەر يېشى چوڭراق خوتۇنلار ئولتۇرۇپتۇ. ئالدىدا ئەللىك نەپەر چۆرە قىز بار ئىكەن[36]. بىز ئۇنىڭغا سالام بەردۇق، ئارىمىزدا مىسىرلىقلارنىڭ ئادىتى بويىچە خوش ئاۋاز «قۇرئان» ئوقۇيدىغان قارىي بار ئىدى، شۇ ئادەم «قۇرئان» ئوقۇدى. خوتۇن بىرسىگە بۇيرۇۋىدى، ناھايىتى نەپىس ياسالغان ياغاچ ئاياقتا قىمىز كەلتۈرۈلدى، خوتۇن ماڭا ئۆز قولى بىلەن قىمىز سۇندى، بۇ ئۇلارنىڭ ئادىتىچە بەك ھۆرمەتلىگەنلىك بولىدىكەن. بۇگۈنگىچە قىمىز ئىچمىگەنىدىم، خوتۇن ئۆز قولى بىلەن تۇتقاچقا ئامال بولمىدى، يەنە ئازراق تېتىپ كۆرۈپ خەيرسىز نەرسىدەك ھېس قىلدىم - دە، قالغىنىنى ھەمراھلىرىمغا بەردىم. بۇ خوتۇن ساياھىتىمىز توغرىسىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى سورىدى[37]. شۇنىڭدىن كېيىن خوتۇننىڭ يېنىدىن يېنىپ چىقتۇق. سۇلتان ئۇنى بەك ھۆرمەتلىگەنلىك سەۋەبىدىن ئالدى بىلەن ئۇنى زىيارەت قىلغانىدىم.

ئىككىنچى خوتۇن: ئىسمى كەبېك بولۇپ، ئەمىر نوغتاينىڭ قىزى. ئۇنىڭ دادىسىنى كۆرگەنىدىم. ئۇ بوغۇم ياللۇغى بىلەن ئاغرىپ يېتىپتۇ. چوڭ خوتۇن بىلەن كۆرۈشۈپ ئەتىسى بۇ خوتۇن بىلەن كۆرۈشكىلى باردىم. ئۇ تۆردە «قۇرئان» ئوقۇپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇنىڭ ھوزۇرىدا ئون ئايال ۋە يىگىرمە قىز بولۇپ، كىيىمگە گۈل كەشتىلەپ ئولتۇرۇپتۇ. بىز ئۇنىڭغا سالام قىلدۇق. سالىمىمىزنى ئىلىك ئالدى. قارىيىمىز «خەتمە قۇرئان» قىلدى. ئۇ زور ئىنئاملارنى بەردى ھەمدە مۇلازىمغا قىمىز كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. ئۇ ئۆز قولى بىلەن ماڭا قىمىز تۇتتى. ئاندىن كېيىن چىقىپ كەتتۇق.

ئۈچىنچى خوتۇن: ئىسمى بەيلۇن بولۇپ، قۇستەنتەنىيە پادشاھى تەكفورنىڭ قىزى. بىز كىرگەندە ئۇ خوتۇن پۇتلىرى كۆمۈشتىن ياسالغان كارىۋات ئۈستىدە ئولتۇرغانىكەن. ھوزۇرىدا رۇم، تۈرك ۋە نوبە قوۋمىغا مەنسۇپ يۈز نەپەر چۆرە قىز بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆرە، بەزىلىرى ئولتۇرۇپتۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ يېنىدا خاس يىگىتلەر ۋە رۇم نەسلىدىن بولغان رۇملۇقلارمۇ بار ئىكەن. ئۇ بىزدىن ئەھۋال سورىدى. بىزنىڭ يىراق يەردىن كەلگىنىمىزنى بىلىپ يىغلاپ كەتتى ۋە يۈز - كۆزلىرىنى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتتى[38]. ئۇ تاماق تارتىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. بىز تاماق يېيىشكە كىرىشتۇق، ئۇ بىزگە قاراپ تۇردى. خوشلىشىپ مېڭىشقا تەمشەلگىنىمىزدە، ئۇ: «كېلىپ تۇرۇڭ، نېمە ھاجىتىڭىز بولسا ماڭا ئېيتىڭ» دېدى ۋە بىزگە كۆپ خەير - ئېھسان كۆرسەتتى. ئارقىمىزدىن ئادەم ئەۋەتىپ بىزگە تاماق، نان، ماي ھەمدە قوي، پۇل، كىيىم - كېچەك، ياخشى ئاتتىن ئۈچ تۇياق، ئادەتتىكى ئاتتىن ئون تۇياق سوۋغا قىلدى. كېيىن بۇ خوتۇن بىلەن بىر كارۋان بولۇپ، قۇستەنتەنىيەگە قاراپ سەپەر قىلدۇق.

تۆتىنچى خوتۇن: ئىسمى ئوردۇجا[39] بولۇپ، ئۇلۇس[40] ئەمرى ئەيسا بەگنىڭ قىزى. ئوردۇدا تۇغۇلغاچقا شۇ ئىسىم قويۇلغان. ئوردۇجا خوتۇن پۈتۈن خوتۇنلار ئىچىدە ئەڭ مۇلايىم ۋە مېھرىبان خوتۇن. بۇ خوتۇننىڭ ئوردۇدا ماڭا نۇرغۇن ئىلتىپات كۆرسەتكەنلىكىنى ئىلگىرى بايان قىلىپ ئۆتكەنىدىم. بىز ئۇنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل بولدۇق. ئۇ بىزگە داستىخان سېلىپ ئاش كەلتۈردى. بىز ئۇنىڭ ئالدىدا تاماق يېدۇق. ئۇ يەنە مۇلازىملىرىغا قىمىز ئەكەلدۈردى. ھەمراھلىرىمنىڭ ھەممىسى ئىچتى. بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى

سورىدى. بىز لايىقىدا جاۋاب بەردۇق. ئۇنىڭ سىڭلىسى ئەلى بىننى ئازاقنىڭ ئايالى ئىكەن. بىز ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىردۇق.

**مۇھەممەد ئۆزبېكخاننىڭ قىزى:** بۇنىڭ ئىسمى «ئىتكۇچۇك»تۇر. ئۇ خوتۇن دادىسىدىن ئالتە مىل يىراقلىقتىكى ئايرىم بىر بارگاھتا تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا باردۇق. ئۇ فەقىھ، قازى، سەئىد ئىبنى ئابدۇلھەمىد، ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ۋە شەيخلىرىنى چاقىرتتى. ئۇنىڭ ئېرى مۇھەممەد ئۆزبېكخاننىڭ كۈيئوغلى ئەمىر ئەيسامۇ كېلىپ ئىتكۇچۇك بىلەن ياندىشىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ بوغۇم ئاغرىق كېسىلى بولغاچقا، ماڭالمايدىكەن، ئاتمۇ مىنەلمەيدىكەن. پەقەت ھارۋىغىلا ئولتۇرالايدىكەن. ئۇ سۇلتان بىلەن كۆرۈشكەندە خاس يىگىتلىرى يۆدەپ خاننىڭ يېنىغا ئېلىپ بارىدىكەن.

ئىككىنچى خوتۇنىنىڭ ئاتىسى ئەمىر نوغتايىنىمۇ ئاشۇنداق كۆتۈرۈپ يۈرگەننى كۆردۈم. بۇ خىل كېسەل مۇشۇ تۈرك قوۋمىدا ناھايىتى ئومۇملاشقان كېسەللىك ئىكەن. بۇ خوتۇنىنىڭ ئۇلۇغ ئىلتىپاتى ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدۇق. ئاللاتائالا ئۇنىڭ ئوچۇق قول، ئاق كۆڭۈللۈكىگە ئىنئام ئاتا قىلسۇن!

**مۇھەممەد ئۆزبېكخاننىڭ ئوغۇللىرى:** مۇھەممەد ئۆزبېكخاننىڭ تايتوغلى ئىسىملىك خوتۇنىدىن ئىككى ئوغلى بار ئىكەن. چوڭى تەنىبېك، كىچىكى جانىبېك بولۇپ، ھەر بىرسىنىڭ ئايرىم تۇرالغۇسى بار ئىكەن. تەنىبېك ناھايىتى كېلىشكەن، جاسارەتلىك بولۇپ، تەخت ۋارىسى ھەم خان ئانىسىنىڭ ھۇزۇرىدا ئەڭ ئېتىۋارلىق ھېسابلىنىدىكەن. بىراق، ئاللاتائالا ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق ئاتا قىلمىغانىكەن.

مۇھەممەد ئۆزبېكخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ھۆكۈم سۈرۈپ، سەت بىر ئىشلار سەۋەبىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ[41]. ئۇنىڭدىن كېيىن تەختكە جانىبېك چىقىپتۇ. جانىبېك ئاكىسى تەنىبېككە قارىغاندا رەھىمدىل ئىكەن. ئۇنى سەئىد ئىبنى ئابدۇلھەمىد ئوقۇتقانىكەن. بۇ يەرگە كەلگەندە سەئىد ئابدۇلھەمىد، قازى، ھەمزە، ئىمام بەدرىددىن قەۋامىي، ئىمام مۇقرەئى، ھېسامىددىن بۇخارىي ۋە باشقىلار ماڭا جانىبېكنىڭ ئۇلۇسىغا چۈشۈشۈمنى تەۋسىيە قىلغانىدى. مەن ئۇلارنىڭ نەسىھەتى بويىچە ئىش قىلدىم.

### 12. بۇلغار شەھىرىگە سەپەر

بۇلغار شەھىرىدە كۈندۈزى كۈن بەك ئۇزۇن، كېچىسى كۈننىڭ قىسقا ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ قىشتا بۇ ئەھۋالنىڭ ناھايىتى روشەن بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. بۇ ئەھۋالنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ، مەزكۇر شەھەرگە سەپەر قىلماقچى بولدۇم.

بۇلغار شەھىرى بىلەن مۇھەممەد ئۆزبېكخاننىڭ ئوردىسى[42] ئون كۈنلۈك مۇساپە كېلىدىكەن. مۇھەممەد ئۆزبېكخاندىن ماڭا يول باشلاپ ماڭىدىغان بىر ئادەم بېرىشنى ئۆتۈندۈم. ئۇ ماڭا بىر كىشى بەردى. شۇ ئادەم مېنى ئاپىرىپ ئېلىپ كەلدى.

بۇلغار شەھىرىگە رامىزان ئېيىدا يېتىپ كەلدۇق. نامازشامنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتۇق. بىز تاماق يەپ ئولتۇرساق خۇپتەن نامىزىغا ئەزان چىقتى. خۇپتەن نامىزىنى سۈننەت ھەم تاراۋىنى قوشۇپ ئوقۇدۇق[43]. ھايال ئۆتمەي تاڭ سۈزۈلدى. مۇشۇ رەۋىشتە قىشلىق كۈن قىسقىرارىمىش.

بۇلغار شەھىرىدە ئۈچ كۈن تۇردۇم[44]. بۇ يەردىن «قاراڭغۇ مەملىكەت»كە سەپەر قىلىش نىيىتىگە كەلدىم. «قاراڭغۇ مەملىكەت» بۇلغار شەھىرىدىن قىرىق كۈنلۈك مۇساپە كېلىدىكەن. يول جاپالىق، ۋاقىت بەك ئۇزۇن بولغاچقا بۇ پىكرىمدىن ۋاز كەچتىم. «قاراڭغۇ مەملىكەت»كە بارىدىغانلار ئىت قېتىلغان كىچىك ھارۋىلارغا ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولىدىكەن. چۈنكى، بۇ يەردىكى قىشلاقلارنى يىل بويى قار - مۇز

قاپلاپ تۇرغاچقا، تېيىلىپ ماڭغىلى بولمايدىكەن. پەقەت تىرناقلىرى ئۆتكۈر ئىتلارلا تېيىلمايدىكەن. بۇ يەرگە پەقەت تېنى ساغلام، سەرەمجانلىرى تولۇق بولغان سودىگەرلەرلا بارالايدىكەن. بىر سودىگەر يۈز هارۋا بىلەن يېتەرلىك ئوزۇق - تۈلۈك، ئىچىملىك ۋە ئوتۇن تەييارلىشى لازىم ئىكەن. چۈنكى، ئۇ جايدا ياغاچ، تاش، كېسەك ئۇچرىمايدىكەن. بىردىنبىر يول باشلىغۇچى مۇشۇ يەرگە هەمىشە كىرىپ - چىقىپ تۇرىدىغان ئىتلار ئىكەن. مۇنداق ئىتلارنى مىڭ دىنارغا ساتقىلى بولىدىكەن. هارۋىنىڭ بويۇنتۇرۇقى ئىتنىڭ بويىنىغا سېلىنىپ ئۈچ ئىت يانداش قىلىپ چېتىلىدىكەن. باشلامچى ئىت ئالدىدا، قالغان ئىتلار ئۇنىڭ كەينىدە ماڭىدىكەن. مۇبادا يول باشلىغۇچى ئىت توختىسا، باشقا ئىتلارمۇ توختايدىكەن. ئىگىسى بۇ ئىتنى هەرگىز ئۇرمايدىكەن. تاماق پىشقاندا ئالدى بىلەن ئىتقا تاماق بېرىلىپ، ئاندىن ئادەملەر تاماق يەيدىكەن. بولمىسا ئىت خۇيلىنىپ ئىگىسىنى تاشلاپ كېتىپ ئۇنى هالاكەتكە گىرىپتار قىلىدىكەن.

مۇشۇ رەۋىشتە قىرىق كۈن ماڭغاندىن كېيىن، سودىگەرلەر قاراڭغۇلۇقتا توختايدىكەن، ساتقىلى ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ، كەينىگە چېكىنىپ، مەلۇم بىر جايىنى تاللاپ، شۇ جايدا ساقلايدىكەن. ئىككىنچى كۈنى سودىگەرلەر كېلىپ ئالدىنقى كېچىسى قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلەرنى تەكشۈرىدىكەن. ماللارنىڭ يېنىدا سۆسەر، تىيىن، ۋە بۆلغۈن قاتارلىق هايۋانلارنىڭ تېرىسى قويۇلغانلىقىنى بايقايدىكەن. ئەگەر سودىگەرلەر ئۆز مېلىنىڭ نەرسىلەرگە يارايدىغانلىقىنى پەملەپ رازى بولسا، قويۇلغان نەرسىلەرنى ئۆز جايىدا قالدۇرۇپ كېيىنچە ئازراق قېتىپ قويىدىكەن. ئەمما، بەزى ۋاقىتلار «قاراڭغۇ مەملىكەت»تىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ نەرسىسىنى ئەكېتىپ، سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنى تاشلاپ قويىدىكەن[45]. ئىلىم - سېتىم ئىشلىرى مۇشۇ يوسۇندا بولىدىكەن. ئەمما، بۇ خەلقلەر كىملەر، جىنمۇ ياكى پەرىلەرمۇ؟ بۇنى كۆرگەن ۋە بىلگەن كىشى يوق[46].

بۆلغۈن تېرىسىدىن ئەڭ قىممەت باهالىق كىيىملەر تىكىلىپ هىندىستان شەهەرلىرىگە ئاپىرىلىپ مىڭ دىنارغا سېتىلىدىكەن، بۇ بىزنىڭ پۇلىمىزغا سۇندۇرغاندا ئىككى يۈز ئەللىك ئالتۇن بولىدۇ. بۇ تون ئاق رەڭلىك، بىر قارىش ئۇزۇنلۇقتىكى قۇيرۇقى ئۇزۇن هايۋان بولۇپ، كىيىم تىككەندە قۇيرۇقى شۇ پېتى قالدۇرۇلىدىكەن. سۆسەر بۇنىڭدىن كېيىن تۇرىدىكەن. سۆسەر تېرىسىدىن تىكىلگەن كىيىم تۆت يۈز دىنارغا يارايدىكەن. رەڭگى زەڭگەر ئاق رەڭدە بولىدىكەن. چىن ۋە ئىراقنىڭ تۆرىلىرى ۋە كاتتىلىرى ئۆز كىيىملىرىگە سۆسەر تېرىسىدىن ياقىلىق تۇتىدىكەن[47].

سۇلتان قوشۇپ بەرگەن ئەمىر بىلەن بۇلغار شەهىرىدىن ئايرىلىپ، رامىزاننىڭ يىگىرمە سەككىزىنچى كۈنى سۇلتاننىڭ ئوردىسى جايلاشقان بەشتاغقا قايتىپ كەلدۇق. سۇلتان بىلەن هېيت نامىزىغا داخىل بولدۇم، هېيت نامىزى جۈمە كۈنى ئوقۇلدى.

## 13. هېيت نامىزى ئوقۇش

هېيت نامىزى تەرتىپى تۆۋەندىكى رەۋىشتە ئۆتكۈزۈلدى. هېيت كۈنى ئەتىگىنى مۇهەممەد ئۆزبېكخان ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ قوشۇنى بىلەن ئاتلىق، خوتۇنلىرى ئۆز كىشىلىرى بىلەن هارۋىدا، خوتۇنىنىڭ قىزلىرى باشلىرىغا تاج تاقىغان هالدا، شاهزادىلەرنىڭ هەربىرى ئەسكەرلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. قازىكالان شاهابىددىن سەيلى، فەقىه، شەيخ، قازى هەمزە، ئىمام بەدرىددىن قەۋامىي، شېرىن بىننى ئابدۇلهەمىد بۇلارنىڭ هەممىسى ۋەلىئەهدكە هەمراھ بولۇپ كېلىشۋاتاتتى. ناغرا - سۇنايلار چېلىنىپ، بايراقلار چىقىرىلدى. قازى شاهابىددىن ئىمام بولۇپ، هېيت نامىزى ۋە خۇتبەنى ناهايىتى ياخشى ئوقۇدى. ئاندىن كېيىن سۇلتان كۆشەككە كەتتى ۋە شۇ يەردە تۇرۇپ قالدى. خوتۇنلىرى شۇنىڭ يېنىدا ئىدى. «كۆشەك»نىڭ

يېنىدىكى چېدىردا ۋەلىئەھدى بىلەن خاننىڭ قىزى تۇردى، قالغان ئىككى چېدىرغا خاننىڭ ئوغۇللىرى ۋە يېقىنلىرى چۈشكۈن قىلدى. ئەمىر، شاھزادىلەر ئۈچۈن بىردىن كۇرسا ھازىرلاندى. ئۇلار تېگىشلىك ئورۇننى تېپىپ ئولتۇرۇشتى.

ھەربىر تۇمەن ئەمىرنىڭ ئۆزلىرىگە خاس تەبىللىرى بار ئىكەن. ئون مىڭ ئاتلىق ئەسكىرى بولغان ئەمىرلەر «تۇمەن ئەمىر» دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇنداق ئەمىردىن ئون يەتتىسى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى بىر يۈز يەتمىش مىڭ دەپ تەخمىن قىلىنىسمۇ، بۇنىڭدىن كۆپ ئىكەن.

ھەر بىر تۇمەن ئەمىر ئۈچۈن مۇنبەردە ياخشى ئورۇنلار تەييارلاندى. قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەر ئويناپ كۆڭۈل ئېچىشتى. بىر سائەت ۋاقىت ئەنە شۇنداق ئۆتتى. ئاندىن كېيىن ھەربىر تۇمەن ئەمىرگە بىردىن تون ھەدىيە قىلدى. تۇمەن ئەمىر توننى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، خاننىڭ تەختى ئالدىغا كېلىپ، ئوڭ پۇتى بىلەن تىزلىنىپ، سول پۇتىنى يېرىم ئېگىپ خانغا رەھمەت بىلدۈرۈشتى. ئەمىرلەر بۇ تونلارنى ئۆز كۇرسىغا ئېلىپ كەتتى. ئاندىن كېيىن خان ئورۇندۇقتىن چۈشۈپ ئاتقا مىندى. ئوڭ تەرىپىدە ۋەلىئەھدى، ئۇنىڭ يېنىدا خاننىڭ قىزى ئىتكۈچۈك، سول تەرىپىدە ئىككىنچى ئوغلى ئات مىنىپ، ئالدىدا تۆت خوتۇن ئالتۇن يىپلار بىلەن توقۇلغان يىپەك يوپۇق يېپىلغان ئاتلار قېتىلغان ھارۋىغا ئولتۇرۇپ قايتىپ كەتتى. ئۇلۇغ - ئۇششاق تۆرىلەر، شاھزادىلەر، ۋەزىرلەرنىڭ باللىرى، قاراۋۇللىرى ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرى بىرلىكتە بۈيۈك كارۋاننىڭ ئارقىسىدىن پىيادە يۈرۈپ خان بارگاھىغا كېلىپ توختىدى.

«بارگاھ» تۆت دانە كۈمۈش قاپلانغان تۈۋرۈكلۈك چوڭ ئۆيدىن تەركىب تاپقان. تۆت دانە تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىدە نۇر چاقناپ تۇرغان ئالتۇن - كۈمۈش قاپلانغان تورۇس بار. بۇ بارگاھ يىراقتىنلا يالتىراپ، خۇددى بىر تۆپىلىكتەك كۆرۈنەتتى.

«بارگاھ»نىڭ ئىچىگە پۇتۇنلەي يىپەك گىلەم سېلىنغان، ئوتتۇرىسىغا تەخت قويۇلغان. تەخت نەپىس ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ، ئۈستىدىكى يۆلەنچۈك، تۇتقۇچ، ئالتۇن - كۈمۈش تاختىلار بىلەن قاپلانغان. ئەمما، پۇتلىرى ساپ كۈمۈشتىن ئىشلەنگەن. بۇ «تەخت»نىڭ ئۈستىدە ناھايىتى نەپىس سېلىنچا بار بولۇپ، بۇنىڭدا خان بىلەن ئۇلۇغ خوتۇن ئولتۇرىدىكەن. ئوڭ تەرىپىدە خاننىڭ قىزى ئىتكۈچۈك بىلەن خاننىڭ خوتۇنى ئوردۇجا، سول تەرىپىدە بولسا خاننىڭ بەيلۇن بىلەن كەبباك ئاتلىق خوتۇنلىرى ئولتۇرىدىكەن. تەختنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى كۇرستا ۋەلىئەھدى تەنبېك، سول تەرىپىدىكى كۇرستا خانزادە جانبېك، ئەتراپىقا تىزىلغان كۇرستا شاھزادە، خانزادە (كىنەز)لەر ھەممە ئۇلۇغ - ئۇششاق تۆرىلەر تىزىلىپ ئولتۇردى.

ئاندىن كېيىن ئالتۇن ۋە كۈمۈش تاۋاقلاردا تائام ۋە نېمەتلەر كەلتۈرۈلۈشكە باشلىدى. تاۋاقلارنى تۆت - بەش كىشى كۆتۈرۈپ كېلەتتى، تائاملار ئات ۋە قوي گۆشىدىن ئىبارەت ئىدى. ھەربىر تۆرىنىڭ ئالدىغا ئايرىم قاچا قويۇلىدىكەن. يىپەك كىيىم كىيىپ بېلىنى يىپەك بەلباغ بىلەن باغلىغان «باۋۇرچى» (گۆش كەسكۈچى) يېنىغا ئاسقان پىچاقلىرىدىن بىرنى غىلاپتىن چىقىرىپ گۆشنى كېسىپ ئالتۇن ياكى كۈمۈش تەخسىگە سېلىپ تۆرىگە تۇتىدىكەن. گۆشكە يەنە ئازراق تۇز سېپىلىدىكەن. باۋۇرچىلارنىڭ گۆش كېسىش ماھارىتى قالتىس ئىكەن.

تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن كۈمۈش ۋە ئالتۇن سېۋەتلەردە ئىچىملىكلەر كەلتۈرۈلدى. بۇلار ئەبۇھەنىفە مەزھىپىدە بولغاچقا بال شارابلىرىنى ئىچىۋېرىدىكەن.

خاننىڭ قىزى ئاياقنى ئېلىپ خانغا تۇتتى. ئۇ ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، تەرتىپ بويىچە خوتۇنلىرى-
غا بەردى. كېيىن ۋەلىئەھدى شۇ يوسۇندا قائىدە بويىچە تۇتتى. خوتۇنلىرىغا بەرگەندىن كېيىن، تۆتى
ئىتكۈچۈككە بەردى. ئاندىن كېيىن جانبېك تۇرۇپ ۋەلىئەھدىگە تۇتتى. ئۇلۇغ تۆرىلەر جانبېككە بەردى.
كىچىك تۆرىلەر چوڭ تۆرىلەرگە تۇتتى. بۇ ئارىلىقتا ناخشا ـ كۈيلەر ئۈزۈلمىدى.
مەسچىت ئۇدۇلىدىكى چوڭ قۇببىدە قازى، خاتىپ، فەقىھشۇناس ۋە شەيخلەر ئولتۇرغانىدى. مەنمۇ
شۇلار بىلەن بىللە ئولتۇردۇم، بىزگىمۇ تۆت تۈرك ئالتۇن ۋە كۈمۈش تاۋاقلاردا نازۇ نېمەتلەرنى كەلتۈر-
دى. فەقىھلەرنىڭ بەزىلىرى تاماققا ئېغىز تەگكۈزدى، يەنە بەزىلىرى ئالتۇن ـ كۈمۈش قاچىلاردىكى تا-
ئاملارنى يېيىشتىن تارتىندى.
قىمىز ئىچىلگەن ھارۋىلار كۆزگە كۆرۈنگۈدەك يەردىلا تىزىلىپ تۇراتتى. خاننىڭ ئەمرى بويىچە بۇ
قىمىزلار جامائەتكە تارقىتىپ بېرىلدى. ماڭىمۇ بىر ھارۋا قىمىز ئىنئام قىلىنغانىدى، ئۇنى يېنىمدىكى
تۈرككە بېرىۋەتتىم.
ئاندىن كېيىن جۈمە نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە جەم بولدۇق. سۇلتان كەلمىدى، بەزى كىشى-
لەر «ئۇ جۈمە نامىزىدىن قالمايدۇ، كېلىدۇ» دېيىشتى، يەنە بەزىلەر، «ئۇ خۇدنى يوقاتتى، كېلەلمەيدۇ»
دېيىشتى، بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ دەلدەڭشىپ يېتىپ كەلدى ۋە سەئىد شەرىفكە ھىجىيىپ
سالام قىلدى، ئۇنى «ئاتا» دەپ چاقىراتتى[48].
جۈمە نامىزىنى ئوقۇدۇق[49]، جامائەت تارقىدى، خان بارگاھىغا قايتىپ كەتتى، شام نامىزىمۇ شۇ تە-
رىقىدە ئوقۇلدى. ئاندىن كېيىن بارگاھتىكى جامائەت تارقىدى. خاننىڭ يېنىدا خوتۇنلىرى بىلەن قىزى
قالدى.
ھېيت تۈگىگەندىن كېيىن، خان ھەم ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھاجى تارخان شەھىرىگە باردۇق.

## 14. ھاجى تارخان شەھىرى

تارخان دېگىنىمىز، ھەر خىل باج ـ سېلىقلاردىن ئازاد بولغان كىشىلەرگە قارىتىلغان. ئەسلىدە
ياخشى بىر تۈرك ھاجىسى شۇ شەھەردە ئولتۇرغان بولۇپ، خان ئۇنىڭغا «تارخانلىق» مەرتىۋىسىنى بەر-
گەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جاي كەنت، كېيىنچە شەھەر بولغان.
«ھاجى تارخان» گۈزەل شەھەرلەردىن بولۇپ، ئېدىل دەرياسى بويىغا سېلىنغانىكەن. ئېدىل دۇنيادىكى
چوڭ دەريالاردىن ئىكەن. ھاۋا سالقىنلىغانغا قەدەر خان مۇشۇ شەھەردە تۇرىدىكەن.
ئېدىل ۋە بۇ دەرياغا قۇيۇلىدىغان ئېقىنلار توڭلايدىكەن. بۇ چاغدا دەريانىڭ يۈزىگە قۇرۇق سامانلار
سېپىلىدىكەن. بۇ يەرلەردە خۇددى ھىندىستانغا ئوخشاش قۇرۇق سامان يۇلغا يارىمايدىكەن. ھارۋىلار شۇ
سامانىنىڭ ئۈستىدىن ئېدىل ۋە ئۇنىڭغا قۇيۇلىدىغان ئېقىنلارغا ئۈچ قېتىم بېرىپ كېلەلەيدىكەن. قىش-
نىڭ ئاخىرلىرىدا دەريادىن ئۆتكۈچىلەر ئىچىدە مۇز يېرىلىپ كېتىپ سۇغا چۈشۈپ كېتىدىغانلارمۇ
بولىدىكەن[50].
ھاجى تارخان شەھىرىگە كەلگەندىن كېيىن خاننىڭ خوتۇنى بەيلۇن: «دادام رۇم شاھىنى كۆرگۈم كەل-
دى ھەم شۇ شەھەردە يەڭگىپ كېلەي» دەپ خاندىن ئىجازەت سورىدى، خاننىڭ ئۇنىڭغا ئىجازەت بەرگەنى-
لىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، «قۇستەنتەنىيە» شەھىرىنى كۆرۈشكە قىزىقىپ، ئۇلارنىڭ كارۋىنى بىلەن
بىللە بارماق بولۇپ، خوتۇندىن يولىورۇق سورىدىم. مېنىڭ نىيىتىمنى خوتۇن مۇۋاپىق كۆرمىدى ھەم
ھەرخىل خەۋپلەرنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. خوتۇنغا قايتا ـ قايتا مۇراجىئەت قىلدىم ۋە «سىزنىڭ ھەمايە-

گىمزدە باراتتىم» دېدىم. خوتۇن كۆپ خۇرسەن بولدى ۋە ماڭا بىر مىڭ بەش يۈز دىنار، كىيىم - كېچەك ۋە ئات ھەدىيە قىلدى. باشقا خوتۇنلارمۇ ماڭا نوكچە كۈمۈش ھەدىيە قىلدى. نوكچە كۈمۈشنى بۇلار «سوم» دەيدىكەن[51]. ئەمما، خاننىڭ قىزى خوتۇنلارغا قارىغاندا كۆپ ھەدىيەلەرنى بەردى. شۇ سەۋەبتىن مەندىكى ئات، كىيىم - كېچەك، تىيىن ۋە سۆسەر تونلار كۆپ بولدى.

**15. قۇستەنتەنىيە سەپىرى**

شۇ ئاينىڭ ئۇنىنچى كۈنى بىز خوتۇن بەيلۇننىڭ كارۋىنىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ھىمايىسىدە قۇستەنتەنىيەگە قاراپ يولغا چىقتۇق. خان، خوتۇنلار، ۋەلىئەھد قاتارلىقلار ئۇزىتىپ چىقتى. بىر مەھەل ماڭغاندىن كېيىن، خان، ئۇلۇغ خوتۇن، ۋەلىئەھد قاتارلىقلار قايتىپ كەتتى. يەنە بىر مەھەل ماڭغۇچە قالغان خوتۇنلار ئۇزىتىپ ماڭدى.

«بەيدەر» ئاتلىق ئەمىر ئۆزىنىڭ بەش مىڭ لەشكىرى بىلەن خوتۇننى ئۇزىتىپ ماڭدى. خوتۇننىڭ ئۆز ئەسكىرى بەش يۈز نەپەر ئاتلىق قازاقتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىككىنچى يۈزى رۇم، قالغانلىرى تۈركلەر ئىدى. ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ سەپەرگە چىققان چۆرىلەر ئىككى يۈزدىن كۆپرەك بولۇپ، كۆپ قىسمى رۇملۇق ئىدى. جەمئىي تۆت يۈز ھارۋا، مىنىدىغان ۋە ھارۋىغا تارتىدىغان ئىككى مىڭ تۇياق ئات، ئۈچ يۈز ئۆكۈز ۋە ئىككى يۈز تۆگە بار ئىدى. رۇم ۋە ھىندىلاردىن يىگىرمە يىگىت بولۇپ، ئۇلارنىڭ باش يېتەكچىسى سۇنبۇل ھىندى، رۇملۇقلارنىڭ يېتەكچىسى مىخائىل دېگەن ئادەم ئىكەن. سۇنبۇل دېگەن كىشى ناھايىتى باتۇر بولۇپ، تۈركلەر ئۇنىڭغا «لۇلۇ» دېگەن لەقەمنى بەرگەنىكەن.

خوتۇن بۇ قېتىم تۇغقان يوقلاش ۋە يەڭگىش ئارزۇسىدا بارغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ نۇرغۇن چۆرىسى ۋە جابدۇقلىرىنى خاننىڭ ئوردىسىدا قالدۇرغانىكەن.

بىز ئۇكەك شەھىرىگە[52] قاراپ يولغا چىقتۇق. بۇ ئوتتۇرا دەرىجىدىكى شەھەر بولۇپ، بىنالىرى كۆركەم، ھاۋاسى سالقىن ئىكەن. بۇ شەھەر بىلەن ساراي شەھىرىنىڭ ئارىلىقى ئون كۈنلۈك مۇساپە كېلىدىكەن. بۇ شەھەردىن بىر كۈنلۈك يەردە رۇس تاغلىرى بار ئىكەن. يەرلىك خەلقلەر خىرىستىيان دىنىدا ئىكەن. بۇ يەردە كۈمۈش كېنى بار بولۇپ، دەشتى قىپچاق مەملىكىتىدە ئوبوروت قىلىنىدىغان «سوم» مۇشۇ كۈمۈشلەردىن ياسىلىدىكەن.

ئۇكەك شەھىرىدىن ئايرىلىپ ئون كۈن يۈرگەندىن كېيىن، قارا دېڭىز بويىدىكى دەشتى قىپچاق شەھەرلىرىدىن بىرسى بولغان سەرداق شەھىرى[53]گە كەلدۇق. بۇ شەھەرنىڭ پىرىستانى بەك چوڭ، بەك گۈزەل بولۇپ، شەھەر سىرتىدا باغچە ۋە ئېقىپ تۇرغان سۇلار بار ئىكەن. ئاھالىسى تۈركلەر ۋە تۈركلەرنىڭ ھىمايىسىدە تۇرۇۋاتقان رۇملۇقلار ئىكەن. بۇ يەردىكى خەلقلەر ھۈنەرۋەن ۋە سەنئەتكارلاردىن ئىكەن. ئۆيلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ياغاچتىن سېلىنغانىكەن. بۇ شەھەر ئەسلىي ناھايىتى چوڭ بولۇپ، كېيىنچە تۈركلەر بىلەن رۇملۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلاردا كۆپ قىسمى ۋەيران بولۇپ كېتىپتۇ.

ھەربىر مەنزىلگە يەتكەندە، خوتۇنغا ئات، قوي، كالا، دوغ، قىمىز ۋە سۈت كەلتۈرۈلدى ۋە ياتاقلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. خوتۇن ھەربىر ئەمىرنىڭ قول ئاستىدىكى زېمىندىن ئۆتكەندە ئەمىر ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن خوتۇننى ئۇزىتىپ چىقىدىكەن. بۇ پەقەت خاننىڭ خوتۇنىغا قىلىنغان ھۆرمەتتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئەلدە ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن.

ئاندىن كېيىن بابا سەلتۇق شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ تۈركلەرنىڭ ئەڭ چەتتىكى شەھىرى ئىكەن. بۇ يەردىن رۇمغا ئون سەككىز كۈنلۈك مۇساپە بولۇپ، ئىككى ئەلنى ئادەمسىز چوڭ چۆل ئايرىپ

تۇرىدىكەن. بۇ چۆلدىكى سەككىز كۈنلۈك يولدا سۇ، ئوزۇقلۇق بولمىغاچقا، تۆلۈم ۋە سوغىلارغا سۇ قا-چىلانغان هارۋا بىلەن توشۇپ مېڭىشقا توغرا كېلىدىكەن. سوغۇق ۋاقىتتا سەپەرگە چىققاچقا، سۇغا كۆپ هاجىتىمىز چۈشمىدى[54]. تۆركلەر سۇنى تۆلۈمغا قاچىلاپ ئۇنىڭغا يېپىشقاق دوغنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچ-كەچكە سۇسراپ كەتمەيدىكەن.

بىز باباسەلتۇق شەھرىدە شۇ چۆلدىن ئۆتۈش تەييارلىقىنى قىلىشقا كىرىشتۇق. مەن بىر ئات ئال-ماقچى ئىكەنلىكىمنى خوتۇنغا ئېيتتىم. ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە كەچتە سالامغا بارىدىغان ئادىتىم بار ئە-دى، خوتۇنمۇ بىزگە سىرتتىن ئەۋەتىلگەن ئاتتىن ئىككى ـ ئۈچ تۇياق، ئازراق قوي ئەۋەتىپ تۇراتتى. مەن ئات گۆشى يېمەيتتىم. ئەمما، ھەمراھلىرىم بىلەن تۆركلەر يەيتتى، ئۆزۈمنىڭ ئەللىك بەش ئېتىم بار ئىدى، خوتۇن يەنە ئون بەش ئات ئېلىشقا بۇيرۇدى. خوتۇننىڭ ۋەكىلى «سويىمىز دېگەن ئاتلاردىن سېمىزلىرىنى تاللىۋال، ئەنسىرىمە، لازىم بولسا، يەنە بېرىمىز» دېدى.

ھىجرىيە ئون بىرىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چۆلگە كىردۇق، خاندىن ئايرىلغاندىن تارتىپ قوم-لۇققا كەلگۈچە ئون توققۇز كۈن ماڭدۇق. ئارىلىقتا بەش كۈن توختاپ ئارام ئالدۇق، چۆلدىن ئون سەك-كىز كۈندە ئۆتتۇق. ئاللاغا شۈكۈر، ھېچبىر جاپا تارتمىدۇق[55].

**16. ھاجى تارخان شەھرىگە قايتىش**

خوتۇننى ئۆزىتىپ بارغان تۆركلەرگە خوتۇننىڭ ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دىنىدا ئىكەنلىكىنى ھەمدە دادىسىنىڭ يېنىدا تۇرماقچى بولغانلىقى مەلۇم بولدى[56]. شۇنىڭ بىلەن بۇ تۆركلەر خوتۇندىن ئۆزلىرىنى خانىنىڭ ھوزۇرىغا قايتۇرۇشنى ئۆتۈندى. خوتۇن ئۇلارغا كۆپ رەھمەت ئېيتىپ كۆپ ھەدىيەلەرنى بەردى ھەمدە «سارۇجە» ئىسىملىك ئادەمگە بەش يۈز ئەسكەر بىلەن ئۇلارنى ئۆزىتىپ قويۇشقا بۇيرۇدى ھەمدە مېنى ئىزدەپ كېلىپ «بەربەر» دەپ ئاتىلىدىغان رۇم ئالتۇنىدىن ئۈچ يۈز دىنار، بەندىيە (ۋېنىتسىيە)دىن مىڭ دىرھەم، قىزلار تىككەن كىيىم، يىپەك، كەندىر ھەم يۇڭدىن ئىشلەنگەن كىيىملىكلەر ۋە ئىككى ئات ھەدىيە قىلدى ھەمدە سارۇجەگە مېنىڭ ھالىمدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشنى تاپىلىدى. خوتۇن بىلەن خوشلىشىپ كېيىنمىگە ياندىم، قۇستەنتەنىيەدە بىر ئاي ئالتە كۈن تۇردۇم، سارۇجە بىلەن بىرلىك-تە يولغا چىقتۇق، ئۇ ماڭا بەكلا ھۆرمەت قىلاتتى. رۇمدىن چىقىپ، رۇمغا كېلەشىمىزدە قالدۇرغان ھەمراھلىرىمىز ۋە ھارۋىلىرىمىز بار يەرگە كەلدۇق. بىز ھارۋىغا ئولتۇرۇپ چۆلگە كىردۇق. سارۇجە بىز بىلەن بىللە باباسەلتۇق شەھىرىگىچە كەلدى، بۇ شەھەردە ئۈچ كۈن قونۇپ قايتىپ كەتتى.

بۇ چاغدا ھاۋا ناھايىتى سوغۇق ئىدى[57]، مەن ئۈچ قات جۇۋا، ئىككى قات ئىشتان كىيدىم، ئۇنىڭ بىرسى قوش ئەستەرلىك ئىدى، پۇتۇمغا كىگىز پايپاق، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەندىر رەخت ئەستەر تۇتۇلغان پايپاق كىيىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۆرە تېرىسى قاپلانغان، ئات تېرىسىدىن تىكىلگەن ئۆتۈك كىيدىم، تاھا-رەت ئالغاندا ئوتقا يېقىن تۇرۇپ ئىسسىق سۇ بىلەن تاھارەت ئالمىغاندا تامچە سۇ شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا مۇز دانچىسىغا ئايلىنىدىكەن. يۈزۈمنى يۇغان سۇلار ساقىلىمغا چاپلىشىپ مۇز تۇتاتتى، شۇنداق بىر سىلكىسەم قارغا ئوخشاش چۈشەتتى، بۇرنۇمدىن ئاققان سۇلار بۇرۇن تۈكلىرىمدە توڭلاپ قالاتتى. قاتمۇ قات كىيىملەرنى قېلىن كىيىۋالغاچقا، ھارۋىغا چىقالمىدىم، ھەمراھلىرىم مېنى كۆتۈرۈپ ھارۋىغا ئول-تۇرغۇزۇپ قويدى.

ئۇزاق ئۆتمەي ھاجى تارخان شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. بىراق، مۇھەممەد ئۆزبېكخان بۇ يەردىن ئۇ-زىنىڭ تەختگاھى بولغان ساراي شەھىرىگە كەتكەنىكەن. بىز ئېدىل دەرياسى ۋە ئېدىلغا قويۇلىدىغان

تارماق ئېقىنلار[58]دىن ئۆتۈپ ساراي شەھىرىگە كەلدۇق. دەريالاردا مۇز تۇتقانىكەن. ئەگەر سۇ لازىم بولسا قازانغا قار سېلىپ ئوت قالاپ ئېرىتىپ سۇيىنى ئىچسەكلا بولىدۇ. ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ ساراي شەھىرىگە يېتىپ كەلدىم. بۇ شەھەر «بۆركە ساراي» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىكەن[59].

بۇ شەھەر ئۆزبېكخانىنىڭ تەختگاھى بولۇپ، مۇشۇ شەھەردە ئىكەن. ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا سالامغا كىردۇق. ئۇ بىزنىڭ سەپىرىمىزنى، رۇم پادىشاھىنى ۋە ئۇلارنىڭ شەھەرلىرىنى سورىدى، دەپ بەردۇق. سۇلتان بىزنى تارتۇقلاش ھەققىدە ئەمىر قىلدى ھەمدە بىزنىڭ تۇرالغۇمىزنى ئورۇنلاشتۇردى.

**17. ساراي شەھىرى**

ساراي شەھىرى دۇنيادىكى شەھەرلەرنىڭ ئەڭ گۈزەلى ۋە ئەڭ ئۇلۇغلىرىدىن بولۇپ، دائىرىسى كەڭ، بازارلىرى ئاۋات، ئادەم دېڭىزى ئىكەن[60].

بىر كۈنى شەھەرنى ئايلىنىپ چىقىش مەقسىتىدە بىر قىسىم ئۇلۇغ زاتلار بىلەن ئاتلىق چىقتۇق. بىزنىڭ تۇرۇۋاتقان يېرىمىز شەھەرنىڭ چەترەك يېرى ئىكەن. بىز ئەتىگەندە ئاتلىق يۈرۈپ شەھەرنىڭ يەنە بىر چېتىگە يېتىپ بارغۇچە چۈش بوپتۇ، پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ تاماق يەپ ئۆيگە قايتقۇچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى[61]. ئەتىسى پىيادە مېڭىپ شەھەرنىڭ كەڭلىكىنى ئۆلچەپ باقماقچى بولۇۋىدۇق، بېرىپ كېلىشىمىزگە يېرىم كۈن كېتىپتۇ. بىنالار بىر ــ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، ھېچقانداق بوش يەر يوق ئىكەن.

ساراي شەھىرىدە ئون ئۈچ جۈمە مەسچىتى بار ئىكەن. ئۇنىڭ بىرسى شافىئىيلارنىڭ ئىكەن. ئەمما، باشقا مەسچىتلەر ئىنتايىن كۆپ ئىكەن. شەھەردە تۈرلۈك خەلقلەر ياشايدىكەن. بىراق، مەملىكەتنىڭ غوجايىنلىرى ۋە ئەمەلدارلىرى (ئەسكەرلىرى) موغۇللار ئىكەن. موغۇللار[62] ئىچىدە مۇسۇلمان بولغانلارمۇ بار. ئالاس[63] دېگەن بىر قوۋم بار بولۇپ، بۇلارمۇ مۇسۇلمان ئىكەن. بۇلاردىن باشقا، قىپچاق، چېركەس، رۇم خەلقلىرى بار، رۇم خەلقلىرى خىرىستىيان دىنىدا ئىكەن.

ئۇلارنىڭ ئۆز بازارلىرى، سودىگەرلىرى ۋە مۇساپىرلىرى بار ئىكەن. شەھەرنىڭ چېتىدە ئولتۇرىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى مىسىر، ئىراق، ئەجەم، ئەرەب، شام ۋە باشقا يەرلەردىن كەلگەنلەر ئىكەن. بۇلار ئايرىم مەھەللىدە ئولتۇرىدىكەن. سودىگەرلەرنىڭ مال ــ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بۇ مەھەللىنىڭ سىرتى سېپىل بىلەن ئورالغانىكەن. خان سارىيى «ئالتۇن تاش» نامى بىلەن مەشھۇر ئىكەن[64].

ساراي شەھىرىنىڭ قازىسى ئاقساق بەدرىددىن ئالدىنقى قاتاردىكى قازىلارنىڭ بىرسى ئىكەن. ئىمامى شافىي مۇدەررىسلىرىدىن سەدرىددىن سۇلايمان لەكزىي[65] ۋە ئىمام مالىك مەزھەپىدىكىلەردىن شەمسىددىن مىسرىي بار ئىكەن. كېيىنكى كىشى دىنغا سادىق ئەمەس ئىكەن. نىزامىددىن ھاجىنىڭ خانىقاسى بار ئىكەن. بۇ ئادەم بىزگە زىيابەت بەردى، نوئمان خارەزمىينىڭ خانىقاسى بار. بۇ ئادەم پەزىلەت ئەگىسى بولۇپ، مىجەزى ياخشى، مەرد، ئۇقۇمۇشلۇق زاتلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، باشقىلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان كىشى ئىكەن. ئۆزبېكخان ھەر جۈمە كۈنى ئۇنى زىيارەت قىلغىلى كېلىدىكەن. ئۇ خاننى قارشى ئالغىلى چىقمايدىكەن. ئورنىدىن تۇرمايدىكەن. سۇلتان ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ مۇلايىملىق بىلەن پاراڭلىشىدىكەن ھەم ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈرىدىكەن، لېكىن شەيخ بۇ ئىشلارغا خۇدنى يوقاتماي، ئارتۇق ئىلتىپات قىلمايدىكەن. ئەمما، پېقىر ــ مۇساپىرلارغا ئەكسىچە مۇئامىلە قىلىدىكەن. ئۇلار بىلەن ئەركىن ــ ئازادە سۆزلىشىپ، كۆپ ئېھسانلارنى كۆرسىتىدىكەن. ئاللا رەھمەت قىلسۇن، ئۇ مېنى بەكلا ھۆرمەتلىدى ۋە

تۆرك قۇلدىن بىرنى ھەدىيە قىلدى.

سارايدىن خارەزمگە قاراپ يولغا چىقماقچى بولۇپ، شەيخكە مەقسىتىمنى ئېيتتىم. شەيخ: «يەنە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ يولغا چىققىن» دەپ مېنى سەپەردىن توستى. تېپىلغان مۇۋاپىق ھەمراھلىرىمدىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي سەپەر تەييارلىقىنى قىلدىم ۋە مەقسىتىمنى شەيخكە دېدىم، شەيخ: مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالىسەن، دېدى. يولغا چىقاي دەپ تۇرسام بىر قۇلۇم قېچىپ كەتتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇ قۇلۇمنى ھاجى تارخان شەھىرىدىن تېپىپ كېلىشتى، بۇنى شەيخنىڭ كارامىتىدىن بولدى دەپ بىلدىم[66].

23. سارايدىن خارەزمگە سەپەر

ساراي بىلەن خارەزمنىڭ ئارىلىقى قىرىق كۈنلۈك يولدۇر. بۇ يەردە ئوت، سۇ يوق چۆل بولغاچقا، ئات بىلەن سەپەر قىلغىلى بولمايدىكەن. شۇڭا، تۆگىنى كارۋانغا قېتىپ مېڭىشقا توغرا كېلىدىكەن.

سارايدىن ئايرىلىپ ئون كۈن ئۆتۈپ، ئۇلۇغ سۇ بويىدىكى سارايچىق شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق[67]. بۇ چوڭ دەريادا كېمىدىن سېلىنغان بىر لەيلىمە كۆۋرۈك بولۇپ، شەكلى باغدات شەھىرىدىكى لەيلىمە كۆۋرۈككە ئوخشايدىكەن. بىزنىڭ ئات بىلەن قىلىدىغان سەپىرىمىز مۇشۇ شەھەردە ئاخىرلاشتى. بۇ يەردە ئاتلارنى سېتىۋەتمەكچى بولدۇق، ئاتلار بەك ئورۇق، يەنە كېلىپ بۇ شەھەردە ئات بەك ئەرزان بولغاچقا، بىر ئاتنى تۆت دىنار ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئەرزان ساتتۇق. بۇ شەھەردە ھارۋا تارتىشقا تۆگە ياللىدۇق.

بۇ شەھەردە پاك - دىيانەتلىك بىر تۈرك بولۇپ، بۇ شەھەرگە ھەشەمەتلىك بىر خانىقا بىنا قىلدۇرۇپتۇ. ھەممەيلەن ئۇنى «ئاتا» دەپ ئاتايدىكەن. ئۇ بىزنى قوندۇردى ۋە بىزگە خەيرلىك دۇئالارنى قىلدى. قازىخانىدىمۇ قوندۇق، بۇ قازىنىڭ ئىسمى يادىمدىن چىقىپ قاپتۇ[68].

سارايچىقتىن ئايرىلىپ ئوتتۇز كۈن يول يۈردۇق، ئەتىگەن بىلەن كەچ ئىككى ۋاخ ئارام ئالدۇق، ئارام ئالغاندا يۇيۇناتتۇق ۋە دوقى پىشۇراتتۇق، دوقى بىر قېتىم قايىنىسىلا پىشىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايرىم پىشۇرۇلغان سۈت ۋە گۆش سېلىپ يەيدىكەنمىز. كارۋانلار ھارۋىدا يەپ - ئىچىپ يەنە شۇ ھارۋىدا ئۇخلايدىكەن. ھارۋامدا ئۈچ چۆرەم بار ئىدى، چۆلدە سۇ كەمچىل بولغاچقا، يولۇچىلار مۇمكىن قەدەر يەڭگىل ۋە تېز يۈرۈشكە ئالدىرايدىكەن. ھارۋا تارتقان تۆگىلەرنىڭ كۆپ قىسمى چۆل - جەزىرىدە ئۆلۈپ تۈگەيدىكەن. ئامان قالغانلىرى ھالسىراپ كېتىدىكەن. بۇلارنى ياخشى بېقىپ سەمىرىتكەندىن كېيىن، ئىككىنچى يىلى ئاندىن ئىشقا سېلىنىدىكەن. چۆلدە سۇ ناھايىتى قىس بولۇپ، بەزى ۋاقىتلاردا ئىككى - ئۈچ كۈن سۇ ئىچمەي مېڭىشقا توغرا كېلىدىكەن. بەزىدە يىغىلىپ قالغان تۈزلۈق يامغۇر سۈيىنى ئۇچرىتىلى بولىدىكەن، بۇ چۆلدىن ئۆتۈپ خارەزم شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق.

* * *

«ئىبنى بەتۇتە ساياھەتنامىسى»دىن تەرجىمە قىلىشقا تېگىشلىك ئورۇنلار مۇشۇ يەردە تەرجىمە قىلىنىپ تۈگىدى، گۇمانلىق ئورۇنلار ۋە بەزى سۆزلەرنىڭ ئارقىسىغا تىرناق ئېچىپ ئىزاھات بېرىلدى. بەزى گۇمانلىق سۆزلەر ئۆز ئىبارىسى بىلەن سىزىق ئاستىغا كۆچۈرۈلدى، بۇلاردا يەنە بەزى كەمچىلىكلەر بولۇشى مۇمكىن، قەستەن بولمىغان سەۋەنلىكلەر، ئىنشائاللا، ئەپۇ قىلىنار.

بابلارنىڭ ئىسمى، سانلار، تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان سۆزلەر، سىزىق ئاستىدىكى شەرھ ۋە ھاشىيەلەر بىزنىڭ ئۆز قەلىمىمىزدىن چىققان نەرسىلەردۇر.

شەيخ ئىبنى بەتۇتەنىڭ بۇ مەملىكەتكە كېلىپ كەتكىنىگە يەنە ئون بەش يىلدىن كېيىن يەتتە يۈز يىل بولغان بولىدۇ، ئۇ كەلگەن ۋاقىتتا ئورىنبورگ شەھىرىنىڭ ئورنى قۇرۇق يەر ئىدى، ئۇفانىڭ ئورنى بولسا قويۇق ئورمانلىق ئىدى.

ئىزاھاتلار:

㉜ قۇچىر، كوچىر دېگەن سۆزلەرنىڭ ئورنىغا ئۆز تىلىمىزدىكى «يىلقىچى» دېگەن سۆزنى ئىشلەتسەك بولمامدۇ؟ ئۆز سۆزلىرىمىز تۇرۇپ ياتتىن كىرگەن سۆزلەرنى ئىشلىتىشتە نېمە ھېكمەت بار؟

㉝ ئەسلىي تېكستتە شۇنداق دېيىلگەن.

㉞ بۇ خوتۇننىڭ ئىسمى بۇنداق ئەمەس، تۈركچىدە مۇنداق چىتون سۆز بولمايدۇ. تۈركچە سۆزلەر ھەر ۋاقىت يەڭگىل ۋە تەبىئىي تاۋۇشلۇق بولىدۇ، ئىبنى بەتۇتە بۇ سۆزلەرنى ئەرەبچىگە ئوخشىتىش ئۈچۈن ياكى ئۆزىنىڭ تىلى كەلمىگەنلىك سەۋەبىدىن «كەيبەك»نى «كىبېك»، «تەنبېك»نى «تىينىبېك»، «ئىتكۈچۈك»نى «ايت كۈچۈك»كە ئۆزگەرتكەن، «تۇيتۇغلى» دېگەن سۆزنىمۇ ئۆزگەرتكەن، توغرىسى «تايتوغلى» ياكى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان سۆزدۇر.

㉟ بۇنىڭدىن كېيىنكى يەتتە كۈنلۈك مۇساپە چۆل ۋە ئادەمسىز جايلار بولغاچقا تەرجىمە قىلىنمىدى.

㊱ ئەسلىي تېكستتە شۇنداق، بۇ يەردىكى بايانلارنى مۇنداق چۈشىنىشكە بولىدۇ: بۇنىڭدىكى مەقسەت،ئالتۇن، كۈمۈش تەخسىلەرگە سېلىنغان ھەدىيەرلەنى تارازىغا سالىدۇ، خوتۇن ئۆزى ئالتۇن تاۋاقتا سېلىنغان ھەدىيەلەرنى تارازىغا سالىدۇ» دېمەكچى بولسا كېرەك. بۇنى پەرەڭلەر قانداق تەرجىمە قىلغانلىقى نامەلۇم.

㊲ نېمىلەرنى سورىغانلىقىنى يازمىغان، كىشىلەرنىڭ ئەقلى ۋە ئېڭىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئۆلچەشنىڭ ئەڭ توغرا ئۇسۇلى سوراشتۇر. شەيخ ئىبنى بەتۇتە بۇنى يازغان بولسا، بۇ خوتۇننىڭ قانچىلىك ئەقىللىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى.

㊳ ياكى ئۆز ۋەتىنىنى سېغىنىپ يىغلىغان بولۇشى مۇمكىن.

㊴ ئوردۇچە ياكى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان سۆز بولۇشى مۇمكىن.

㊵ ئۇلۇس بىلەن ئۇلۇش بىر سۆزدۇر، «ۋۇلس» دېگەن بۇ سۆز مۇشۇ «ئۇلۇس» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان، دەپ قارىلىدۇ.

㊶ شەيخ ئىبنى بەتۇتە «مۇناسىۋەتسىز ھەرىكەت» دەپ تەبىر بەرگەن ئەھۋالنىڭ زادى قانداق ۋەقە ئىكەنلىكى نامەلۇم. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەن چاغدا ئىبنى بەتۇتە دەشتى قىپچاقتىن كەتكەن. مۇھەممەد ئۆزبېكخاننىڭ ۋاپاتى، تەنبېك بىلەن جانىبېكنىڭ ھۆكۈمدار بولۇشى ئىبنى بەتۇتە سەپىرىدىن ئالتە - يەتتە يىل كېيىن يۈز بەرگەن. ئىبنى بەتۇتە بۇ ۋەقەلەرنى كېيىنچە باشقىلاردىن ئاڭلاپ ساياھەتنامىسىگە كىرگۈزگەن، مۇھەممەد ئۆزبېكخان ھىجرىيە 741 - يىلى ۋاپات بولغان.

㊷ بۇ ئوردىنىڭ ئورنى ماجىر بىلەن بەشتاغ ئەتراپىدا ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان.

㊸ فازىل مارجانىي ھەزرەتلىرى بۇ مەملىكەتكە خارەزملىك ئاشنىياز ئاخۇن كەلمەستىن بۇرۇن تۈننىڭ قىسقا ۋاقتىدا بۇلغار مەملىكىتىدە خۇپتەن نامىزى ئوقۇغان. ھىجرەتتىن 480 يىل كېيىن، ئەمما مۇلكى بۇ يەرنى پەتىھ قىلغان. شەيخ ئىبنى بەتۇتەنىڭ بۇ يەردە رىۋايەت قىلغان بۇلغار شەھىرىدە ئەزان چىقىپ تاراۋى نامىزى ئوقۇشى، مارجانىي ھەزرەتلىرى ئۈچۈن ئېخىمۇ پايدىلىق دەلىل تۇرۇقلۇق بۇنىڭدىن نېمىشقا نەقىل كەلتۈرمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئېنىق ئەمەس. ياكى بولمىسا ئۇ «نازۋارە»، «مۇسفادۇل - ئەخبار» دېگەن كىتابلارنى يازغاندا ئىبنى بەتۇتەنىڭ «توھفەتۇل - نەزەر» دېگەن ئەسىرى يوقمىدى؟ بۇ بىرسىنىڭ قىياسى، خالاس. ئىبنى بەتۇتەنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرگەن بولسا شۇ ئەسەردىن توغرا كۆچۈرگەن سۆزلەر بولغان بولاتتى. مانا بۇ ئىبنى خالدۇننىڭ تارىخى خۇسۇسەن 5 - جىلد ھەققىدىكى پىكىرلىرىمىزدە ئۆزىنىڭ ئوغلى مۇشەھر بۇرھانىددىن شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنى ئاڭلىغىنىمىزدا، («ئىبنى تەيمىيە رىسالىسى»، 101 - بەت، 6 - ، 10 - قۇرلار) بۇ پىكرىمىز ئايدىڭلاشتى.

㊹ بۇ چاغدا «بۇلغار» شەھىرى دەشتى قىپچاق خانلىقىغا تەۋە بولۇپ، ئاۋۋالقى شانۇ شۆھرىتىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان. شەيخ ئىبنى بەتۇتە بۇلغار شەھىرى ھەققىدە ناھايىتى قىسقا توختالغان. تېگى - تەكتى بولمىغان «قاراڭغۇ مەمـ-

لىكەت» ھەققىدە سۆزلىگەننىڭ ئورنىغا «بۇلغار» شەھىرى ھەققىدە ئېنىق، تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن بولسا ئىدى، بىز ئۈچۈن قىممەتلىك ماتېرىيال قالدۇرغان بولاتتى. بەختسىز مىللەت ۋە ئاتامانى يوق مەملىكەتنىڭ قىسمىتى ھەر ۋاقىت ئاشۇنداق بولىدۇ.

(45) قاراڭغۇ مەملىكەت خەلقى بۇلغار سودىگەرلىرىگە: سىلەرنىڭ بۇ ماللىرىڭلارنى بىزنىڭ مۇشۇ مالغا ئالماشتۇرايلى، دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن.

(46) بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «قاراڭغۇ مەملىكەت»نىڭ ھازىرقى ۋاتقە بىلەن پەيرۇم شەھىرىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكى، بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ھازىرقى گلازوۋسكىي ۋىلايىتىدە ياشىغۇچى خەلقلەر ئىكەنلىكىدە شەك يوق. بۇلغار تۈركلىرى مەدەنىي، مۇلايىم ۋە شۇ زاماندىكى ئەڭ ئۇستا سودىگەر خەلق بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ يېنىغا چىن، مىسىر، ۋاندالىس مەملىكەتلىرىدىن سودا كارۋانلىرى كېلىپ ھايۋانات تېرىلىرى ۋە باشقا ماللارنى ئېلىپ كېتىدىكەن. بۇلغار سودىگەرلىرى شىمال تەرەپتىكى خىت خەلقىنىڭ سودىسىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ئىبنى بەتۇتە سۆزلىگەن رەۋىشتە ھەيلىلەرنى ئىشلىتىپ ئۇندەككە كەلتۈرۈپ، ئۇلار تەرەپكە بېرىپ تەھدىت سالغان. ئىبنى بەتۇتە بۇ يەردە سۆزلىگەن ھېكايە بۇلغارلارنىڭ بىر ھىيلىسىدىن ئىبارەت. قاراڭغۇ مەملىكەت بۇلغارلاردىن قىرىق كۈنلۈك مۇساپە كۆپ بولسا بىر مىڭ بەش يۈز چاقىرىم، ئۇدۇل ماڭغاندا مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ. بۇلغاردا ئاينىڭ ئايدىڭ ۋە قىزىللىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، شەيخ ئىبنى بەتۇتە: «ۋايتوۋا، شۇنچىلىك يېقىن يەردە ئاشۇنداق دەرىجىدە قاراڭغۇ ۋە قاراڭغۇلۇق بولارمۇ؟» دەپ ئەجەبلەنگەنلىكىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

(47) ئەسلىي تېكىستتە خاتالىق بار.

(48) تۈركلەردە «ئاتا» سۆزى ئۇنۋان سۆزى ئەمەس، ھۆرمەت سۆزىدۇر.

(49) شەيخ ئىبنى بەتۇتە جۈمە نامىزىنىڭ قانداق يوسۇندا ئوقۇلغانلىقىنى بايان قىلغان، بۇ يەر قىسقارتىلدى.

(50) ئەسلىي تېكىستتە مۇجمەللىك بار، «ھاجى تارخان شەھىرى» بىلەن «ساراي شەھىرى» ئارىسىدىكى يولۇچىلار ھەققىدە توختالماقچى بولغان، ئەمما بىر قىسىم سۆزلەر چۈشۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قىياس قىلدۇق.

(51) «سوم» دېگەن سۆز «خالىس، ساپ» دېگەن مەنىلەردە بولۇشى مۇمكىن. سوم ئىت — ۋاپادار ئىت دېگەن مەنىدە.

(52) بۇ شەھەرنىڭ قايسى يەردىكى شەھەر ئىكەنلىكىنى بىلمىدۇق.

(53) توغرىسى «سورداق» بولسا كېرەك. بۇ شەھەر قەدىمدە قىپچاق تۈركلىرىنىڭ تەختگاھى ئىدى.

(54) بۇ سەپەر شەيخ ئىبنى بەتۇتەنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ھىجرىيە 734 ـ يىلى (مىلادىيە 1334 ـ يىلى) 6 ـ ئايدا باشلانغان. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ ۋاقىتتا سوغۇق ئەمەس، بەلكى ئىسسىق بولسا توغرا بولاتتى.

(55) شۇ يەردىن باشلاپ ئىبنى بەتۇتە رۇم مەملىكىتىگە كەلگەنلىكى، قۇستەنتەنىيەگە بارغانلىقى، بۇ شەھەرنى تاماشا قىلغانلىقى، «ئاياسوفىيە چېركاۋى» ۋە باشقىلارنى بايان قىلىپ «ھاجى تارخان شەھىرى»گە سەپەر قىلغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. بۇنىڭدا بىر قىسىم ئەھمىيەتلىك مەلۇماتلار بار.

(56) ئىبنى بەتۇتە بىر يەردە بۇ خوتۇن ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك يازىدۇ: «خوتۇن ئۆزىنىڭ مارۋىدىكى مەسچىتىنى يولنىڭ بىر يېرىدە قالدۇردى، ئەزان ئېيتىلماس بولدى، كەچلىك زىياپەتتە مەي ۋە چوشقا گۆشى كەلتۈرۈلۈپتۇ، شۇنى ئىچتى ۋە يېدى، دەپ ئاڭلىدىم، بەزى تۈركلەر ئۇنىڭ يېنىدا ناماز ئوقۇمايدىغان بولۇپ قالدى، شۇ تۈركلەر بىزنىڭ يېنىمىزدا ناماز ئوقۇدى» دەيدۇ، «مەشھۇر خوتۇنلار» دېگەن كىتابتا بۇ خوتۇن (بەيلۇن) ھەققىدە: «ئۇنىڭ خىرىستىيان ياكى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى نامەلۇم» دەيدۇ. ئىبنى بەتۇتەنىڭ بۇ رىۋايىتىدىن بۇ توغرىسىدا بىر قىسىم مەلۇماتلارنى بىلىۋالىمىز. بۇ خوتۇن ئۆزبېكخانغا قاچان، نېمە سەۋەبتىن ياتلىق قىلىندى، خان ھۇزۇرىدا قانچىلىك تۇردى، قورساق كۆتۈرۈپ بالىسى تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۆزبېكخان تەرىپىدىن قانداق بىر تەرەپ قىلىندى؟ بۇلارنى بىلمەيمىز. ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى سەلجۇق تۈركلىرىدىن قورقۇپ موغۇللار بىلەن يېقىنلىشىش سىياسىتىنى تۇتقان، لازىم بولغاندا ئۆزلىرىنىڭ قىزلىرىنى ياتلىق قىلغان. بەيلۇنىمۇ ئۆزبېكخانغا شۇ مەقسەتتە ياتلىق قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. كېيىنچە بۇ سىياسىي مەقسەت ئەمەلدىن قالغاندىن كېيىن، بۇ خوتۇن قايتىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

⑰ ئىبنى بەتۇتەنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، سىنتەبىرنىڭ ئاخىرى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قىياس قىلىشقا بو-لىدۇ.

⑱ ئىبنى بەتۇتەنىڭ «ئىتىل»غا قوشۇلىدىغان ئېقىنلار دېگىنى «ئېدىل» دەرياسى بولۇشى مۇمكىن.

⑲ بوركاخانغا نىسبەتەن ئېيتىلغان، شۇڭا «بوركا سارىيى» دەپ ئاتالغان.

⑳ بۇ جاي ھازىرقى ئاستىراخان ۋىلايىتىدىكى «تسارىف» شەھىرىنىڭ ئورنىدا، ئېدىلنىڭ سول تەرىپىدە.

㉑ بۇ ۋەقە نويابىر ئايلىرىدا بولغاچقا، كۈننىڭ قىسقارغان ۋاقتى ئىدى. شۇڭا، ئىبنى بەتۇتەنىڭ سۆزى كۆپتۈرۈۋېتىلمىگەن.

㉒ موڭغۇللار كەلگەن ۋاقىتتا بۇ يەردە تۈرك قوۋملىرى بەك كۆپ ئىدى. شۇڭا، موڭغۇللار تۈركلەشكەن. ئىبنى بەتۇتەنىڭ ھۆكۈمەت ئادەملىرى ھەققىدە توختالغاندا، تۈركلەر ئۇنداق، تۈركلەر مۇنداق دەپ يېزىشىنىڭ سەۋەبى شۇ-دۇر. ئىبنى بەتۇتەنىڭ «تۈرك» دېگەن سۆزلىرىنى بىزنىڭ تارىخچىلىرىمىزنىڭ «تاتار» دەپ تەرجىمە قىلىشى خاتادۇر. ئىبنى بەتۇتەنىڭ دەشتى قىپچاقتىكى ساياھىتى بايان قىلىنغان ئورۇندا (سىنوپ شەھىرىدىن يولغا چىقىپ خارەزمگە بارغانلىقى سۆزلەنگەن يەردە) «تاتار» سۆزى بىر ئورۇندىمۇ ئۇچرىمايدۇ.

㉓ «ئالاچ» دېمەكچىمۇ قانداق؟

㉔ دەشتى قىپچاق ھۆكۈمىتى شۇ «ئالتۇنتاش» ئىسىملىك ساراي سەۋەبىدىن «ئالتۇن ئوردا» دەپ ئاتالغان.

㉕ ياقۇت مەھۋىينىڭ سۆزىگە قارىغاندا، «لەكزى» قانقاسىيەدە «دەربەند» شەھىرىنىڭ شىمال تەرىپىدە، ئازراق خىرىستىيان، كۆپرەك مۇسۇلمانلار بار بولۇپ، باشقا بىر تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردۇر. «قامۇسۇل - ئالەم»دە بۇ سۆزنىڭ «لەزگى» دېگەن سۆزدىن بۇزۇلغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. «لەزگى» بۈگۈنكى كۈندە مەشھۇر خەلقتۇر.

㉖ بۇ چاغدا «خارەزم»نىڭ ئۆزبېكخان ھۆكۈمرانلىقىدا ئىكەنلىكى ھەمدە شەيخ ئىبنى بەتۇتەنى ئۆز مەملىكىتىدىن ئۆزىتىپ چىققانلىقىنى كېيىنكى بابتا تەرجىمە قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

㉗ بۇ «سارايچىق» شەھىرى «يايىق» دەرياسى بويىدا ئىدى. ئىبنى بەتۇتەنىڭ «ئۇلۇغ سۇ» دېگىنى دەل مۇشۇ يايىق دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ.

㉘ «ئىبنى بەتۇتە ساياھەتنامىسى»نىڭ پۈتۈن ماددىلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا يازمىغان، بەزى گۇمانلىق ئورۇنلىرىنىڭ بولۇشى مۇشۇ سەۋەبتىن بولغان.

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن تەلئەت ئوبۇلقاسىم تومەن ئاپتونوم رايونلۇق مىڭئۆي تەتقىقات ئاكادېمىيەسىدە، ھەسەنجان جۇمەخۇن بىلەن مۇھەممەتجان قادىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا)

قۇربانجان ئابدۇقادىر

# چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ نەزەرىيەۋى ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا

«ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەدەبىياتشۇناسلىق ئوتتۇرا ئەسىرلەردىلا ئەرەب تىلىدىكى فىلولوگىيە پېنىنىڭ تەسىرى ئاستىدا مەيدانغا كەلدى. ئۇنى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار جىددىي رەۋىشتە بېيىتتى»[1]. ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىيات نەزەرىيەچىلىرىنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىققا ئائىت ئەسەرلىرىدىن ئەبۇ نەسىر فارابىينىڭ «شېئىر ۋە قاپىيەلەر ھەققىدە سۆز»، ئىبنى سىنانىڭ «ئارۇز توغرىسىدا رىسالە»، جارۇللاھ ئەبۇلقاسىم زەمەخشەرىينىڭ «ئارۇز ئۆلچەملىرى»، سىراجىددىن سەككاكىينىڭ «مىفتاھۇل ـ ئۇلۇم» قاتارلىقلارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە خاقانىيە ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بولغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، «قۇتادغۇ بىلىك» قاتارلىق ئەسەرلەردىمۇ ئاشكارا ياكى ۋاستىلىك ھالدا قىممەتلىك ئەدەبىيات قاراشلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئۆلچەملەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

چاغاتاي ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بۇ ئالتە ئەسىرلىك (14 ـــ 20) ئەدەبىيات تارىخىمىزدا تېخىمۇ مول بولغان ئەدەبىيات ئەمەلىيىتى مەيدانغا كېلىش بىلەن بىللە يەنە ئەدەبىيات نەزەرىيەسى بويىچە مەخسۇس ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى ياكى ئەدىبلەر مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلىرىدە ئەدەبىياتنىڭ رولى، ئەدىبنىڭ ئورنى ۋە ئۇلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەر، ئەدەبىياتتىكى تىل ۋە ئەدەبىي تەنقىد قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلاردا مەخسۇس توختالدى. بۇ جەرياندا يەنە دىۋانچىلىق، خەمسەچىلىككە ئوخشاش ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ۋە ئەدەبىي ئېقىملار بارلىققا كەلدى، تەرجىمە ئەدەبىياتى گۈللەندى. ئەدەبىياتنىڭ تۈرلۈك ژانىرلىرى كەڭ قوللىنىلدى، مەجازىي ۋاستىلەر ۋە بەدىئىي سەنئەتلەر ۋايىگە يەتتى. تېماتىك ئىدىيە ۋە ئىجادىيەت مېتودى جەھەتتىن تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى. تۆۋەندە بىز بۇ نۇقتىلاردا ئومۇمىي بايان شەكلىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## (1) ئەدەبىيات قاراشلىرى

چاغاتاي ئەدەبىياتى دەۋرىدىكى ئەدىب ـ شائىرلارنىڭ ئەدەبىيات قاراشلىرى ئاساسەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي رولى، قىممىتى، ئەدىب ـ شائىرلارنىڭ ۋەزىپىسى، بۇرچى ۋە ئۇلارنىڭ تەربىيەلىنىشى، ئەدەبىياتتىكى تىل ۋە مىللىي تىلنىڭ ئورنى، ئەدەبىي ئەسەردە مەنە بىلەن شەكىلنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئەخلاقى، پىرىنسىپلىرى قاتارلىق تەرەپلەردە ئەكس ئېتىدۇ.

ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى كىشىلەرگە ئەقىل ـ پاراسەت ئاتا قىلىشى، ئەخلاق ـ پەزىلەت ئۆگىتىشى، جەمئىيەتنى تۈزەش ۋە قانداق ئادەم بولۇشنى ئۆگىتىشى كېرەك. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئەدەبىيات قارىشى بۇ دەۋر ئەدەبىياتىدا ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا دىداكتىك ئەنئەنىنىڭ كۈچلۈك بولۇشىنى بەلگىلىگەن.

ئەلىشىر نەۋايى ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى، جۈملىدىن ئۇنىڭ تەربىيەلەش رولىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «...ياخشىلىرىنىڭ (سۆزنى دېمەكچى) شاراپىتىدىن ئۆلۈك تەنگە جان كىرىدۇ، يامانلىرىنىڭ كاساپىتىدىن تىرىك تەنگە ھالاكەت زەھىرى يېتىدۇ»[2]. ئەدەبىياتنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى رولىغا كۆڭۈل بۆلگەن بۇ ئەدىبلەر ئېنىقكى، ئەدەبىياتنىڭ تەقدىرى ۋە مىللىي ئەدەبىياتنىڭ كېلەچىكى ھەققىدىمۇ پىكىر قىلغان ھەمدە بۇنى ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن دەلىللىگەن.

ئەينى ۋاقىتتا ئەدەبىيات ـ سەنئەت يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش قورالى دەيدىغان قاراش ئاساسىي ئېقىمغا ئايلىنىپ قالغان. شۇ سەۋەبتىن ئەرەب ـ پارس مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىدە «پارس تىلى بىلەن يېزىلمىغان شېئىر شېئىر ھېسابلانمايدۇ» دېگەن قاراش مۇتلەق ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ، بۇ خىل كېسەللىك ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ئاجىز ياشلار ۋە قابىلىيەتسىز شائىرلار تەرىپىدىن كەڭ كۆلەمدە قوبۇل قىلىنغان[3]. ئەلىشىر نەۋايى «مۇھاكىمەتۇل ـ لۇغەتەين»نىڭ باش قىسمىدا بۇ خىل رېئاللىقتىن شىكايەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە تەرجىمھالى كۆرسىتىلگەن 457 دىن ئارتۇق شائىرلار ئىچىدىمۇ پەقەت 30دىن ئارتۇق شائىرنىڭلا تۈركىي تىلدا شېئىر يازىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. ئەدەبىياتنىڭ يۇقىرىقىدەك ئىجتىمائىي رولىغا يۇكسەك باھا بەرگەن بىر قىسىم ئويغاق ئەدىبلەر ئەدەبىياتنى خەلقتىن ئايرىۋېتىشنىڭ مۇھىم سەۋەبچىسى بولغان بۇ خىل خاھىشقا ۋاقتىدا رەددىيە بېرىپ، ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق يۇقىرىقىدەك قاراشلارنىڭ خاتالىقىنى دەلىللىگەن. چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە بۇ خىل كېسەللىككە ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن قارشى چىققانلاردىن خارەزمىي، ئاتايى، سەككاكىي، لۇتفىي قاتارلىقلار بار. بۇلار ئۆز شېئىرلىرىنى تۈركىي تىلدا يېزىپ، مىللىي تىلنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئورنى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى نامايىش قىلدى ھەمدە ئەدەبىيات بىلەن خەلقنى يېقىنلاشتۇردى.

چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ كىلاسسىك دەۋرىگە كەلگەندە، ئەلىشىر نەۋايى ئەدەبىياتنى خەلقتىن ئايرىپ، ئۇنى پەقەت ئوردا ـ ساراي ئەھلىلىرىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش قورالىغا ۋە ھاكىم مەدەنىيەت، ئەدەبىياتنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويغۇچى بۇ خىل كېسەللىككە ئۆزىنىڭ مول ئەدەبىيات ئەمەلىيىتى ۋە مەخسۇس ئىلمىي ئەسىرى ئارقىلىق رەددىيە بەردى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، تۈركىي تىلنىڭ مۇكەممەل ئەدەبىي تىل بولۇش سالاھىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئەلىشىر نەۋايى «مۇھاكىمەتۇل ـ لۇغەتەين» ناملىق ئەسىرى ئارقىلىق ئورۇنلىدى. ئەلىشىر نەۋايى بۇ ئەسىرى ئارقىلىق ھەر قانداق خەلقنىڭ تىلىدا مىللىي بەدىئىي ئەدەبىيات يارىتىش مۇمكىنلىكىنى ئىسپاتلىدى، بەدىئىيلىك مەلۇم تىللارنىڭ ئىمتىيازى، دېگەن خاتا قاراشنى رەت قىلدى[4]. گەرچە نەۋايى مەزكۇر ئەسەردە سۆزنى ئىككى تىلنىڭ ئەۋزەللىكلىرى ئۈستىدە قىلىشتۇرغاندەك تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن ئەدەبىياتنىڭ ئۆز تىلى ۋە ئۆز خەلقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت تەقدىرى ئۈستىدە پىكىر قىلىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە رولىغا يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ.

چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدىكى ئەدىب ـ شائىرلارمۇ نەۋايى باشچىلىقىدىكى ئۇستازلارنىڭ ئەدەبىيات چۈشەنچىسى ۋە ئىجادىيەت ئۇسۇلىغا يېقىندىن ئەگەشتى. ئۇلار تېما ۋە ئىجادىيەت مېتودى ۋە ئەدەبىي تىل جەھەتتىن ئەدەبىياتنىڭ خەلق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى. كېيىنكى دەۋردە تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنىڭ كەڭ قوللىنىلىشى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى تېمىلارنىڭ يازما ئەدەبىياتقا كۆپلەپ كىرىشى بۇ نۇقتىنى دەلىللەپ بېرىدۇ.

ئەدەبىياتنى نوقۇل يۇقىرى تەبىقىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش قورالى قىلىش ياكى ھاكىم مەدەنىيەت ۋە ئەمەلدارلارنى مەدھىيەلەيدىغان ۋاستە دەپ بىلىشتەك ئەدەبىيات قارىشى ئەينى ۋاقىتلاردا ئەدەبىيات نەزە-

رىيەسىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، بەدىئىي ئەدەبىيات دەسلەپتە شېئىرىيەت دەپ چۈشىنىلگەن ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ئاساسەن شېئىرىيەتتە ئىشلىتىلىدىغان ۋاستە، ئۇسۇللارنى ۋە بەدىئىي سەنئەتلەرنىلا مۇھاكىمە قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنىڭدىكى مەنە ۋە ۋاستە بىلەن مەنىنىڭ بىردەكلىكىگە ئېتىبار قىلمىغان. نەتىجىدە ئەدەبىياتنىڭ جەمئىيەتكە ۋە ھاياتقا بولغان مۇناسىۋىتى، ئەدەبىياتتىكى بەدىئىيلىكنىڭ ھەقىقانىيلىق ۋە خەلقچىللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى سۇسلاشتۇرۇلغان. مەسىلەن، ئەرەب تارىخچىسى ۋە ئالىمى ئىبنى خەلدۇن ئۆزىنىڭ «مۇقەددىمە» ناملىق ئەسىرىدە، مەزمۇن بىلەن شەكىل ئۈستىدە توختىلىپ: «تىزما ۋە چاچما سۆز سەنئىتى (بەدىئىي ئەدەبىياتنى دېمەكچى) مەنىگە ئائىت ئەمەس، بەلكى سۆزلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە ئائىت. مەنە سۆزلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىدۇ. مەنە ئەمەس، سۆز ئېسىلدۇر...»⑤ دەيدۇ. بۇ خىل نەزەرىيەنىڭ تەسىرىدە چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى بىر قىسىم ئەدىب، شائىرلار گەرچە مەزمۇننىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەنگەن ۋە ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆز تەتقىقاتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى بەدىئىي ماھارەت تەرەپكە قاراتقان. نەتىجىدە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىمۇ تېما جەھەتتىكى قاتاللىق، تىل ۋاستىلىرى بىلەن گەۋدىلەندۇرۇشكە زورۇقۇشتەك ئەھۋاللار مەۋجۇت بولغان.

چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ كىلاسسىك دەۋرىگە كەلگەندە، جۈملىدىن نەۋايى دەۋرىدە ئەدەبىيات نەزەرىيەسىدىكى بۇ خىل بىر تەرەپلىمە قاراشنىڭ ئورنىغا ئەدەبىياتتا مەنە بىلەن شەكىلگە تەڭ ئېتىبار بېرىش ھالىتى شەكىللەندى. ھەتتا ئەلىشىر نەۋايى مۇشۇ نۇقتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، «مەھبۇبۇل ـ قۇلۇب»تا ئەدىبلەرنى بىرنەچچە ئېقىمغا بۆلىدۇ. دېمەك، ئۇ ئەدەبىياتتىكى شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ مۇناسىۋىتىگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي رولى ۋە ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن ھەمدە ئەدەبىياتنى دۇنيانى بىلىش، دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىكى قورال، خەلقنىڭ ئەخلاقىي، ئېستېتىك تەربىيەلىنىشىدىكى ۋاستە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان.

نەۋايى مەنىسىز، غايىسىز، مەنتىقسىز شېئىرىيەتنى ئىنكار قىلىپ، مەزمۇن بىلەن شەكىل بىردەكلىكىنى تەكىتلەپ، «ھەيرەتۇل ـ ئەبرار»دا مۇنداق يازىدۇ:

نەزمدە ھەم ئەسل ئاڭا مەئنى دۇرۇر،
بولسۇن ئانىڭ سۇرەتى ھەرنې دۇرۇر.⑥

ئەلۋەتتە، ئەلىشىر نەۋايى نوقۇل مەزمۇننى تەكىتلەپ، شەكىلگە ئېتىبارسىز قارىغان ئەمەس. ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى بىزگە بۇ نۇقتىنى ئېنىق دەلىللەپ تۇرىدۇ. ئۇ «مۇھاكەمەتۇل ـ لۇغەتەين»دە مۇنداق يازىدۇ: «سۆز بىر مەرۋايىتتۇر. ئۇنىڭ دەرياسى كۆڭۈلدۇر. كۆڭۈل بىر روشەن ئەينەك، ئۇ پۈتۈن مەنىلەرنى توپلىغۇچىدۇر. ئۇ غەۋۋاسنىڭ ۋاستىسى بىلەن دېڭىزدىن جىلۋە نامايىش قىلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش كۆڭۈلدىكى سۆز گۆھەرلىرىمۇ تەپەككۇر ۋە نۇتۇق قابىلىيىتىدە ماھىر بولغانلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن زىننەتلىنىپ چىقىدۇ». كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ كۆڭۈل دېڭىزىدىكى مەنىلەر بىلەن ئۇنى قازغۇچى غەۋۋاسلارنىڭ ماھارىتىگە تەڭ ئېتىبار بىلەن قارايدۇ.

شۇڭا، ئۇلار غەۋۋاس مىسالى ئەدىب ـ شائىرلارنىڭ ئورنى ۋە ئۇلارنىڭ پەزىلەت، ماھارەت جەھەتتىكى تەربىيەلىنىشىگىمۇ ئالاھىدە قارىغان. بۇ نۇقتا چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىيات قاراشلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنىڭ بىرىسى. يۈسۈپ سەككاكىي «مىفتاھۇل ـ ئۇلۇم»دا «شائىرنىڭ ھۆرمىتى ۋە شېئىرنىڭ ئەۋزەللىكى توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا مۇنداق يازىدۇ: «ئۇلۇغ كىشىلەر شائىرلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ ‹شائىرلار رەھمان (خۇدا)نىڭ شاگىرتلىرىدۇر. ئۇنداق بولمىغاندا، شائىر ئىلھامنى قەيەردىن ئالىدۇ...›»،

«شائىرلىق دېمەك ــ پەيغەمبەرلىكنىڭ بىر پارچىسى دېمەكتۇر. ھەقىقەتكە كۆز يۇمغۇچى جاھىللار شائىرلارنى كۇپۇرلۇققا نىسبەت ئېتىدۇ...»[7]

چاغاتاي ئەدەبىياتىدا ئەدىبنىڭ ئورنى ۋە ئۇلارغا قويۇلىدىغان كونكرېت تەلەپلەر ھەققىدە ئەتراپلىق توختالغان كىشى يەنىلا ئەلىشىر نەۋايىدۇر. ئۇنىڭ «مەجالىسۇن ـ نەفائىس»، «مۇھاكەمەتۇل ـ لۇغەتەين» ۋە «مەھبۇبۇل ـ قۇلۇب» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە بۇ ھەقتىكى پىكىرلەر سىستېمىلىق بايان قىلىنغان. شائىر «مەھبۇبۇل ـ قۇلۇب»نىڭ 16 ـ پەسلىدە شائىرلارنى «نەزم گۈلىستانىنىڭ خۇش ئاۋاز قۇشلىرى» دەپ ئاتايدۇ ۋە ئۇلارنى تەبىقىلەرگە بۆلۈپ، كونكرېت سۈپەتلىرىنى بايان قىلىدۇ ۋە مەسئۇلىيەت ـ مەجبۇرىيەتلىرىنى تەكىتلەيدۇ. «مەجالىسۇن ـ نەفائىس»تا ئۇلارنىڭ دەرىجىلىرى ھەققىدە توختىلىپ، «نەزم ئىلمى ھەققىدە سۆزلىگۈچىلەر ۋە شېئىر پىشىنىڭ كامىللىرى نازۇك، ئىنچىكە گۆھەرلەرنىڭ دېڭىزى ۋە ئاتەش رەڭلىك ياقۇتلارنىڭ كېنى بولالايدۇ. بۇلار ئەزىز جامائەت، ئۇلۇغ قوۋم بولىدۇ» دەپ يازىدۇ. ئەلۋەتتە، شائىر، ئەدىبلەرگە بۇنداق ئالىي مەرتىۋىلەرنى مۇناسىپ كۆرگىنىدە، ئۇلار تەييارلاشقا تېگىشلىك سالاھىيەت ۋە ساپانى تەكىتلەشنىمۇ ئۇنتۇمايدۇ. نەۋايىنىڭ قارىشىچە، بىر ئەسەرنىڭ مۇكەممەل چىقىش ـ چىقماسلىقى ئەدىبنىڭ پەزىلىتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. ئۇ يەنە شائىرلاردىكى ئادالەت، ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان روھنى، زوراۋانلاردىن قورقمايدىغان جاسارەتنى مەدھىيەلەيدۇ. مەسىلەن، «مەجالىسۇن ـ نەفائىس»تا ئۇ مەۋلانا ئالىم ۋە ئابدۇللا ئاستىرابادى قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەمەلدارلارنىڭ پارىخورلۇقى، ھەتتا ۋەزىرنىڭ شۇملۇقلىرىنى ئېچىپ تاشلىغانلىقلىرىنى ناھايىتى سۆيۈنۈش ئىچىدە بايان قىلىدۇ.[8] بۇلاردىن باشقا يەنە نەۋايى ئەدىبلەردە يۇكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ۋە مىللىي غۇرۇر بولۇشنى ھەقىقىي ئەدىب بولۇشنىڭ شەرتى دەپ قارايدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ نوقۇل ئەدەبىيات جەھەتتىلا ئەمەس، ئەقىدە، پەزىلەت ۋە باشقا پەنلەر بويىچىمۇ تەربىيەلىنىشىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدۇ.

چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىيات قاراشلىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم نۇقتىسى ئەدىبلەرنىڭ تىل ئېڭىدا ئىپادىلىنىدۇ. مەلۇم بولغىنىدەك، ئەدەبىيات تىل سەنئىتى. تىلدىن ئايرىلغان ئەدەبىياتنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، تىلنىڭ مەنە جەھەتتىكى كامالىتى ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىكى پاساھەت ـ بالاغىتىگە سىستېمىلىق نەزەرىيە ئوتتۇرىغا قويالمىغان ئەدەبىياتنى مۇكەممەل ئەدەبىيات دېگىلى بولمايدۇ. چاغاتاي ئەدەبىياتىدا تىلنىڭ ئورنى ۋە رولى ھەققىدىكى قاراشلارمۇ نەزەرىيەۋى يۇكسەكلىك ھاسىل قىلالىغان. يۇسۇپ سەككاكىي تىلنىڭ رولى ۋە ئۇنى توغرا ئىشلىتىش ھەققىدە شۇنداق دەيدۇ: «سۆز دېگەن ئەڭ باھالىق گۆھەرگە تەقلىد قىلىنسا، تىل سۆزنىڭ مۇھىم ئەسۋابلىرىدىندۇر. تىلنى كېرەكسىز ئورۇنغا ئىشلىتىش ئەسلا توغرا ئەمەستۇر»[9].

ئەلىشىر نەۋايىنىڭ تىل ئېڭى ئۇنىڭ «مۇھاكەمەتۇل ـ لۇغەتەين» ناملىق ئەسىرىدىكى تىلنىڭ مەنبەسى، تىللارنىڭ بۆلۈنۈشى ۋە تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق نۇقتىلاردىكى ئىلمىي مۇلاھىزىلىرى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئانا تىل بىلەن مىللىي ئەدەبىياتنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى چوڭقۇر تەھلىلىرىدىن مەلۇم. ئۇ ئۆز دىۋانىنىڭ «دىباچە»سىنى: «پاساھەت دىۋانىنىڭ غەزەلخانلىرى ئالماستەك تىل شەرەپلىرى ۋە گۆھەر تۆككۈچى سۆزى ئارقىلىق ئاشىقلارنى باشقا ئىنسانلار تاجىنىڭ گۆھىرى قىلغان ئاشۇ ياراتقۇچىنىڭ ھەمدۇسانا جاۋاھىراتلىرى بىلەن سۆزنىڭ دىباچىسىنى بېزىمىسە، ئىستىبدات خەزىنىسىدىن پەرىشان ئاشىقلارنىڭ جېنى خامىنىغا ئوت سالغۇدەك بىر چوغ كەبى گۆھەرنى نەزم يىپىغا تىزالمايدۇ... بالاغەت بوستانىنىڭ چىمەنلىرىنى تىزغۇچىلار...»[10] دەپ باشلايدۇ. بۇ بايانلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، ئەدىبلەر «پاساھەت دىۋانىنىڭ غەزەلخانلىرى»، «بالاغەت بوستانىنىڭ چىمەنلىرىنى تىزغۇچىلار» دەپ تەرىپلىنىۋاتىدۇ. «ئىنسان (ئاشىقلار) ئالماستەك تىل شەرەپلىرى ۋە گۆھەر تۆككۈچى

سۆزى ئارقىلىق باشقا ئىنسانلار تاجىنىڭ گۆھىرى قىلىندى» دېگەن قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتىدۇ. بۇلاردىن بىز شائىرنىڭ تىلىنىڭ ئورنى ۋە ئەدىبنىڭ پاساھەت ـ بالاغەت جەھەتتىكى يېتىلىشى توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

كېيىنكى دەۋر چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم ۋەكىللەرنىڭ بىرسى بولغان مۇھەممەد سىددىق رەشىدىي «سىددىقنامە»دىكى «شائىرلىقنىڭ بەيانى» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا مۇنداق يازىدۇ: «خاسۇ ئامغا خوش كۆرۈنسۇن دېسەڭ، ئاشىقلارنىڭ هال ـ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق ئاشىقانە ۋە گۈزەل، يېقىملىق سۆزلەرنى لازىم تۇت»[1]. بۇ ئەمەلىيەتتە شائىر تىلىنىڭ بەدىئىيلىكىگە قويۇۋاتقان كونكرېت ئۆلچىمىدىن ئىبارەت.

چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىيات قاراشلىرىغا ئائىت يەنە بىر مۇھىم نۇقتا ئەدەبىي تەنقىد قارىشىدۇر. بىر پۈتۈن ئەدەبىياتشۇناسلىقتا ئەدەبىيات نەزەرىيەسى، ئەدەبىيات تارىخى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. چاغاتاي ئەدەبىياتىدا ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە ئائىت مەخسۇس ئەسەرلەردىن بىزگە مەلۇم بولغىنى ئاساسەن كۆپ ئەمەس. ئەمما، كۆپلىگەن ئەدىب ـ شائىرلار ئۆز ئەسەرلىرىدە بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىك هالدا ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تەنقىد قاراشلىرىنى ۋە مېتود، پىرىنسىپلىرىنى ئىپادە قىلغان. ئۇلارنىڭ ئەدەبىي تەنقىد قاراشلىرى كۆپىنچە ئەمەلىي ئىجادىيەت، بولۇپمۇ شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەن زىچ بىرلەشكەن. چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى شائىر ۋە شېئىر ھەققىدە، ئەدىبلەرنىڭ ئەخلاق ۋە ساپا جەھەتتىن تەربىيەلىنىشى، مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىردەكلىكى، ئەدەبىي تىل، ئەدەبىياتقا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىش قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدىكى قاراشلىرىدا ئەكس ئېتىدۇ.

چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىي تەنقىدكە ئائىت ئەسەر ۋە ئەدەبىي تەنقىدچى ھەققىدە كونكرېت سۆز قىلىشقا توغرا كەلسە، ئەلىشىر نەۋايى ۋە ئۇنىڭ «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» ناملىق ئەسىرى ئۈستىدە توختىلىش زۆرۈر. مەزكۇر ئەسەر جەمئىي سەككىز مەجلىستىن تەركىب تاپقان بولۇپ، نەۋايىدىن بۇرۇن ۋە زامانداش ئۆتكەن 457 نەپەر ئەدىب ـ شائىرنىڭ تەرجىمىھالى، ئىجادىي پائالىيىتى ۋە ئەسەرلىرىدىن نەمۇنىلەر، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتلىرى ھەققىدىكى باھالار بېرىلگەن. ئەلىشىر نەۋايى، جۈملىدىن چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك قارىشى، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ مېتود ۋە پىرىنسىپلىرى، شۇنداقلا ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىش ۋە تەتقىق قىلىشىمىزدا «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» تولىمۇ قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

ئەلىشىر نەۋايى كىتابتا ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە ئىمكانقەدەر ئوبيېكتىپ، ئادىل، ھەققانىي باھا بەرگەن بولۇپ، بۇ خىل ئوبيېكتىپلىق ۋە ئادىللىقنى، مەردانىلىقنى تۆۋەندىكى تۆت نۇقتىدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. بىرىنچىدىن، ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئەدەبىيات قارىشىدا، ئەسەرنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن مۇكەممەل ۋە بىردەك بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم نۇقتا بولۇپ، ئۇ ئەسەرلەر چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە بولۇش بىلەن بىللە يەنە يۈكسەك دەرىجىدىكى گۈزەل ۋە مۇكەممەل بەدىئىي شەكىلگىمۇ ئىگە بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەرگە بۇ خىل ئۆلچەم بىلەن يانداشقان نەۋايى مانا مۇشۇ ئۆلچەمگە چۈشىدىغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ شېئىرلىرىنى ئۆز كىتابىدا ئۈلگە سۈپىتىدە كۆرسىتىش بىلەن بىللە، بۇ خىل ئۆلچەمگە چۈشمەيدىغان شېئىرلارنى تەنقىد قىلىدۇ. ئەمما، بۇنداق تەنقىد ئادەتتىكى ئاپتورلار ئۈستىدىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇ ئۆزى «ئۇستازىم»، «مەلىكۇل كەلام» (سۆز پادىشاھى) دەپ تەرىپلىگەن لۇتفىي ۋە ئاتايى قاتارلىق شۆھرەتلىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆرۈلگەن بەزى نۇقسانلارنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈپ، ئۆز يولىدا تەنقىد قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇ «مەجالىسۇن ـ نەفائىس»نىڭ ئاخىرقى بابىدا لۇتفىينىڭ بىر بېيىتىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ تۇرۇپ، بۇ بېيىتتىكى ئوخ-

شېئىرلارنىڭ ساغلام ئەمەسلىكى، شۇنداقلا ئىككى مىسرانىڭ مەزمۇن جەھەتتە بىر - بىرىگە ياخشى باغلاشمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. نەۋايى يەنە كىتابىنىڭ ئىككىنچى بابىدا ئاتايىنىڭ بىر بېيىتىنى مىسال كەلتۈرۈپ، بۇ بېيىتنىڭ قاپىيەلىرىدە مەسىلە بارلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ[12]. مانا بۇ شائىرنىڭ ئەدەبىي تەنقىد ئەخلاقىدىكى ئادىللىقىقا ۋەكىللىك قىلغۇچى بىر تەرەپ. ئىككىنچىدىن، شائىر ئۆزى بىلەن دۈشمەنلەشكەن شائىرلارنىڭ ئىجادىنى باھالىغاندا، شەخسىي غەرىزىنى ئارىلاشتۇرماي، خالىس مەيداندا تۇرۇپ باھالايدۇ. مەسىلەن، مەۋلانا دەرۋىش مەشھەدى سەيفى دېگەن كىشى نەۋايىغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان كىشىلەرنىڭ بىرسى بولسىمۇ، لېكىن نەۋايى ئۇنىڭ ھەققىدىكى بەزىلەرنىڭ ناتوغرا سۆزلىرىگە رەددىيە بېرىپ، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى توغرىلىقىنى ياقلايدۇ[13]. بۇ نەۋايىنىڭ ئەدەبىي تەنقىد مېتودىدىكى ئوبيېكتىپلىقىنى دەلىللەيدۇ. ئۈچىنچىدىن، نەۋايى شائىرلارنىڭ ئادالەتنى ياقلايدىغان، زوراۋانلىقتىن قورقمايدىغان جاسارىتىنى مەدھىيىلىگەن بولۇپ، بۇ خۇسۇستا ئۇ ئۆز كىتابىدا مەۋلانا ئالىم ۋە سەيد ئابدۇللا ئاستىرابادى قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەمەلدارلارنىڭ پارىخورلۇقلىرى، ھەتتا ۋەزىرلەرنىڭ شۇملۇقلىرىنى ئېچىپ تاشلىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ[14]. بۇ ئۇنىڭ ئەدەبىي تەنقىدتىكى مەردانىلىقىنى تەكىتلەش پرىنسىپىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. تۆتىنچىدىن، «مەجالىسۇن - نەفائىس»تا يەنە خىلمۇ خىل پېكىردىكى ئەدىبلەر ۋە دادىل پىكىر قىلالايدىغان تالانت ئىگىلىرىگە يۇقىرى باھا بېرىلگەن بولۇپ، ھەتتا شائىر ئۆز دەۋرىدە پادىشاھقا ياقمىغان، ھۆكۈمران كۈچلەر چەتكە قاققان، تۈرلۈك بەتناملار بىلەن ئەيىبلەنگەن، زىندانلارغا تاشلانغان بىر تۈركۈم تالانت ئىگىلىرىگە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىدۇ[15]. بۇ شائىرنىڭ ئەدەبىي تەنقىد ئەخلاقىدىكى ھەققانىيلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ نۇقتىلار يالغۇز ئەلشىر نەۋايىنىڭلا ئەدەبىي تەنقىد مېتودى ۋە ئەخلاقى بولۇپ قالماستىن، بەلكى بىر پۈتۈن چاغاتاي ئەدەبىياتىدا قوبۇل قىلىنغان ئەدەبىي تەنقىد قاراشلىرىدۇر. بۇ نۇقتا بۇ دەۋردىكى مۇتلەق كۆپ ئەدىب - شائىرلارنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ۋە تەنقىد پائالىيەتلىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ.

بۇ دەۋردىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك قاراشلىرىنىڭ مەنبەلىرى مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى نەزەرىيەۋى قاراشلار ۋە قارا خانىيلار دەۋرىدىن بۇيانقى ئۇيغۇر ئىسلام پەلسەپىسى، ئېستېتىك ئىدىيەلىرىنىڭ داۋامى، شۇنداقلا ئەينى دەۋر ئەدىب - شائىرلىرى بىلەن زاماندash ياكى ئۇستاز - شاگىرتلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە شەخسلەر ئارقىلىق سىڭگەن ئەرەب - پارس ئەدەبىياتى ئىدىيەسى ۋە نەزەرىيە قاراشلىرىنىڭ تەسىرىدىن ئىبارەت ئىككى نۇقتا مەنبەلىك رولىنى ئوينىغان.

دېمەك، چاغاتاي ئەدەبىياتى دەۋرىدىكى ئەدەبىي تەنقىد قاراشلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى شائىر - ئەدىبلەرنىڭ ئەخلاقى ۋە ساپاسى، ئەسەرنىڭ تېماتىك ئىدىيەسى ۋە مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىردەكلىكى مەسىلىسى، مىللىي ئەدەبىي تىل قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، بۇ قاراشلار شۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تېما، مەزمۇن، شەكىل، مېتود ۋە ئىجادچانلىق قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن.

**(2) ئەدەبىيات ھادىسىلىرى**

مەلۇم ئەدەبىياتنىڭ نەزەرىيەۋى ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن بۇ ئەدەبىياتتا بارلىققا كەلگەن ئەدەبىي ھادىسىلەرگە دىققەت قىلىش زۆرۈر. چۈنكى، ئەدەبىيات ھادىسىلىرى نۇرغۇنلىغان ئەدەبىيات چۈشەنچىلىرى ۋە نەزەرىيەلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بولىدۇ. مەسىلەن، چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى دىۋان ئەدەبىياتى، خەمسەچىلىك ۋە باشقا ئەدەبىي ئېقىملار، شۇنداقلا تەرجىمە ئەدەبىياتى ھادىسىلىرى مەزكۇر ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسى، ئەدەبىيات چۈشەنچىلىرى، ژانىرلار، بەدىئىي سەنئەتلەر، شېئىرىي نەزەرىيەلەر ھەمدە ئەدەبىيات بىلەن ئىجتىمائىي رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى مۇناسىۋەت-

لەرنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىق نۇقتىلارنى چۈشىنىشتىكى مۇھىم كۆزنەك ھېسابلىنىدۇ.

دىۋانچىلىق چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنىڭ بىرسى. دىۋانچىلىق ياكى دىۋان ئەدەبىياتى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىدە ئوتتۇرىغا چىققان چوڭ بىر ئەدەبىيات ھادىسىسى. دىۋانچىلىق شەرق ئىسلام ئەدەبىياتىدا ئۇزاق داۋاملاشقان ئالاھىدە ئەدەبىي ھادىسە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئىنتايىن چوڭ.

«دىۋان» ئاتالغۇسى «شېئىرىي توپلام، سوت مەھكىمىسى، سوت كوللېگىيەسى، ۋەزىرلەر مەجلىسى، كىرىم-چىقىم دەپتىرى، يوقلىما دەپتەر، قورۇ-ھويلا» قاتارلىق مەنىلەرگە ئىگە[16]. بۇ سۆز ئەڭ دەسلەپ ئەدەبىيات بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، سىياسىي ۋە ئىلمىي ساھەلەردىمۇ قوللىنىلغان بولۇپ، دۆلەت ئىشلىرى يىغىنى، ئوردا مەھكىمە، ئىشخانا، ئورگان، ۋەزىر، كاتىپ، چوڭ رەھبەرلەرنىڭ يىغىن ئاچىدىغان ياكى ئۆچرىشىدىغان جايى، تامۇزنا، ئاخىرەتتە سوراق قىلىنىدىغان ئېگىز يەر (دىۋانى ئىلاھىي، دىۋانى جازا) قاتارلىق مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن. «دىۋان»نىڭ ئەدەبىياتتىكى مەنىسى ئىككى خىل. بىرسى مۇئەييەن بىر قېلىپتا (ئارۇزدا) يېزىلغان شېئىرىي شەكىلدىن ئىبارەت. بۇ خىل شېئىرىي شەكىلنىڭ قېلىپى بولسا «پائىلاتۇن، پائىلاتۇن، پائىلاتۇن، پائىلۇن»دىن ئىبارەت. ئىككىنچى خىل مەنىسى بولسا شائىرلارنىڭ مۇئەييەن قېلىپتا يېزىلغان، ھەرخىل ژانىردىكى شېئىرلىرىنىڭ مەلۇم تەرتىپتە تىزىلىشىدىن ھاسىل بولغان شېئىرىي توپلامنى كۆرسىتىدۇ. بىز چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى دىۋانچىلىق ھادىسىسى دېگىنىمىزدە، دەل مۇشۇ خىل شېئىرىي توپلاملارنى كۆزدە تۇتىمىز. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەڭ دەسلەپكى دىۋان كىم تەرىپىدىن قاچان تۈزۈلگەن، بۇ بىزگە نامەلۇم. ئەمما، 13 - ئەسىردىن 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان جەرياندا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىدا نۇرغۇنلىغان نەمۇنىلىك دىۋانلار ۋە دىۋان شائىرلىرى مەيدانغا كەلدى.

ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، دىۋانچىلىق كونكرېت ژانىر ۋە مۇئەييەن بىر تەرتىپنى تەلەپ قىلىدۇ. بىر پۈتۈن دىۋاندا قەسىدە (تەۋھىد، مۇناجات، نەئت، مەدھىيە)، تارىخ، مۇسەممەت، غەزەل، لۇغز، مۇئەمما ۋە فەرد قاتارلىقلار بولىدۇ[17]. دىۋاندا ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان ژانىر غەزەل ژانىرى بولۇپ، ھەرقانداق دىۋاندىكى غەزەللەرنىڭ تەرتىپى شۇ غەزەلنىڭ قاپىيە ۋە رادىفلىرىنىڭ ئاخىرىدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى تەرتىپىگە ئاساسەن تىزىلىدۇ[18]. بۇلار «دىۋان تەرتىپى» (مۇرەتتەبى دىۋان) دەپ ئاتىلىدۇ. دىۋانچىلىقنىڭ مانا بۇ خىل ژانىر ۋە تەرتىپ جەھەتتىكى كونكرېت ئۆلچەملىرى چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى شېئىرىي تۈرلەر ۋە ئارۇز ئىلمىنىڭ تەرەققىياتى، شۇنداقلا بەدىئىي سەنئەتلەرنىڭ تاكامۇللىشىشىغا سەۋەب بولغان.

دىۋان ئەدەبىياتىنىڭ تېماتىك مەزمۇن دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئىسلام ئىلىملىرى، ئىسلام تارىخى، تەسەۋۋۇپ، پەيغەمبەرلەر، ئەۋلىيالار قىسسىلىرى، كۈندىلىك تۇرمۇش، پەلسەپۋى ھېكمەت ۋە ئەقلىيەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دىۋاندىكى شېئىرلارنى ئۆزىنىڭ تېماتىك دائىرىسى بويىچە بەھارىيە، فەخرىيە، مەدھىيە، مەرسىيە، غەزاۋەتنامە، ساقىنامە، ھامامنامە، قىيافەتنامە، ھەجۋىيە، تەۋھىد، مۇناجات، مىراجىيە... قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن. دىۋان ئەدەبىياتىدا ژانىر، ئارۇز ۋە تەرتىپكە ئوخشاش كونكرېت نەزەرىيەۋى تەلەپلەر كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، تىلدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا ۋە تىلنىڭ پاساھەت - بالاغىتىنى ئاشۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. بۇ دىۋان ئەدەبىياتىدا تەبىئىي ھالدا تۈرلۈك بەدىئىي سەنئەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. دىۋان ئەدەبىياتىدا كۆپ ئۇچرايدىغان بەدىئىي سەنئەتلەردىن تەسبىھ، ئىستىئارە، ئىيھام، كىنايە، تەلمىھ، مەجاز، تەبلىغ، تەشبىھ، تەرسىئ، رەددۇل - مەتلەئ، تەكرار، تەززاد،

تەجنىس قاتارلىقلار بار.

ئومۇمەن، دىۋانچىلىق چاغاتاي ئەدەبىياتىدا ئومۇملاشقان بىر خىل ئەدەبىيات ھادىسىسى بولۇپ، ئۇنىڭ تۈركىيسدە چاغاتاي ئەدەبىياتىدا تۈرلۈك شېئىرىي تۈرلەر، بەدىئىي سەنئەتلەر ۋە ئارۇز ئىلمىغا ئوخشاش نەزەرىيەۋى ساھەلەر زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەن ھەمدە نەزەرىيەۋى ئۆلچەملەر بارلىققا كەلگەن. بولۇپمۇ چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ كىلاسسىك دەۋرىدە كۆپلىگەن نەمۇنىلىك دىۋانلار ۋە ئارۇز ھەققىدىكى ئىلمىي ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن. ئەلشىر نەۋايىنىڭ «چەھار دىۋان»، «مىزانۇل ـ ئەۋزان» قاتارلىق دىۋانلار توپلىمى ۋە ئىلمىي ئەسەرلىرى، بابۇرنىڭ «دىۋانى بابۇر» ۋە «مۇختەسەر» ناملىق ئارۇز رىسالىسى بۇ نۇقتىنى دەلىللەيدۇ. بىر پۈتۈن چاغاتاي ئەدەبىياتىدا يۈزلىگەن دىۋانلار مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، مۇھىملىرىدىن «دىۋانى ھاپىز تۈركىي»، «دىۋانى ئەمىرى»، «دىۋانى لۇتفىي»، «دىۋانى سەككاكىي»، «دىۋانى شەيخزادە ئاتايى»، «دىۋانى گەدائى»، «دىۋانى ۋەفائى»، «ئىلىك دىۋان»، «چەھار دىۋان»، «دىۋانى فانىي»، «دىۋانى ھۈسەينى»، «دىۋانى سەييىد ئەھمەد»، «دىۋانى بابۇر»، «دىۋانى نەفىسە»، «دىۋانى ئەرشى»، «دىۋانى بىلال»، «دىۋانى گۇمنام»، «دىۋانى زەلىلىي»، «دىۋانى مەشرەپ»، «دىۋانى نەۋبەتى»، «دىۋانى ئەمىرى»، «دىۋانى زۇھۇرىي»، «دىۋانى مەھزۇنىي»، «دىۋانى نىيازىي»، «دىۋانى ئەلىي»، «دىۋانى موللا سەئدۇللا»، «دىۋانى قارىي»، «دىۋانى سەبۇرىي»، «دىۋانى قەلەندەر»، «دىۋانى تەجەللىي»، «دىۋانى ناقىس» قاتارلىقلار بار.

ئەدەبىيات ئېقىمى ئەدەبىيات تارىخىدا مەيدانغا كەلگەن ئالاھىدە ئەدەبىيات ھادىسىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ بىر توپ يازغۇچىلارنىڭ ئىدىيەۋى خاھىشى، بەدىئىي ئىزدىنىشى، ئەدەبىي ئۇسلۇبى قاتارلىق جەھەتلەردىكى يېقىنلىشىشى ياكى بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان ئەدەبىي ئىجادىيەت مەزھىپى ياكى گۇرۇھىنى كۆرسىتىدۇ[19]. ئەدەبىيات ئېقىمى بىر توپ يازغۇچىلاردىكى ئەدەبىي ئورتاقلىقلارنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىش ھادىسىسى بولغاچقا، ئەدەبىيات ئېقىمى كۆپرەك ئىجادىيەت ئۇسۇلى، ئەدەبىي ئۇسلۇب ۋە ئەدەبىيات قارىشى جەھەتتىكى يېقىنلىق ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. شۇڭا، مۇئەييەن دەۋردىكى ئەدەبىياتتا مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىيات ئېقىملىرىنى چۈشىنىش دەل شۇ دەۋر ئەدەبىياتىدا مەۋجۇت بولغان ئەدەبىي ئۇسلۇب، ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە ئەدەبىيات قارىشىنى جۈملىدىن نەزەرىيەۋى ئالاھىدىلىكلەرنى چۈشىنىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەگەر بىز چاغاتاي دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى نىسبەتەن كەڭرەك ئەدەبىيات كونتېكىستىغا قويۇپ تۇرۇپ نەزەر تاشلايدىغان بولساق، خەمسەچىلىك ئەدەبىيات ئېقىمى بۇ دەۋردىكى تولىمۇ مۇھىم بولغان ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنىڭ بىرسىدۇر.

خەمسەچىلىك ئىجادىيىتى شەرق ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن يىرىك ئەدەبىي ئېقىم. «خەمسە» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «بەش»، «بەشلىك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەدەبىياتتا بەش داستاننىڭ توپلىمى «خەمسە» دەپ ئاتالغان[20]. ئۇ شەرق ئەدەبىياتىدىكى ئوخشاتما (نەزىرە) ئەدەبىياتىغا ئىجادىي ۋارىسلىق يولى ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن. «خەمسە»نىڭ تېمىسى، ۋەقەلىكلىرى، قۇرۇلمىسى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ھەرقانداق خەمسە بىر پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي داستان، بىر قەھرىمانلىق، ئىشق ـ مۇھەببەت داستانى، بىر ئىشق ـ مۇھەببەت بىلەن باغلانغان شاھلار توغرىسىدىكى داستان، بىر تارىخىي شەخسلەرنىڭ نامى بىلەن باغلانغان غايىۋى پادشاھ ۋە غايىۋى دۆلەت توغرىسىدىكى داستان قاتارلىق بەش داستاندىن تەركىب تاپىدۇ[21]. دېمەك، ئوخشاش تېما، ئوخشاش ۋەقەلىكنى ئوخشاش قۇرۇلما ئىچىدە قانداق ئىپادىلەش ئەينى دەۋردىكى شائىرلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان زور تالانت ۋە ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان ئىش ئىدى. ئەلۋەتتە، خەمسەچىلىك نوقۇل تەقلىد قىلىش ۋە قايتا تەكرارلاپ قويۇش جەريانى بولماستىن، بەلكى ئوخشاش قۇرۇلما ئىچىدە ئوخشاش ۋەقەلىكنى ئىجادىي بايان قىلىش ۋە يۇقىرى بەدىئىي تالانتىنى

نامايان قىلىش جەريانى ئىدى.

خەمسەچىلىك ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام ئەدەبىياتىدا شەكىللەنگەن بىر خىل يىرىك ئېقىم. بۇ ئېقىم شەرقتە 12 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستان ئەدەبىياتلىرىدا شەكىللىنىشكە باشلىغان[22]. يازما ئەدەبىياتتا تۇنجى قېتىم خەمسەچىلىكنى باشلىغان كىشى ئەزەربەيجان شائىرى نىزامىي گەنجىۋى بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىنكى يەتتە ـ سەككىز يۈز يىل داۋام قىلغان خەمسەچىلىك ئېقىمىدا يۈزدىن ئارتۇق كىشى خەمسە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ھەتتا شائىرلار «خەمسە»نى شائىرلىق تالانتىنى ئۆلچەيدىغان ئەدەبىي ئۆلچەم قىلغان. خەمسەچىلىك ئېقىمىدا ئۇتۇق قازىنىپ ئېتىراپ قىلىنغان شائىرلار تۆت دەپ قارىلىدۇ. ئۇلار نىزامىي گەنجىۋى، ئەمىر خۇسرەۋ دېھلىۋى، ئابدۇرەھمان جامىي ۋە ئەلىشىر نەۋايىلاردىن ئىبارەت. ئۇلار تۆت ئەناسۇرغا تەقلىد قىلىنىپ، نىزامىي گەنجىۋى ئوتقا، ئەمىر خۇسرەۋ دېھلىۋى ھاۋاغا، ئابدۇرەھمان جامىي سۇغا، ئەلىشىر نەۋايى تۇپراققا ئوخشىتىلىدۇ[23].

ئەلىشىر نەۋايى تۈركىي ئەدەبىياتتا، جۈملىدىن بىر پۈتۈن شەرق ئەدەبىياتىدا خەمسەچىلىك ئىجادىيىتىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن شەخس. نەۋايى «خەمسە»نى يېزىشتا ئۆزىدىن ئىلگىرى بۇ تېمىدا يېزىلغان داستانلارنى ھەر تەرەپلىمە چوڭقۇر تەتقىق قىلدى. بولۇپمۇ نىزامىي گەنجىۋى ۋە خۇسرەۋ دېھلەۋىنىڭ تەجرىبە ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى يەكۈنلەپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يىرىك داستانچىلىق ئەنئەنىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە ئۆز زامانىسىغا يارىشا يېڭى پىكىر، يېڭى غايە، ئۆزىگە خاس بەدىئىي مېتودنى قوللىنىش ئارقىلىق چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى بۈيۈك نامايەندە ــ «خەمسەئى نەۋايى»نى ئاپىرىدە قىلدى. گەرچە «خەمسەئى نەۋايى»دىكى ۋەقەلىك ۋە قۇرۇلما خەمسەچىلىك ئىجادىيىتىنىڭ تەلىپى بويىچە بۇرۇنقىلارنىڭ خەمسەلىرىدىكى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما تىل ياكى ئوبراز نۇقتىسىدىن بولسۇن ۋە ياكى مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات ئالاھىدىلىكلىرى نۇقتىسىدىن بولسۇن، ئۇ يۈكسەك بىر مىللىيلىك ۋە مۇكەممەللىكنى نامايان قىلدى. ئەلىشىر نەۋايى ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، «فەرھاد ـ شىرىن» داستانىدا ئەينى ۋاقىتتىكى لىرىك ـ ئېپىك ئەسەر يېزىشتا «زور پىل» دەپ تونۇلغان نىزامىي گەنجىۋى بىلەن ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋىنىڭ پەنجىسىگە[24] پەنج[25] ئۇرغانلىقىنى بايان قىلىدۇ:

> ئەمەس ئاسان بۇ مەيدان ئىچرە تۇرماق...
> نىزامىي پەنجەسىگە پەنجە ئۇرماق.[26]

خاندەمىرنىڭ «مەكارىمۇل ـ ئەخلاق»تا يېزىشچە: «گۈزەل سۈپەتلىك ئەمىرنىڭ مەنزۇم ئەسەرلىرىدىن بىرسى تۈركىي ‹خەمسە›، بولۇپ، يىگىرمە يەتتە مىڭ بېيىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەيخ نىزامىنىڭ ‹پەنج گەنج› ئەسىرىنىڭ مۇقابىلىدە تۈزۈلگەن بۇ كىتابقا ئاجايىپ نازۇك مەنىلەر ۋە گۈزەل پىكىرلەر جايلاشتۇرۇلغان...»[27]. نەۋايىنىڭ «خەمسە»سى «ھەيرەتۇل ـ ئەبرار»، «فەرھاد ـ شىرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «سەبئەئى سەييارە»، «سەددى ئىسكەندەر» قاتارلىق بەش داستاندىن تۈزۈلگەن. دېمەك، چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ كىلاسسىك دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن خەمسەچىلىك ئەدەبىيات ئېقىمىنىڭ نەمۇنىسى سۈپىتىدىكى «خەمسەئى نەۋايى» مەزكۇر ئەدەبىياتنىڭ كۆپلىگەن نەزەرىيەۋى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان.

چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدە گەرچە خەمسەچىلىك ئەدەبىيات ئېقىمى داۋاملاشمىغان ۋە «خەمسە» مەيدانغا كەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما خەمسەچىلىكتىكى ۋەقەلىك، ئوبراز، نەزىرە ئۇسۇلى، سۇژىت ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكلەر ئىزچىل ۋارىسلىق قىلىنىپ، داۋاملاشتۇرۇپ كېلىندى. نەۋايى «خەمسە»سى

بەش ئەسىردىن بېرى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئىچىدە مەخسۇس خەتتاتلىق مەكتىپىنى شەكىللەندۇردى. ئۇيغۇر ئەدىبلىرى نوقۇل نەۋايى «خەمسە»سىنى كۆچۈرۈش، تارقىتىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا ئەدەبىياتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ياندىشىپ، «خەمسە» تەركىبىدىكى داستانلارغا نەزىرە يازدى ياكى ئۇنىڭ سۇژىتلىرىدىن پايدىلىنىپ يېڭى ئەسەرلەرنى يارىتىپ، «قەدىمكىنى ئۆرنەك قىلىش، قېلىپلاشقان بەدىئىي شەكىلنى قوغلىشىش»[28]تەك كىلاسسىزملىق ئەدەبىيات ئېقىمىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىنى نامايان قىلدى. يەنە بىر تۈركۈم ئەدىبلەر نەۋايىنىڭ «خەمسە»سىنى نەسرىيلەشتۈرۈپ، ئۇنى يېڭىچە بىر ئەدەبىيات شەكلىگە كىرگۈزدى. بۇلاردىن ئەدىب ئۆمەر باقى ياركەندىي، ئەدىب موللا سىددىق ياركەندىي قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش مۇمكىن[29]. ئومۇمەن، كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى داستانچىلىق ۋە رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ تەرەققىياتى، ئوبراز ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتىكى نەزەرىيەۋى مەسىلىلەرنى خەمسەچىلىك ئەدەبىيات ئېقىمىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

چاغاتاي ئەدەبىياتىدا ئەدەبىيات قاراشلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا يەنە باشقا ئەدەبىيات ئېقىملىرىمۇ بارلىققا كەلدى. يۇقىرىدا ئەدەبىيات قاراشلىرى ھەققىدە توختالغىنىمىزدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەدەبىياتنى نوقۇل يۇقىرى تەبىقىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش قورالى ياكى مەدھىيەلەش ۋاسىتىسى دەپ بىلىشتەك ئەدەبىيات قارىشىنىڭ تەسىرىدە، بىر تۈركۈم كىشىلەر بەدىئىي ئەدەبىياتنى كۆپىنچە شېئىرىيەت دەپلا چۈشەنگەن ۋە كۆپىنچە شېئىرىيەتتە ئىشلىتىلىدىغان ۋاستە، ئۇسۇللارغا قاتتىق ئەھمىيەت بېرىپ، مەنە ۋە ۋاستە بىلەن مەنىنىڭ بىردەكلىكىگە ئانچە ئېتىبار قىلمىغان. يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر بولسا يۇقىرىقىنىڭ ئەكسىچە، ئەدەبىياتنى نوقۇل يۇقىرى تەبىقىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش قورالى دېگەن قاراشقا قارشى تۇرۇپ، بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى ۋاستە بىلەن مەنىنىڭ زىچ مۇناسىۋىتىنى تەكىتلىگەن ھەمدە ئەدەبىياتنىڭ جەمئىيەتكە ۋە ھاياتقا بولغان مۇناسىۋىتى، ئەدەبىياتتىكى بەدىئىيلىكنىڭ ھەققانىيلىق ۋە خەلقچىللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى مۇھىم بىلگەن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئوخشىمىغان ئەدەبىي ئېقىملار مەيدانغا كەلگەن.

ئەدەبىياتنىڭ خىزمەت ئوبيېكتى نۇقتىسىدىن قارايدىغان بولساق، بىر تۈركۈم ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيەت غايىسى ساراي ھاياتى ۋە ھاكىملارنى مەدھىيەلەش ھەمدە ئۇلارنى ھوزۇرلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ خىل ئېقىمدىكىلەرنى ساراي ئەدىبلىرى ئېقىمى دېيىش مۇمكىن[30]. بۇلارنىڭ قارشىسىدىكى يەنە بىر خىل ئېقىم بولسا ساراي ھاياتىنىڭ قارشىسىدا، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئىلىم - مەرىپەت، چىن سۆيگۈ ۋە خەلقپەرۋەرلىككە ئوخشاش ئىلغار ئىدىيىلەرنى ئاساس قىلىپ، ئەدەبىياتنى مەنە ئەھلىگە ۋە ھەقىقەت ۋەكىللىرىگە خىزمەت قىلدۇرۇشنى ئاساسلىق ئىجادىيەت خاھىشى قىلغان بولۇپ، بۇلارنى خەلقچىل ئەدىبلەر ئېقىمى دەپ ئاتاش مۇمكىن[31]. بەزى ماتېرىياللاردا بۇ دەۋردىكى ئەدەبىي ئېقىملار سۈپىتىدە يۇقىرىقى ئىككى گۇرۇھتىن باشقا يەنە سوپىستىك ئەدەبىي ئېقىمى دېگەن بىر ئېقىمنى تىلغا ئالىدۇ ھەمدە ئۇلارنى ئەدەبىياتنى رېئال ھاياتتىن ئايرىپ، نوقۇل مىستىتىك تۇيغۇ ۋە سوپىستىك ئاڭنى تەشەببۇس قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان، دەپ قارايدۇ[32]. ئەمما، بىزنىڭچە، بىر پۈتۈن چاغاتاي ئەدەبىياتىدا تەسەۋۋۇپنىڭ تەسىرىنى چەتكە قېقىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، بۇ خىل تەسىرنى مەلۇم بىر گۇرۇھ بىلەن چەكلەپ، ئۇنى ئايرىم بىر ئېقىم دەپ قاراش تازا توغرا بولمىسا كېرەك. بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ھەر ئىككى ئېقىمدىكى ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيىتىدە تەسەۋۋۇپىي ئاڭ چوڭقۇر ئەكس ئەتكەن ۋە تەسەۋۋۇپىي ۋاسىتىلەر كەڭ قوللىنىلغان. چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى دەۋرىگە كەلگەندە يۇقىرىقى ئىككى خىل ئېقىم يەنە ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ كەلدى ھەمدە خەلقچىل ئەدىبلەر ئېقىمىنىڭ ئىجادىيىتىدە رېئالىزملىق ۋە سىمۋولىزملىق ئىجادىيەت مېتودى كەڭ قوللىنىلدى، ھەتتا بۇ دەۋردە كىلاسسىزملىق ئەدەبىي

ئىقىم ۋە قامۇسچىلىق ئەدەبىي ئېقىملىرى مەيدانغا كەلدى دەپ قارىغۇچىلارمۇ بار[33].

ئەدەبىياتتىكى مەنە بىلەن ۋاستىنىڭ مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن قارىساق، بۇ دەۋردىكى ئەدىبلەرنى بىرنەچچە ئېقىمغا بۆلۈش مۇمكىن. بۇ ھەقتە ئەلىشىر نەۋايى «مەھبۇبۇل - قۇلۇب» ناملىق ئەسىرىدە ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، شائىرلارنى بىرنەچچە ئېقىمغا بۆلۈپ، مۇنداق يازىدۇ:

«ئۇلار بىرنەچچە تەبىقىدۇر: بىرىنچى تەبىقىدىكىلىرى بىلەن بېيىغان ۋە خەلقنىڭ تەرىپلەشلىرىگە ئېھتىياجى چۈشمەيدىغانلاردۇر. ئۇلار مەنىلەر خەزىنىسىدىن جاۋاھىر تېرىدۇ ۋە شۇ جاۋاھىرلارنى ئەل پەيزى ئۈچۈن ۋەزن يىپىغا ئۆتكۈزۈپ نەزم قىلىدۇ»[34]. دېمەك، بۇ خىل ئېقىمدىكىلەر ئەدەبىياتتا مەنىنى كۆچەپ تەكىتلەپ، ۋاستىنى مۇھىم دەپ قارىمايدۇ.

«يەنە بىر گۇرۇھ شائىرلار باركى، ئۇلار ھەقىقەت سىرلىرىغا مەجازىي ۋاستىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۆز پىكىرلىرىنى شۇ ئۇسلۇبتا مۇقىملاشتۇرىدۇ»[35]. نەۋايى بۇ ئېقىمغا تەۋە كىشىلەر ھەققىدە كونكرېت مىسال ئالغان بولۇپ، ئابدۇرەھمان جامىي، ئەمىر خۇسرەۋ دېھلىۋى، شەيخ ئەۋھەدۇددىن كىرمانىي، خاجە شەمسىددىن مۇھەممەد ھافىز قاتارلىقلارنى تىلغا ئالىدۇ. دېمەك، بۇ ئېقىمدىكىلەر مەنە بىلەن ۋاستىگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ زىچ مۇناسىۋىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. بىزچە، ئەلىشىر نەۋايىنىمۇ مۇشۇ ئېقىمغا تەۋە، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

«بۇلاردىن باشقا يەنە بىر گۇرۇھ باركى، ئۇلار نەزملىرىدە پىكىرنى كۆپىنچە مەجازىي يول بىلەن بايان قىلغان. ئۇلار بۇ ئادەتكە بەكرەك مايىلدۇر»[36]. نەۋايى بۇلارنىڭ مىسالى سۈپىتىدە، كەمال ئىسفەھانىي، خاقانىي شىرۋانىي، سەلمان ساۋەجى... قاتارلىقلارنى تىلغا ئالىدۇ. دېمەك، بۇ خىل ئېقىمدىكىلەر نوقۇل ۋاستىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇپ، بەدىئىي سەنئەت، بالاغەت ۋە پاساھەتنى كۆپرەك تەكىتلەيدۇ.

«يەنە تۆۋەن تەبىقىدىكى بىر جامائەتمۇ باركى، بۇلار پەقەت شېئىر يېزىش بىلەن شاد ۋە خۇرسەن، رازى ۋە بەھرىمەندۇرلار. ئۇلار يۈز مۇشەققەت بىلەن يەتتە بېيىتنى قۇراشتۇرۇۋالسا، شائىرلىق دەۋاسىنى يەتتە قات ئاسماندىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ. ئەمما، سۆزلىرىدە نە ھەقىقەت ۋە نە مەرىپەت تەمىدىن لەززەت، نەزملىرىدە نە زوق، ۋە نە ئىشق ئوتىدىن ھارارەت، نە شائىرانە تەركىبلىرىدە گۈزەللىك ۋە نە ئاشىقانە كۆيۈش - يېنىشلىرىدا يالقۇندىن ئەسەر بولسۇن»[37]. دېمەك، بۇ خىل ئېقىمدىكىلەرنىڭ ئىجادىيىتىدە مەنىگىمۇ، ۋاستىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىلمەيدىغان بولغاچقا، ھېچقانداق زوقتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. نەۋايى ئۇلارنى «بۇ تائىپە شائىرلىرىنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ شېئىرلىرىدا مەنە ئاز راق، ئەمما شائىرلىق دەۋالىرى كۆپرەك... ياخشىسى ئۇلار توغرىسىدا ئېغىز ئاچمىغان تۈزۈك»[38] دەپ تەسۋىرلەيدۇ. ئومۇمەن، چاغاتاي ئەدەبىياتىدا ئەدەبىيات قاراشلىرى ۋە ئىجادىيەت مېتودىنى چىقىش قىلغان ھالدا ئوخشىمىغان ئەدەبىيات ئېقىملىرى مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلار مەزكۇر ئەدەبىياتنىڭ نەزەرىيەۋى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆگىنىشىمىزدىكى مۇھىم كىرىش نۇقتىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئەدەبىيات ھادىسىسى بولسا، بۇ دەۋردىكى تەرجىمە ئەدەبىياتى ھادىسىسى بولۇپ، گەرچە بۇ خىل ھادىسە بۇرۇندىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم ئەنئەنىلەرنىڭ بىرسى ھېسابلانسىمۇ، ئەمما بۇ دەۋردىكى تەرەققىياتى ۋە يۈزلىنىشى بىۋاستە ھالدا ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىق ۋە سىياسىي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىكى ئۆزگىرىشلىرىگە باغلىنىدۇ. ئۇيغۇر تەرجىمە ئەدەبىياتىنى چوڭ جەھەتتىن ئۈچ دەۋرگە ئايرىش مۇمكىن: بىرسى، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تەرجىمە ئەدەبىياتى، يەنە بىرسى، يېقىنقى زامان (چاغاتاي دەۋرى) ئۇيغۇر تەرجىمە ئەدەبىياتى، ئۈچىنچىسى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تەرجىمە ئەدەبىياتى. بۇ ئۈچ دەۋرنىڭ تارىخىي ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشى، تەرجىمە مەنبەسى،

تىلى، مەزمۇنى قاتارلىق جەھەتلەردىن پەرقلىنىدۇ.

مەلۇم بولغىنىدەك، ئوتتۇرا ئاسىيانى مەركەز قىلغان تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت. خۇددى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى ئېيتقاندەك: «بۇنداق كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىشى ئۇيغۇر خەلقى ياشىغان تارىخىي شارائىت ۋە جۇغراپىيەلىك مۇھىت بىلەن ئالاقىدار بولۇپ، ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى»[39]. بۇ خىل كۆپ مەنبەلىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەرجىمە ئەدەبىيات ساھەسىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن باشلاپلا تەرجىمە ئەدەبىيات ساھەسىدە مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ھەتتا قوچۇ دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەرجىمە ئەدەبىيات تەشكىل قىلىدۇ.

چاغاتاي ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ كېيىنكى دەۋر چاغاتاي ئەدەبىياتى دەۋرىگە كەلگەندە، تەرجىمە ئەدەبىيات ساھەسىدە گۈللەپ ـ ياشناشتەك ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. بۇ باسقۇچتا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ھەرخىل تارىخىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەرجىمە ئەسەرلەر ۋە تەقلىدىي ئەسەرلەر كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەن. بۇ دەۋردىكى تەرجىمە ئەدەبىياتى ئاساسەن ئەرەب، پارس ۋە ھىندى ئەدەبىياتىدىن ياكى مۇشۇ ئەدەبىياتلار ۋاستىسى بىلەن باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن تەرجىمە قىلىش ئاساسىدا روياپقا چىقتى. تەرجىمىدە قوللىنىش ۋە ئەسەرلەردىن زوقلىنىش ئېھتىياجى بىلەن چاغاتاي تىلىغا ئائىت 20 نەچچە خىل لۇغەت تۈزۈلدى[40]. بۇ دەۋردە پارس ئەدەبىياتىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ سانىلا 50 تىن ئاشىدىغانلىقى مەلۇم. تەرجىمە ئەدەبىياتى ھادىسىسى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تېما، ئۇسلۇب ۋە مەزمۇن جەھەتتىن زور دەرىجىدە بېيىتتى. تەرجىمە ئەسەرلەر نوقۇل ئەدەبىي زوق ۋە تەربىيە ئېلىشنىڭ ۋاستىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەدىب، شائىرلار ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ۋە نەزەرىيەۋى تەربىيەلىنىشكىمۇ چوڭقۇر تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. نۇرغۇن ئۇيغۇر ئەدىبلەر تەرجىمە ئەسەرلەردىن ئۆرنەك ئېلىپ، نەزىرە شەكلىدىكى ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتتى. «نەزىرە» ــ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «تەڭداش»، «ئوخشاش» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. ئەدەبىياتتا بۇ سۆز «قايتا كۆچۈرمىسى، ئوخشىتىپ ئىشلەنگىنى دېگەن مەنىلەرگە كېڭەيگەن. يەنى، ئىككىنچى بىر شائىرنىڭ شېئىرىغا ۋەزنى، شەكلى جەھەتتىن ئوخشىتىپ ئىشلەنگەن شېئىر»[41] دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن. دېمەك، «نەزىرە، ئالدىنقىلارنىڭ ياكى دەۋرداش ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيىتىگە تەقلىد قىلىش ياكى ئىنكاس قايتۇرۇش تەرىقىسىدە يېڭى ئەدەبىي ئەسەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈشتۇر»[42]. چاغاتاي ئەدەبىياتىغا نەزەر سالساق، نەۋائىيدىن تارتىپ ئىبراھىم بىننى يۇسۇف خوتەنىي، خەراباتىي، ئابدۇرېھىم نىزارى، نورۇز ئاخۇن زىيائى قاتارلىقلارغىچە بولغان كۆپلىگەن ئەدىب ـ شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىدە بۇ خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

بۇ دەۋردە تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەردىن فىردەۋسىينىڭ «شاھنامە»، مەۋلانا ھۇسەين ۋائىز كاشىفىينىڭ «ئەخلاقۇل ـ مۇھسىنىن»، مەۋلانا مۇئىنىددىننىڭ «مىراجۇن ـ نەبۇۋۋەت»، ئابدۇلھەمىد ئوبۇلھەسەن ئابدۇللا ئىبنى مۇقەففانىڭ «كەلىلە ۋە دېمنە»، شەمسۇل ـ مەئالى قابۇسنىڭ «قابۇسنامە»، ئابدۇرەھمان جامىينىڭ «يۇسۇپ ـ زۇلەيخا»، «نەفەھاتۇل ـ ئۇنس»، ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋىينىڭ «چاھار دەرۋىش»، مەۋلانا مەنۇچېھرە ھەكىمنىڭ «ئىسكەندەرنامە»، شەيخ ئىنايەتۇللانىڭ «بەھار دانىش»، شەيخ سەئدىنىڭ «گۈلىستان» ۋە «بوستان»، مەۋلانا جالالىددىن رۇمىينىڭ «مەسنەۋىيى شەرىف». بۇلاردىن باشقا يەنە «رەۋزەتۇس ـ سەفا»، «ھاپىز شېئىرلىرى»، «ھېكايەتى ھۆرلىقا»، «تۇتىنامە»، «ھاتەمنامە»، «تارىخى رەشىدىي»، «داستانى سەيپۇل مۇلك»، «داستانى مالىك ئەژدەر»، «زەفەرنامەئى بۇزرۇچ مېھر»، «داستانى مېھرىماھ»، «تارىخى تەبەرىي»، «ئەجايىبۇل ـ مەخلۇقات»، «دارابنامە» (قىسسە)، «مىڭ بىر كېچە» قاتارلىقلار

بار.

ئومۇمەن، تەرجىمە ئەدەبىياتى بۇ دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تېما، مەزمۇن، ئىجادىيەت ئۇسۇلى، ئەدەبىيات قاراشلىرى ۋە باشقا تەرەپلەردىكى نەزەرىيەۋى نۇقتىلاردىن زور دەرىجىدە بېيىتتى. چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدە تەرجىمە ئەدەبىياتىنىڭ تېخىمۇ بەك تەرەققىي قىلىشىدا ئەينى دەۋر سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي رېئاللىقىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كۆرسەتكەن تەسىرىمۇ مۇھىم بىر تۈرلۈك ئامىل ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ دەۋردىكى تەرجىمە ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش شۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات نەزەرىيەسى، شۇنداقلا ئەدەبىيات بىلەن سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىشتىكى مۇھىم كۆزنەك ھېسابلىنىدۇ.

(3) تېما ۋە ۋاستە

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلى مەسىلىسى پەلسەپە، ئېستېتىكا ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيەسىدىكى مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرسى. بۇ نۇقتىنى ئېنىق تونۇش ئەدەبىياتنىڭ ئۆزگىچە خاس خاراكتېرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە[13]. چاغاتاي ئەدەبىياتىدا مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ مۇناسىۋىتىگە زور ئەھمىيەت بېرىلگەن. ئەدەبىي ئېقىملار توغرىسىدىكى مەزمۇنلاردا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھەتتا مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى قاراشلارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى بىرنەچچە ئەدەبىي ئېقىملار مەيدانغا كەلگەن. ئەلشىر نەۋايىمۇ «مەھبۇبۇل ـ قۇلۇب»تا مۇشۇ خۇسۇستا «شېئىرىيەت گۈلىستانىنىڭ خۇش ئاۋاز قۇشلىرى ھەققىدە»[14] دېگەن بابتا مەخسۇس توختىلىپ، شائىر ـ ئەدىبلەرنى بىرقانچە تۈرگە بۆلگەن ھەمدە مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ زىچ مۇناسىۋىتىگە ۋە بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدىغانلىقىغا ئىشارە قىلغان. ئومۇمەن نەۋايىنى مەركەز قىلغان چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەر ۋە زامانداشلىرىنىڭ ئىجادىيىتىدىن يەكۈن چىقىرىش ئاساسىدا، ئەدەبىياتتىكى دوگماتىزم ۋە شەكىلۋازلىققا خاتىمە بېرىپ، يېڭىچە ئەدەبىيات قارىشى يارىتىپ، شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسىگە ئېتىبار بىلەن قارىغان. نەتىجىدە ئەدەبىيات نوقۇل يۇقىرى تەبىقىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش قورالى بولۇشتەك چۈشەكتىن قۇتۇلۇپ، ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ھەمدە ئەدەبىيات خەلقنىڭ ھۆكۈمرانلارغا قارشى كۈرەش قىلىدىغان، دۇنيانى بىلىش ۋە ئەقىدەۋىي، ئەخلاقىي، ئېستېتىك جەھەتتىن تەربىيەلەنىش ۋاستىسىگە ئايلانغان. بۇنىڭ بىلەن تەبىئىيكى، ئەدەبىياتتىكى تېما ۋە بۇنى ئىپادىلەشنىڭ ۋاستىسى بولغان بەدىئىي ماھارەت، ئىجادىيەت مېتودى، ژانىر جەھەتتە يۈكسەك بىر تەرەققىيات پەللىسى يارىتىلغان.

چاغاتاي ئەدەبىياتى قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئەدەبىياتنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ھالدا ئۆزگىچە خاس يول بىلەن تەرەققىي قىلدى. بۇ دەۋردىكى ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ توپ خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ مەزمۇن، شەكىل، ژانىر، ئۇسلۇب جەھەتتە بېيىپ، ئۆزگىچە خاس بىر ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ[15]. تېما جەھەتتىن قارايدىغان بولساق، چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق تېمىلىرى بولسا تەۋھىد، ئىلىم ـ مەرىپەت، ئەخلاق، ئادالەت، مۇھەببەت، ئىنسانپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك قاتارلىق نۇقتىلاردا ئىپادىلىنىدۇ. قارا خانىيلار دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ئىلىم ـ مەرىپەت، ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي باراۋەرلىك ئارقىلىق جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشنى، ھۆكۈمرانلارنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ياخشىلاشنى ئۆزگە تېما مەزمۇنى قىلغان بولسا، چاغاتاي ئەدەبىياتى ئىلىم ـ مەرىپەت، ئەخلاق، ئادالەت، ئىنسانپەرۋەرلىك، مۇھەببەتكە ئوخشاش مەزمۇنلارنى ئۆزگە تېما قىلىپ، ئەنئەنىۋى سۆزىتلار-

دىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان.

تەۋھىد، ئىلىم ـ مەرىپەت، ئەخلاق ۋە ئادالەت چاغاتاي ئەدەبىياتى، جۈملىدىن بىر پۈتۈن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئەنئەنىۋى تېمىلاردىندۇر. قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيەسى تارىخىنى، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئەسىر ئوتتۇرا ئاسىياسىدا مۇتەپەككۇر ئەدىبلەرنىڭ دۇنيا قارىشىنى شۇ دەۋردىكى دىنىي غايىلەردىن چەتلەپ تەتقىق قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئۇ زامانلاردا دىن بەدىئىي غايىلەرنىڭ مەنبەسى ئىدى[46]. شۇڭا، چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى ئاساسىي تېمىلاردىن بىرسى بولغان تەۋھىد ۋە دىنىي تەشەببۇسلارغا باشقىچە قاراشتا بولۇشنىڭ ياكى ئۇنى قەستەن بۇرمىلاشنىڭ ھاجىتى يوق. تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىنەزەرمۇ بىزدىن شۇنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنە بىر مۇھىم تېما ئىلىم ـ مەرىپەت تېمىسى بولۇپ، نەۋايى مەرىپەتنى — بىلمەك، چۈشەنمەك، يەنى بىر نەرسىنىڭ ئۆزىنى ۋە سۈپەتلىرىنى، ئەسلىنى، ئاساسىنى بىلمەك، ئىدراك قىلماق، دەپ شەرھلەيدۇ. چاغاتاي ئەدەبىياتىدا كۆپلىگەن ئەدىب ـ شائىرلار ئىزچىل ھالدا ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، ئۇنىڭ قارشىسىدىكى جاھالەتنىڭ زىيانلىرىنى كىشىلەرگە تونۇتۇش ئۈچۈن قەلەم تەۋرەتكەن بولۇپ، ئۇلار قاراخانىيلار دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي تېمىلىرىدىن بولغان ئىلىم ـ مەرىپەت، ئەخلاق، ئادالەت، ھەققانىيەتكە ئوخشاش مەزمۇنلارنى ئۆزىگە تېما قىلغان ھالدا ئەنئەنىۋى سۇژىتلاردىن پايدىلىنىپ، جەمئىيەتتىكى ئادالەتسىزلىك، تەڭسىزلىك، زۇلۇمنى پاش قىلدى ۋە تۈرلۈك غايىۋى ئوبرازلار ئارقىلىق ئۆز ئىدىيەلىرىنى ئىپادە قىلدى.

ئەلۋەتتە، چاغاتاي ئەدەبىياتى ئەدەبىياتتىكى تېما ياكى ۋاستە جەھەتتىن ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئەدەبىياتقا سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ بېيىپ، يېڭىچە مەزمۇن ۋە شەكىللەر بارلىققا كەلدى. چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى ئىنسانپەرۋەرلىك، مۇھەببەت، خەلقچىللىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كامىل ئىنسان ۋە غايىۋى جەمئىيەت تەشەببۇسلىرى شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ تېما جەھەتتىكى تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى شۇكى، دەسلەپ مەزكۇر ئەدەبىيات ئەنئەنىۋى سۇژىتلار ۋە دىداكتىك تېمىلارنى تەقلىدەن ئىشلىتىش ۋە روھىي دۇنيانىڭ تاكامۇللۇقى ھەققىدىكى مەزمۇنلاردا چوڭقۇرلاشنى ئۆزىنىڭ مۇھىم تېمىسى قىلغان بولسا، كېيىنچە ئىجتىمائىي رېئاللىق بىلەن بىۋاستە باغلىنىش دەرىجىسى كۈچىيىپ، تېماتىك ئىدىيە جەھەتتىن خەلقنىڭ رېئال تۇرمۇشىغا ۋە ئىجتىمائىي، روھىي مەسىلىلەرگە توغرىدىن ـ توغرا باغلاندى. نەتىجىدە بۇ ئەدەبىياتتىكى ئىجادىيەت مېتودى ۋە ئىجادىيەت ئۇسلۇبىدىمۇ روشەن ئۆزگىرىشلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى. 600 يىللىق جەرياننى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان چاغاتاي ئەدەبىياتى ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ئۆزگىرىشلىرىگە ماس ھالدا غايەت زور ھايات تېمىسى بىلەن ئۆزىنى بېيىتقان بولۇپ، بۇ تەبىئىي ھالدا ئەدىب ـ شائىرلارنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىنىمۇ بەلگىلىك يۈكسەكلىككە كۆتۈردى. نەتىجىدە بۇنىڭدەك باي تېمىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مەزكۇر ئەدەبىياتتا يېڭىچە ئەدەبىي ژانىرلار، ئىجادىيەت مېتودلىرى ۋە بەدىئىي ئوبرازلار مەيدانغا كەلدى. بۇ دەۋردە كىلاسسىك شېئىرىيەتتىكى غەزەل تۈرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىش بىلەن بىللە، نامە تۈرى، مۇنازىرە تۈرى، ساترا تۈرى ۋە تەزكىرە تۈرلىرى بارلىققا كەلدى ياكى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدى. خەمسەچىلىكتە ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «خەمسە»سىگە ئوخشاش نەمۇنىلىك ئەسەرلەر يارىتىلدى. لىرىك شېئىرىيەتتە قەسىدە، غەزەل، تۇيۇق، رۇبائىي، قىتئە، ساقىينامە، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇسەممەن، مۇستەھزاد، تەرجىئبەند، تەركىببەند، مەسنەۋىي، مۇئەمما، لۇغز، تۇيۇق، فەردكە ئوخشاش دىۋان تۈرلىرى كەڭ تۈردە قوللىنىلدى ۋە يۈكسەك تەرەققىياتقا ئېرىشتى. ئېپىك شېئىرىيەتتە بولسا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەنئەنىۋى تۈر داستانچىلىق تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، كەڭ قوللىنىلدى. چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى ئىجادىيەتنىڭ ئىككىنچى بىر قولى نەسرىي ئەسەرلەر ئىجادىيىتى بو-

لۇپ، گەرچە شېئىرىيەت ئانا تۇر سۈپىتىدە كۆپلەپ قوللىنىلغان بولسىمۇ، ئەمما نەسرىي ژانىرلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە قوللىنىلىش چاستوتىسىمۇ ئىزچىل يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى نەسرىي ژانىرلارنىڭ تۈرلىرىنى تەزكىرە ـ تارىخ ئەسەرلىرى، دىداكتىك ئەسەرلەر، نەزەرىيەۋى ئەسەرلەر، ئۆز ـ لەشتۈرمە ئەسەرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن. تەزكىرە تۈرى مەڭگۈ تاشلار ئەدەبىياتىدا قوللىنىلغان بولسىمۇ، ئەمما چاغاتاي ئەدەبىياتى دەۋرىدىلا ئاندىن مۇستەقىل بىر تۈر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، «مەجالىسۇن ـ نەفايىس»، «نەسايىمۇل ـ مۇھەببەت»، «بابۇرنامە»، «تارىخى رەشىدىي»، «تەزكىرەتۇل ـ ئەۋلىيا»، «تارىخى ھەمىدىي»، «تارىخى ئەمىنىيە»گە ئوخشاش مۇھىم ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. دىداكتىكا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇللارنىڭ بىرسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ دەۋردە يەنىلا ئىزچىل تەرەققىي قىلىپ، «مەھبۇبۇل ـ قۇلۇب»، «سىددىقنامە»، «مەقالات»، «ئادابۇس ـ سالىھىن»، «مىفتاھۇل ـ ئەدەب»كە ئوخشاش ئەسەرلەر يارىتىلدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇ دەۋردە تىل، ئەدەبىيات، ئارۇزغا ئوخشاش تېمىلارغا مۇناسىۋەتلىك مەخسۇس نەزەرىيەۋى ئەسەرلەرمۇ مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بۇ ئەسەرلەر چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىياتشۇناسلىق ساھەسى بويىچە مۇھىم نەتىجىلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىلدىكى ئەسەرلەردىن «مۇھاكىمەتۇل ـ لۇغەتەين»، «مىزانۇل ـ ئەۋزان»، «مەجالىسۇن ـ نەفائىس»، «مۇختەسەر» قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىگە كەلگەندە، بىر قىسىم ئەدىبلەر دەۋرنىڭ خىلمۇ خىل بېسىملىرى تۈپەيلى، رېئاللىقنى بىۋاسىتە ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمەي، شەرق خەلقلىرى ۋە ئەجدادلىرى ياراتقان ئەدەبىي مىراسلار ئىچىدىكى بىر قىسىم ۋەقەلىك ياكى تېمىلارنى قايتىدىن پىششىقلاپ ئىشلەپ كۆپلىگەن تەقلىدىي ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن نەسرىي ژانىرلارنىڭ تېما جەھەتتىكى يەنە بىر تۈرى بولغان ئۆزلەشتۈرمە ئەسەرلەرمۇ خېلى كۆپ مەيدانغا كەلدى[47].

يۇقىرىقىدەك مول تېما ۋە كۆپ خىل ژانىردا ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىش رېئاللىقى تەبىئىي ھالدا ئۇسلۇب، ۋاسىتىلەردىكى ماس قەدەملىك تەرەققىياتنى شەرت قىلىدۇ. پىكىرنى مەنتىقلىق ۋە گۈزەل رەۋىشتە، يېڭىچە ئۇسلۇبتا ئىپادىلەش زۆرۈرىيىتى چاغاتاي ئەدەبىياتىدا «بەدىئىيەت ئىلمى»نىڭ تەرەققىياتىنى مەيدانغا كەلتۈردى. بەدىئىيەت ئىلمى — پىكىرنى راۋان ۋە گۈزەل، يېڭىچە ئىپادىلەش يوللىرى ۋە ۋاسىتىلىرى، بەدىئىي سەنئەتلەر (ئۇسلۇبلار، ۋاسىتىلەر)نىڭ تۈرلىرى ھەمدە خۇسۇسىيەتلىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئۇ بەدىئىي سەنئەتلەر توغرىسىدىكى ئىلىمدۇر[48]. چاغاتاي ئەدەبىياتىدا ئەدىب ـ شائىرلار بىرەر ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن شۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان ژانىر ـ شەكىلنى تاللىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا ئىشلىتىدىغان بەدىئىي سەنئەتلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. «كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا بەدىئىيلىك مەسىلىسى ھەمىشە شائىر ۋە ئەدىبلەرنىڭ دىققەت مەركىزىدە تۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، مەلۇم شائىرنىڭ سالاھىيىتى ھەققىدە سۆز بولغاندا، ئۇنىڭ نېمىلەرنى تەسۋىرلىگىنى ئەمەس، بەلكى قانداق تەسۋىرلىگەنلىكىگە كۆپرەك ئېتىبار بېرىلگەن. شۇڭا، ئەدەبىي ئەسەرلەردە شېئىرىي سەنئەتلەردىن قانداق پايدىلىنىش ماھارىتى ئەسەرلەردىن بۇيان بەدىئىي سەنئەتكارلىقنىڭ ئاساسىي ئامىللىرىدىن سانىلىپ كەلگەن»[49]. بەدىئىي سەنئەتلەر پىكىرنىڭ تېخىمۇ جانلىق ئىپادىلىنىشىدە ۋە لىرىك، ئېپىك ئوبرازلارنىڭ تېخىمۇ يارقىن گەۋدىلىنىشىدە تىلنىڭ جازىبىسىنى ئاشۇرۇشتا ئالاھىدە رول ئوينايدىغان بولۇپ، «كىلاسسىك شېئىرىيەتتە، شۇنىڭدەك ئومۇمەن نەسرىي ـ نەزمىي ئەسەرلەردە، ‹بەدايىئ سەنايىئ› (بەدىئىي سەنئەتلەر)، يەنى تەسۋىرىي ئۇسۇللار 120 خىلغا يېتىدىغانلىقى، جۈملىدىن نەۋايىنىڭ دىۋانلىرىغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەردە ئىشلىتىلگەن تەسۋىرىي ئۇسۇللار 100 خىلدىن ئاشىدىغانلىقى مەلۇم»[50]. چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى ئىجادىيەتتە كۆپ قوللىنىلغان «مەنىۋى سەنئەت-

لەر»دىن مۇبالىغە، تەشبىھ، ئىستىئارە، كىنايە، رۇجۇ، تەمسىل، تەشخىس، ئىنتاق، تەلمىھ، تەزمىن، ئىقتىباس، سوئال ۋە جاۋاب، تەنسىقەس ـ سىفات، مۇئەمما قاتارلىقلارنى، «لەفزىي سەنئەتلەر»دىن تەج-نىس، تەكرىر، مۇكەررەر، كىتابەت، تەلمىئ، نىدا، ئىيھام، تەناسۇب، ئىشتىقاق، تەزاد، تەئدىل، تەردۇ ئەكس، تەفرىق، تەلمىھ، تەرىخ، رەددى مەتلەئى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان بىر نۇقتا شۇكى، چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى كۆپلىگەن ئەدىب ـ شائىرلارنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە پەلسەپىۋى ئىدىيەلىرىنىڭ مەنبەسى ئىسلام ئەقىدىلىرىدۇر. بىر پۈتۈن چاغاتاي ئەدەبىيا-تىدا تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىنى شۇنداقلا تەسەۋۋۇپىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ۋە تەسەۋۋۇپىي ئوبرازلارنىڭ كەڭ قوللىنىلغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىش تامامەن مۇمكىن. شۇڭا، «كىلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ تەسەۋۋۇپىي ئەسەرلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا، تەسەۋۋۇپتا ئۆزىگە خاس مەنىگە ئىگە ئىبارىلەر، رەمزىي ئوبرازلارنى بىلمەي، چۈشەنمەي تۇرۇپ، سوپىيانە شېئىرىيەتنىڭ مەزمۇن ـ ماھىيىتىگە يېتىپ بولمايدۇ»⑤. چاغاتاي ئەدەبىياتىدا ئاتايى، لۇتفىدىن تارتىپ تاكى تەجەللىگىچە بولغان نەچچە ئەسىرلىك ئەدەبىيات ئەمەلىيىتىدە، تەسەۋۋۇپىي ئوبرازلاردىن ئىبارەت بۇ خىل ئىپادىلەش ۋاسى-تىلىرى ئىزچىل قوللىنىلغان بولۇپ، كونكرېت ئەسەر بۇلارغا ئېتىبار بېرىلمەستىن تەھلىل قىلىنسا، ئەسلىي مەنە ـ ماھىيەت چۈشىنىلمەيلا قالماستىن، بەلكى ناتوغرا ئىزاھلىنىدىغان ۋە خاتا چۈشىنىلىد-غان مەسىلىلەر كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ نەزەرىيە تەتقىقاتىدا بۇ نۇقتىغىمۇ سەل قارىماسلىقى كېرەك. چاغاتاي ئەدەبىياتىدا كۆپ ئۇچرايدىغان تەسەۋۋۇپىي ئوبرازلاردىن يار، جانان، گۈل، بۇلبۇل، سابا، دىلبەر، ئىشق، مەي، بادە، جام، مەيخانا، مۇغبەچە، ساقىي، پىرى مۇغان، ئىت، تۇبى، قاش، لەب، كۆز... قاتارلىقلار بار.

يەنە بىر مۇھىم نۇقتا بولسا، چاغاتاي ئەدەبىياتىدا يۇقىرىقىدەك باي تېما، كۆپ خىل ژانىر ۋە ئىپا-دىلەش ۋاستىلىرىگە مۇناسىپ ھالدا ئەدەبىي ئىجادىيەت مېتودى جەھەتتىن رومانتىزم، سىمۋولىزم، تەنقىدىي رېئالىزم قاتارلىق ئىجادىيەت مېتودلىرى قوللىنىلدى. بولۇپمۇ چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ كېيىن-كى دەۋرلىرىگە كەلگەندە تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودى ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتۈپ، ئەدەبىياتنىڭ تېمىلىرى بىلەن خەلقنىڭ رېئال ھاياتى تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىجادىيەتتىكى تېما ۋە ژانىر جەھەتتىكى يېڭىچە بىر يۈزلىنىش بىلەن ھازىرقى زامانغا كىرىپ كېلىشكە ئاساس سېلىندى.

ئومۇمەن، چاغاتاي ئەدەبىياتى داۋاملاشقان ۋاقتى نىسبەتەن ئۇزۇن، ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان باشقا ئەدەبىياتلارنىڭ ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان، تېماتىك ئىدىيە، ژانىر، ئەدەبىيات قاراشلىرى شۇنداقلا ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى جەھەتتىن كۈچلۈك نەزەرىيەۋى ئاساس ھازىرلىغان ئەدەبىيات بولۇپ، بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەر بىزگە مەزكۇر ئەدەبىياتقا مەيلى قايسى نۇقتىدىن ياندىشايلى چوقۇم مۇئەييەن ئىدىيەۋى ۋە نەزەرىيەۋى ساپاغا ئىگە بولۇشىمىزنى شەرت قىلىدۇ.

ئىزاھاتلار:

① شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇرلاردا كىلاسسىك ئەدەبىيات»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى، 493 ـ بەت.

② ئەلىشىر نەۋايى: «مۇھاكەمەتۇل ـ لۇغەتەيىن» (خەمىت تۆمۈر، ئابدۇرۇپ پولات نەشرگە تەييارلىغان) مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى، 4 ـ بەت.

③ ئەلىشىر نەۋايى: «مۇھاكەمەتۇل ـ لۇغەتەيىن» (خەمىت تۆمۈر، ئابدۇرۇپ پولات نەشرگە تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى، 26 ـ 27 ـ بەتلەر.

④ شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇرلاردا كىلاسسىك ئەدەبىيات»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى، 493 ـ بەت.

⑤ شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇرلاردا كىلاسسىك ئەدەبىيات»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى، 255 ـ بەت.

⑥ ئەلىشىر نەۋايى: «ھەيرەتۇل ـ ئەبرار» (ئابدۇرېشىت ئىسلام نەشرگە تەييارلىغان)، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى، 91 ـ بەت.

⑦ ئابلەت ئۆمەر: «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ئاساسلىرى»(1)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى، 41 ـ بەت.

⑧ «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايى» (ئابلىمىت ئەھەت تۈزگەن)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، 277 ـ بەت.

⑨ ئابلەت ئۆمەر: «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ئاساسلىرى»(1)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى، 42 ـ بەت.

⑩ مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت (تۈزگۈچى): «ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرى» ــ «بەدايىئۇل ـ بىدايەنىڭ دىباچەسى» (مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 37 ـ بەت.

⑪ ئابلىمىت ئەھەت (نەشرگە تەييارلىغان): «ئەخلاق دەستۇرى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو نەشرىياتى، شىنجاڭ ئېلېكتىرون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 1089 ـ بەت.

⑫ «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايى» (ئابلىمىت ئەھەت تۈزگەن)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، 276 ـ بەت.

⑬ شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇرلاردا كىلاسسىك ئەدەبىيات»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى، 514 ـ بەت.

⑭ «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايى» (ئابلىمىت ئەھەت تۈزگەن)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، 277 ـ بەت.

⑮ «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايى» (ئابلىمىت ئەھەت تۈزگەن)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، 278 ـ بەت.

⑯ «فرهنگ فارسى بەچنى» (بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى پارس تىلى كافېدراسى تۈزگەن)، سودا باسما نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1997 ـ يىلى نەشرى، 110 ـ بەت.

⑰ ھەرقانداق دۆلەتتە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ژانىرلارنىڭ ھەممىسى تولۇق بولۇشى شەرت ئەمەس. شۇلاردىن بىر قىسمى بولسا ۋە ئۆز تەرتىپىدە تىزىلسا بولىدۇ.

⑱ مەسىلەن، «ئەلىف» (ا) ھەرپىدىن «يا» (ي) ھەرپىگە قەدەر.

⑲ ئىمام موللاخۇن: «ئەدەبىيات ئېقىملىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2012 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ بەت.

⑳ ئىمىن تۇرسۇن: «نەۋايى ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 78 ـ بەت.

㉑ ئەشرەپ ئابدۇللا: «خەمسە ۋە ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ‹خەمسە›نى يېزىشىغا دائىر مەسىلىلەر»، «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايى» (ماقالىلەر توپلىمى، ئابلىمىت ئەھەت تۈزگەن)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، 300 ـ بەت.

㉒ ئەشرەپ ئابدۇللا: «خەمسە ۋە ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ‹خەمسە›نى يېزىشىغا دائىر مەسىلىلەر»، «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايى» (ماقالىلەر توپلىمى، ئابلىمىت ئەھەت تۈزگەن)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، 306 ـ بەت.

㉓ ئەشرەپ ئابدۇللا: «خەمسە ۋە ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ‹خەمسە›نى يېزىشىغا دائىر مەسىلىلەر»، «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايى» (ماقالىلەر توپلىمى، ئابلىمىت ئەھەت تۈزگەن)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، 301 ـ بەت.

㉔ پەنج ــ پارسچىدا بەش دېگەن مەنىدە بولۇپ، خەمسەنى كۆرسىتىدۇ.

㉕ ئالىقان، شاپىلاق دېگەن مەنىدە.

㉖ ئىمىن تۇرسۇن: «نەۋايى ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 86 ـ بەت.

㉗ خاندەمىر: «مەكارىمۇل ـ ئەخلاق» (مەمەتتۇرسۇن سىدىق نەشرگە تەييارلىغان)، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2011 ـ يىللىق 3 ـ سان، 13 ـ بەت.

㉘ ئىمام موللاخۇن: «ئەدەبىيات ئېقىملىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2012 ـ يىلى نەشرى، 62 ـ بەت.

㉙ ئەسەت سۇلايمان: «ئەلىشىر نەۋايىنى ئىزدەپ»، «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايى» (ماقالىلەر توپلىمى، ئابلىمىت

ئەھەت تۇزگەن)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، 216 ـ بەت.

㉚ قاراڭ: ئابدۇرېھىم سابىت: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (ئىككىنچى كىتاب 1 ـ قىسىم)، قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى باستۇرغان، 1983 ـ يىلى، 18 ـ بەت. شەرەپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇرلاردا كىلاسسىك ئەدەبىيات»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى، 252 ـ بەت.

㉛ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

㉜ شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇرلاردا كىلاسسىك ئەدەبىيات»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى، 253 ـــ 254 ـ بەتلەر.

㉝ غەيرەتجان ئوسمان (باش تۈزگۈچى): «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، 2 ـ قىسىم، 894 ـ، 895 ـ بەتلەر.

㉞ ئەلىشىر نەۋايى: «مەھبۇبۇل ـ قۇلۇب» (ئابلىمىت ئەھەت نەشرگە تەييارلىغان)، «ئەخلاق دەستۇرى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو نەشرىياتى، شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 304 ـ بەت.

㉟ يۇقىرىقى كىتاب، 306 ـ بەت.

㊱ يۇقىرىقى كىتاب، 306 ـ بەت.

㊲ يۇقىرىقى كىتاب، 306 ـــ 307 ـ بەتلەر.

㊳ يۇقىرىقى كىتاب، 307 ـ بەت.

㊴ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى، 256 ـ بەت.

㊵ رۇقىيە ئوسمان: «چاغاتاي تىلىغا ئائىت لۇغەتلەر»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2008 ـ يىللىق 1 ـ سان.

㊶ ئىمىن تۇرسۇن: «شېئىرىيەتتە بەدىئىيلىك توغرىسىدا»، «تارىمدىن تامچە» (ماقالىلەر توپلىمى)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى، 357 ـ بەت.

㊷ ئەسەت سۇلايمان: «خەمسەچىلىك، ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 16 ـ بەت.

㊸ ئابلەت ئۆمەر: «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ئاساسلىرى»(1)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى، 433 ـ بەت.

㊹ ئەلىشىر نەۋايى: «مەھبۇبۇل ـ قۇلۇب» (ئابدۇرېھىم توختى نەشرگە تەييارلىغان)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى نەشرى، 41 ـ بەت.

㊺ ئابدۇرېھىم سابىت: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، بىرىنچى كىتاب 2 ـ قىسىم، قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى باستۇرغان، 1983 ـ يىلى، 386 ـ بەت.

㊻ ئىمىن تۇرسۇن: «نەۋايى ھەققىدە» M، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 305 ـ بەت.

㊼ غەيرەتجان ئوسمان (باش تۈزگۈچى): «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، 2 ـ قىسىم، 806 ـ بەت.

㊽ ھۆرمەتجان فىكرەت: «كىلاسسىك بەدىئىي سەنئەتلەر ھەققىدە»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2010 ـ يىللىق 4 ـ سان، 64 ـ بەت.

㊾ ھۆرمەتجان فىكرەت: «كىلاسسىك بەدىئىي سەنئەتلەر ھەققىدە»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2010 ـ يىللىق 4 ـ سان، 67 ـ بەت.

㊿ ئىمىن تۇرسۇن: «نەۋايى ھەققىدە» M، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 272 ـ بەت.

(51) ھۆرمەتجان فىكرەت: «خەراباتىي ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي مىراسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 168 ـ بەت.

(ئاپتورى جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىدە)

ئابلىز مۇھەممەت سايرامى



# قەدىمكى ئۇيغۇر ئاياللىرىدا گۈزەللىك قارىشى ۋە زىبۇ-زىننەت، پەرداز مەدەنىيىتى

## 4. قەدىمكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ بەدەنگە گۈل چېكىش (سىزىش) ئادىتى

بەدەنگە گۈل چېكىش — ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ بىر خىل ئېستېتىك ئېڭى، گۈزەللىك قارىشى، بەدەننى ھەرخىل گۈل - نۇسخىلار بىلەن پەردازلىشى بولۇپ، دىيارىمىزدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن چىققان جەسەتلەرگە قارىغاندا، بۇنداق ئېتنىك ئادەتنىڭ خېلى قەدىمدىلا ئۇيغۇرلار ئەجدادلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا بارلىققا كەلگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

«ئىپتىدائىي ئادەملەر ھايۋانلار سۈرىتىنى توتېم سۈپىتىدە بەدەنلىرىگە چېكەتتى، بۇ بىر خىل توتېمغا چوقۇنۇش ئىدى. ئۆردەكنى توتېم قىلىدىغان قەبىلىلەردە ياشلار مۇراسىمغا قاتناشقاندا چوقۇنىدۇرغۇچىلىرى ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ئۆردەك شەكلىنى، كۆز ئەتراپىغا چەمبەر، قېشىغا سىزىق سىزىپ قوياتتى. گۈل چېكىش تاش ۋە قۇلۇلە قېپى بىلەن تېرىنى تىلىش بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن تېرىدە قارا رەڭنىڭ قېنىق رەڭلىك قاپارتما ئىزلىرى قالاتتى»[55].

«ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ بەدەن بېزىكى مۇقىم ۋە ئۆزگىرىشچان بېزەك دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. مۇقىم بېزەكلەر — بەدەنگە گۈل چېكىش، بۇرنىنى تېشىش، كالپۇكنى يېرىش، قۇلاقنى تېشىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۆزگىرىشچان بېزەك بولسا پۆپۈك ئېسىش، ھالقا سېلىش، لېنتا چىگىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەدەننى بوياش، گۈل چېكىش، ماي، ئۇسۇملۇك سۈيۇقلۇقى ۋە لايىنى بەدەنگە سۈرۈش ئادىتى ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق ئىدى. ئۇلار خۇش پۇراق ئۇسۇملۇك سۈيىنى ۋە لايىنى بەدەنگە سۈرۈش ئارقىلىق ھاشارات ۋە پاشىدىن مۇداپىئەلىنەتتى ۋە تېرىسىنى پاكلايتتى»[56].

«بىز ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىدا تۈرلۈك زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنى، يەنى مونچاقلار، سىرغىلار ئاسقانلىقىنى، ئۈزۈكلەر تاقىغانلىقىنى، ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ بەدىنىنى يۇمشاق توپىدا جۇلالاندۇرغانلىقىنى، ھەر خىل ئۇسۇملۇك بوياقلىرىدا يۈز، قول، پۇتىغا، كۆكرەكلىرىگە نەقىش چېكىدىغانلىقىنى بىلىمىز. ئىپتىدائىي توتېم مۇراسىملىرى مۇنداق ياسىنىش ۋە بېزەك سېلىشنىڭ ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىدە ھەرخىل، ئەمما تولىمۇ باي، رەڭدار بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئازادە كېيىنىدۇرىدىغان، بەدىنىنى قىزىل گۈل بىلەن بويايدىغان، قاش، كۆزىگە رەڭ بېرىدىغان ھالەتلەر ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى قەبرىلىرىدە كۆپلەپ تېپىلدى. شىنجاڭنىڭ لوپنۇر، ئالتاي، قومۇل، ئۈرۈمچى ۋە ئالغۇي كونا قەبرىلىرىدىكى جەسەتلەرنىڭ تارغاق، مىس ئەينەك، مارجان، چاچ خالتىسى، باغىرداق بى-

لەن دەپنە قىلىنغانلىقى، بەدەنلىرىنىڭ قىزىل بويىلىپ، قىزىل توپىغا كۆمۈلگەنلىكى بۇ خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش ئېستېتىكىدا تارىختىن بىزگە ئۇچۇر يەتكۈزىدۇ»[57].

«يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭ ئارخېئولوگلىرى چەرچەن زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن بۇنىڭدىن 3800 يىل بۇرۇنقى ئەر ـ ئايال قۇرۇق جەسەتلىرىنى تاپتى. M 2 ـ نومۇرلۇق قەبرىگە دەپنە قىلىنغان ئايال جەسەتنىڭ يۈزى سوزۇنچاق، بۇرنى قاڭشارلىق، كۆزلىرى يوغان، چاچلىرى قوڭۇر (ئا. قارغان)، قولىقىنىڭ تۈشۈكىگە قىزىل يۇڭ يىپ ئۆتكۈزۈلگەن، پېشانە، چېكە، مەڭزىنى ئاساس قىلغان هالدا كۆز، بۇرۇن ئۈستىدىن تاكى ئېڭەكلىرىگىچە سېرىق رەڭلىك بىر خىل مىنېرال بوياقتا ئۆزگىچە گۈللۈك شەكىل چىقىرىپ پەرداز قىلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە يۈگىمەچ شەكىل ئالاھىدە گەۋدىلەنگەن. ئېڭىكى زىچ توقۇلغان قىزىل يۇڭ شوينا بىلەن باغلانغان. ئاخىرەتلىك پەرداز بۇيۇملىرى ئىچىدە ياغاچ، مۈڭگۈزدىن ياسالغان ئىككى تال تارغاق ۋە قاش قەلەم تېپىلغان. ئەر جەسەتنىڭ پېشانە ۋە ئىككى چېكە-سى، مەڭزىنى ئاساس قىلغان هالدا كۆز، بۇرۇن ئۈستىنى بويلاپ تاكى ئېڭەك ئاستىغىچە سېرىق رەڭلىك بىر خىل مىنېرال بوياقتا نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياش شەكلى ۋە قوچقارنىڭ يۈگىمەچ مۈڭگۈزىگە ئوخشاپ كېتىدىغان شەكىل ئالاھىدە گەۋدىلىك قىلىپ سىزىلغان. يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئارخېئولوگىيەلىك پاكىتلار بىزگە بەدەنگە گۈل سىزىش (چېكىش)نىڭ قەدىمكى زاماندا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز بەدىنىنى زىننەتلەش ۋە گۈزەللەشتۈرۈشتە قوللانغان شەكىل ۋاستىلىرى ئىكەنلىكى، ئۇ يالغۇز ئەڭ بۇرۇنقى بېزەك ـ پەرداز مەزمۇنىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مول مەزمۇنلۇق مەنىۋى مەدەنىيلىك مەنىسىگىمۇ ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىگە دەپنە قىلىنغان ئەر ـ ئاياللاردىن ئۆرۈمە چاچ قويۇش بىلەن بەدىنىگە گۈل سىزىشنىڭ ئۆز زامانىسىدا تەڭ قوللىنىلغانلىقىنى، جۈملىدىن ئۇ خىل بېزىنىشلەرنىڭ شەكىل، مەزمۇن ئالاھىدىلىكلىرى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرگەنلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلىدى»[58].

يۇقىرىقى ئىككى جەسەتنىڭ يۈزىگە قىلىنغان پەردازلار ئىنتايىن ئوبرازلىق ۋە چىرايلىق بولۇپ، ئايالنىڭ يۈزىگە سىزىلغان گۈل ـ چېچەك نۇسخىلىرى ئېنى دەۋر ئاياللىرىنىڭ گۈزەللىككە، بولۇپمۇ گۈل ـ چېچەك-لەرگە بولغان ھەۋسىنىڭ بەكمۇ يۇقىرىلىقىنى ئىپادىلىسە، ئەرنىڭ يۈزىدىكى نۇر چېچىۋاتقان قۇياش شەك-لى ئۇلارنىڭ قەبىلىسىنىڭ قۇياشقا چوقۇنىدىغانلىقىنى، قوچقار مۈڭگۈزى بولسا ئەرنىڭ باتۇرلۇقى ۋە كۈچلۈكلۈكىنى ئىپادىلىگەن. ئېتنوگرافىيە، مىللەتشۇناسلىق، قەدىمكى ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە دائىر فولك-لور تەتقىقات ماتېرىياللىرىدا بەدەنگە گۈل چېكىش ۋە سىزىشنىڭ يەنە بىر خىل مۇھىم مەنىسى بارلىقى قەيت قىلىنغان. مەسىلەن، توڭگۇس ئوۋچىلىرى ئىچىدە ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ بەدەنلىرىگە بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۆزىگە خاس گۈل ـ چېچەكلەرنى سىزىدىغان ئادىتى بار ئىكەن. ئۇلار يۈز ۋە بەدەنلىرىگە سىزىلغان ئەنە شۇ شەكىللەرگە قاراپ قارشى تەرەپنى (ياكى دۈشمەن تەرەپنى) ئېنىق ئايرىپ زەربە بېرىدى-كەن. شۇڭا، ئالىملار بەدەنگە گۈل چېكىش ۋە سىزىشنى مىللەت ياكى قەبىلىنىڭ بەلگە ـ ئالامەتلىرى، بىر توپ بىلەن يەنە بىر توپنىڭ شەرتلىك بەلگىسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ، دەپ قارايدىكەن[59]. مەسىلەن، ئالتاي-دىكى بازىرىق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان جەسەتنىڭ ئوڭ پۇتى، ئىككى بىلىكى، مۈرىسى ۋە مەيدىسىگە ھەر خىل ھايۋان بىلەن گۈل ـ گىياھلار چېكىلگەن بولسا، زاغۇنلۇقتىن تېپىلغان جەسەت-نىڭ پېشانىسى، مەڭزى ۋە بويىنىغا ھەرخىل بەلگە ـ ئالامەتلەر سىزىلغان. مۇنداق بەدەنگە گۈل چېكىلگەن

جەسەتلەر يەنە كاۋكازدىكى داغىستاندىن تېپىلغان ئەر - ئاياللارنىڭ يۈزى، پېشانىسى ۋە بويۇنلىرىغىچە سىزىلغان.

دېمەك، بەدەنگە گۈل چېكىش، يۈزىگە بوياق بىلەن ھەر خىل شەكىللەرنى سىزىش، بەدەنگە پەرداز قىلىش ئادەتلىرى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىگە ئورتاق بولغان ئېتنىك ئەنئەنە بولۇپ، ئاياللاردا كۆپرەك كۆرۈلگەنلىكى مەلۇم[60].

## 6. قەدىمكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ھەر خىل چاچ قويۇش ئادەتلىرى

چاچ قويۇش — چاچنى ھەر خىل شەكىل ۋە ئۇزۇن، قىسقا قىلىپ ياساش، چاچقا ھەر خىل ئۆسۈملۈك مېيى ۋە مەلھەملەرنى چېچىپ پارقىرىتىش قەدىمكى ئۇيغۇر ئاياللىرى ۋە قىز - چوكانلىرىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى بىر خىل ئەنئەنە ۋە گۈزەللىك ئۆلچىمى بولۇپ كەلگەن. شۇنداقلا يارشىملىق سۇمبۇل چاچ قەدىمكى ئۇيغۇر ئاياللىرى ۋە قىز - چوكانلىرىنىڭ گۈزەللىك سىمۋولى، ئۆزلىرىنى تېخىمۇ گۈزەل، سۇمباتلىق كۆرسىتىدىغان پەخرى - غۇرۇرى بولۇپ كەلگەن.

ھازىرغىچە دىيارىمىزدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغان جەسەتلەرنىڭ چاچ شەكلىدىن قارىغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر ئاياللىرى ئەڭ دەسلەپتە چاچلىرىنى ناھايىتى ئۇزۇن قويۇۋېتىشكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن تارغاق بىلەن تاراپ ھەرخىل شەكىللەرگە كەلتۈرگەن. كېيىن يەنە چاچلىرىنى ئۆرۈپ، ئۇزۇن قويۇۋېتىدىغان بولغان. ئۇيغۇرلار ئەجدادلىرىنىڭ ئۆرۈمە چاچ قويغان دەۋرى خېلى ئۇزۇن بىر تارىخىي دەۋرلەرگىچە داۋام ئەتكەن. مىلادىيەدىن كېيىن بۇددىزم ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەندە، چاچنى كېسىدىغان، ھەر خىل شەكىللەردە بانتىلايدىغان، چىرايلىق قىرقىم چاچ قويىدىغان، چاچلىرىنى بويايدىغان، ھەتتا بۇدۇر قىلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرگەن. ئىسلامىيەتتىن كېيىن يەنە ئۆلگىرىكىدەكلا چاچلىرىنى بىرقانچە تال قىلىپ ئۆرۈيدىغان كونا ئادىتىگە قايتىپ كەلگەن. قەدىمكى ساھىبجامال، نازاكەتلىك، لاتاپەتلىك ئۇيغۇر ئاياللىرى ۋە قىز — چوكانلىرىنىڭ بۇنداق ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىگە دائىر يادىكارلىقلار خوتەن، لوپنۇر، تۇرپان ۋە قۇمۇللاردىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن چىققان جەسەتلەردە ناھايىتى ئېنىق ساقلىنىپ قالغان.

مەسىلەن، 1979 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى لوپنۇر رايونىدىكى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى بىر قەدىمكى قەبرىستانلىقنى قېزىپ، يۇرتىمىزنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيىتىگە دائىر قىممەتلىك مول ماتېرىياللارنى تېپىپ چىقتى. ئالاھىدە بولغىنى شۇكى، بۇ قەبرىستانلىقتا دەپنە قىلىنغان جەسەت (كرورەن گۈزىلى)نىڭ ئېگىز سەل ئۇچلۇق، كۆزلىرى يوغان ۋە چوڭقۇر، قاش - كىرپىكلىرى ئۇزۇن ۋە قويۇق، بۇرنى قاڭشارلىق ۋە ئىنچىكە، كالپۇكى نېپىز، چاچلىرى سۇس قوڭۇر بولۇپ مۈرىسىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ. جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن بەش تال ياغاچ قورچاق، بىر تال تاش قورچاق تېپىلدى. «بۇ قورچاقلارنىڭ باشلىرىغا ئۇچلۇق قالپاقلار كىيدۈرۈلگەن، چاچلىرى قىسقا ئۆرۈمە چاچ بولۇپ، مۈرىلىرىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ»[61]. 1976 -، 1977 - يىللىرى يەنە ئارخېئولوگلىرىمىز تەرىپىدىن ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەن كان رايونىدىكى ئالغۇي جىلغىسىدىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغان «بەزى جەسەتلەرنىڭ چېچى ئۇزۇن ئۆرۈلگەن، بەزىلىرىنىڭ چېچىغا تور شەكىللىك قاپ (چاچلىق) تارتىپ قويۇلغان»[62]. ئارخېئولوگلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ قەبرىلەردىن تېپىلغان «ئالتۇندىن ياسالغان ئالاھىدە قىممەتلىك زىبۇ - زىننەت بۇيۇملارنىڭ بەزىلىرى ئىچكى موڭغۇلدىكى

قەدىمكى ھۇن ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ قەبرىلىرىدىن تېپىلغان ئالتۇن بويۇملارغا ئوخشىشىپ كېتىدىكەن»[63]. 1959 ـ يىلىدىن 1997 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا نىيە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن نىسبەتەن ياخشى ساقلانغان 20 دانە قۇرۇق جەسەت قېزىۋېلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ چاچلىرى ھەر خىل شەكىللەردە بولغان. بەزىلىرى ھازىرقى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ چاچ شەكلىگە ئوخشىشىدۇ. 1985 ـ يىلى ئارخېئولوگلىرىمىز يەنە چەرچەن ناھىيەسىدىكى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىدىن قېزىۋالغان قەدىمكى جەسەتلەردىنمۇ يۇقىرىدا مەلۇم بولغان ئۆرپ ـ ئادەت ئەنئەنىسىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئەھۋاللارنى تېپىپ چىقتى. زاغۇنلۇقتىن تېپىلغان بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقتىكى ئىككىنچى نومۇرلۇق قەبرىگە (2M) تۆت جەسەت دەپنە قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرسى ئەر، قالغانلىرى ئايال ئىكەن. مۇشۇ ئەرنىڭ جەستى بىلەن بىر ئايالنىڭ جەستى ئۆز ئەينى ساقلانغان بولۇپ، تەبىئىي مۇمىياغا ئايلانغان. ئەر جەسەتنىڭ چاچ ـ ساقاللىرى قوڭۇر رەڭدە بولۇپ، يېرىم ئاقارغان، چاچ ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈلگەن، ئۇزۇنلۇقى 0.3 سانتىمېتىر، چاچنىڭ ئۇچى تەرىپىدىن 0.15 سانتىمېتىر ئارىلىقىغا قىزىل يۇڭ يىپ قوشۇپ ئۆرۈلگەن، چاچنىڭ تومىلۇقى 5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئايال جەسەتنىڭ چېچى ئاقىرىپ كەتكەن بولۇپ، تۆت تال قىلىپ ئۆرۈلگەن[64]. ئارخېئولوگلار زاغۇنلۇقتىكى بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ كۆنچى دەرياسى ساھىلىدىن تېپىلغان مەدەنىيەتنىڭ داۋامى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. قۇمۇلدىن تېپىلغان ۋە دەۋرى بۇنىڭدىن 3200 يىل بۇرۇن دەپ بېكىتىلگەن قارادۆۋە قەبرىستانلىقىدىكى ئەھۋاللار تېخىمۇ ئالاھىدە بولۇپ، ئۇنىڭدىن تېپىلغان ئاخىرەتلىك بويۇملار كۆنچى دەرياسى ساھىلىدىن تېپىلغان قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن چىققان «جەسەتلەر بەلگىچە چۈشىدىغان ئۆرۈمە چاچلىرى بولغان»[65]. يەنە نىيە ناھىيەسىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان 2000 ـــ 2500 يىللار ئىلگىرىكى ئايال جەسەتنىڭ چېچى ئالتە تال قىلىپ تال ـ تال ئۆرۈلگەن. دېمەك، بۇ ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار قەدىمكى ھۇن، تۈرك، ئۇيغۇر (回纥) لاردىكى ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ تارىم ۋە تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە ياشىغان ئۇيغۇرلار ئەجدادلىرىنىڭ بىلەن ئاساسەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنىلا ئەكس ئەتكۈزۈپ قالماستىن، يەنە ئۇلارنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە ئېتنىكداشلىق قاتارلىق جەھەتلىرىدىمۇ ئورتاقلىقىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئارخېئولوگىيەلىك پاكىتلار بىزگە ئۆرۈمە چاچ قويۇشنىڭ قەدىمكى زاماندا ياشىغان ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئۆز بەدىنىنى زىننەتلەش ۋە گۈزەللەشتۈرۈشتە قوللانغان شەكىل ـ ۋاسىتىلىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇ يالغۇز ئەڭ بۇرۇنقى بېزەك ـ پەرداز مەزمۇنىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مول مەزمۇنلۇق مەنىۋى مەدەنىيەت مەنىسىگىمۇ ئىگە (كىشىلەرنىڭ گۈزەللىكنى سۆيگەنلىكىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى) ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىگە دەپنە قىلىنغان ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئۆرۈمە چاچ قويۇش بىلەن بىللە يۇڭغا بوياق بىلەن ھەر خىل شەكىللەرنى سىزغانلىقى، ئۆرۈمە چاچ قويۇش بىلەن بەدەنگە گۈل سىزىشنىڭ ئۆز زامانىسىدا تەڭ قوللىنىلغانلىقىنى، جۈملىدىن ئۇ خىل بېزىنىشلەرنىڭ شەكىل، مەزمۇن ئالاھىدىلىكلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرگەنلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلىدى.

يىراق قەدىمكى زامانلاردا مەيلى ئەر ياكى ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئۆرۈمە چاچ قويغانلىقىنى ئىسپاتلاي-

دىغان ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللار ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، قومۇل رايونىدىكى قارا دۆۋە قەدىمكى قەبرىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان ئايال مېيىت (بۇنىڭدىن 3200 يىل بۇرۇنقى)نىڭ قوش ئۆرۈمە چاچلىرى، پىچان ناھىيەسىنىڭ سۇ بېشى دېگەن يېرىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرگە (2 ـ نومۇرلۇق قەبرە) دەپنە قىلىنغان ئايالنىڭ قوش ئۆرۈمە چاچلىرى يۆگەلگەندىن كېيىن مەخسۇس ياسالغان چاچ تورىغا تىقىلغان. 1983 ـ يىلى لوپ ناھىيەسىنىڭ سامپۇل يېزىسىدىكى سامپۇل قەدىمكى قەبرىلىرى قېزىپ تەكشۈرۈلگەندە، مېيىتلارنىڭ ھەرخىل چاچ پاسونلىرى ئېنىقلاندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپ ئۆرۈمە، تال ئۆرۈمە، قوش ئۆرۈمە، ئەشمە چاچ ۋە ياسالما (سۈنئىي ياكى يالغان چاچ) ئۆرۈمە چاچلار بار. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپ ئۆرۈمە چاچلارنىڭ بىر يۈرۈشى تۆت تال، ئەڭ كۆپلىرى 16 تال بولۇپ، تاق ئۆرۈمە چاچلارنى ئۈچ ئېشىم چاچلارنى بىرىكتۈرۈپ بىر قىلىپ ئۆرۈگەن. بۇنىڭدىن باشقا ياسالما (سالغان) چاچلار ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، 1 ـ خىلى ئۈچ تۇتام چاچنى بىرىكتۈرۈپ بىر قىلىپ ئۆرۈگەندىن كېيىن، ئاشۇ خىل ئۈچ دانە ئۆرۈمە چاچنى يەنە بىرىكتۈرۈپ بىر يۈرۈش قىلىپ ئۆرۈگەن؛ 2 ـ خىلى ئالتە تۇتام چاچنى بىرىكتۈرۈپ بىر يۈرۈش قىلىپ ئۆرۈگەن[66].

ھازىرقى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ نويان تاغلىرى ئەتراپىدىن قېزىلغان ھۇنلارغا ئائىت قەبرىلەردىن 17 تال قىزىل يۇڭ شوينىنى قوشۇپ ئۆرۈگەن چاچ تېپىلغان («北方文物» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىللىق 4 ـ سان 66 ـ بېتىگە قاراڭ).

ئارخېئولوگىيەلىك، ئېتنوگرافىيەلىك تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئەرلەرنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادەتلىرى ئىسلام دىنى تارىم ۋادىسى (ۋە باشقا رايونلار)دا ئومۇملاشقاندىن كېيىن ئەمەلدىن قالغاندەك قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادەتلىرى ھەققىدە بەزى مەلۇماتلارنى بايان قىلغان لېكىن، ئەرلەرنىڭ ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادەتلىرى توغرىسىدا توختالمىغان. مەسىلەن، «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم 129 ـ بەتتە: ئۆرگۈچ ـــ ئۆرۈمە چاچ؛ ئۆرۈمە ساچ ـــ ئۆرۈمە چاچ (1 ـ توم 175 ـ بەت)؛ ئۆڭنەك ـــ چۈپۈرچاچ ياسىما چاچ (1 ـ توم 182 ـ بەت)؛ ئۆڭنەكلەندى ـــ چاچ سالدى (1 ـ توم 140 ـ بەت)؛ ئۇراغۇت ئۆڭنەكلەندى ـــ خوتۇن چاچ تاقىۋالدى، يەنى چۈپۈرنى ياسالغان ماڭلاي چاچ تاقىۋالدى (1 ـ توم 409 ـ بەت).

ئومۇمەن، ھەر خىل شەكىللەردىكى ئۆرۈمە چاچلارنى قويۇش، ياسالما (سۈنئىي) چاچلارنى سېلىش، بېزىنىش ئادەتلىرى بىر خىل فولكلورلۇق ئەنئەنە سۈپىتىدە دەۋرمۇ دەۋر، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ، ھازىرقى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەردە تېخىمۇ كۆپ خىل شەكىلدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقى مىللەتلەرنىڭ ئۆرۈمە چاچ قويۇش، بېزىنىش ئادەتلىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىدا ھەرخىل ئۆرۈمە چاچ قويۇشتا بىر يۈرۈش ئادەتلەر شەكىللەنگەن[67].

ئۇيغۇرلاردا توي قىلمىغان قىزلارنىڭ چېچى ئون بەش، ئون يەتتە، يىگىرمە بىر، ھەتتا قىرىق بىر قىلىپ ئۆرۈلىدۇ، ھەرگىز جۈپ ئۆرۈلمەيدۇ ھەمدە بۇنداق توي قىلمىغان قىزنىڭ پېشانىسىدە كوكۇلا چېچى بولىدۇ. ئۇنىڭ پاتاڭ (شىللە) قىسمىدىكى سۇمبۇل چاچنىڭ ئاستى قىسمى ئۇستىرا بىلەن چۈشۈرۈلۈپ تۇرۇلىدۇ. قىزنىڭ تويى بولىدىغان كۈنى ئۇنىڭ شىللە قىسمى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم چۈشۈرۈلىدۇ.

توي قىلىپ ئەتىسى ياكى بىرقانچە كۈندىن كېيىن، قىزنىڭ كوكۇلا چېچى ئىككى تەرىپىگە قايىرلىدۇ. ئۇزۇن سۇمبۇل چېچى جۈپ ئۆرۈلىدۇ ھەم ئۇنىڭغا ياغاق سېكىلەك چاچ قويۇلىدۇ. چاچنى جۈپ ئۆرۈش ياتلىق بولغانلىقنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئېرىدىن ئايرىلغان ياش ئاياللار جوۋان دېيىلىپ، ئۇلار ياغاق چاچ قويۇش بىلەن بىللە چېچىنى بەش، يەتتە، توققۇز... تال قىلىپ تاق ئۆرۈۋالىدۇ. بۇ تۇللۇق بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ.

ياشانغان (نەۋرىلىك بولغان) ئاياللار ئۇزۇن چېچىنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈپ، ئۇنى چاچتەگگە بىلەن جۈپلىۋالىدۇ...

دېمەك، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ چاچ تۈرىگە ۋە سۇمبۇل چېچىنىڭ جۈپ ياكى تاق ئۆرۈلگەنلىكىگە قاراپ ئۇنىڭ قىز، چوكان، جوۋان، ياشانغان ئايال... ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈۋالغىلى بولىدۇ (ئا. راھمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى نەشرى، 156 ـ بەتكە قاراڭ).

قىسقىسى، چاچ پاسونلىرى قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئۆز گۈزەللىكىنى يارىتىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئۆلچەملىرىنىڭ بىرسى بولۇپ كەلگەن. ئاياللار ئۆز چاچلىرىنىڭ ئۇزۇن، تومىلۇقى، شۇنداقلا قارىلىقى بىلەن ئالاھىدە پەخىرلىنىدۇ. چۈنكى، سۇمبۇل چاچ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ گۈزەللىك سىمۋولىدۇر. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ چاچ شەكلىمۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، تارالغان چاچ شەكلى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ نىكاھ ئەھۋالى ۋە باشقا ئەھۋاللىرىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردا ياتلىق بولمىغان قىزلارنىڭ چېچىنى ئون بەش، ئون يەتتە، يىگىرمە بىر، قىرىق بىر تال قىلىپ تاق ئۆرۈيدۇ، پېشانىسىدە كوكۇلا چېچى بولىدۇ، شىللە (پاتاڭ) قىسمىدىكى چېچىنىڭ ئاستى چۈشۈرۈۋېتىلىدۇ. قىزلار توي قىلغاندىن كېيىن، كوكۇلا چېچى ئىككى تەرەپكە قايىرىلىپ، سۇمبۇل چېچى جۈپ قىلىنىپ، ئۇنىڭغا ياغاق سېكىلەك چاچ قويۇلىدۇ. ئېرىدىن ئايرىلىپ قالغان ياش ئاياللار جوۋان دەپ ئاتىلىپ، ياغاق چاچ قويۇش بىلەن بىللە چېچىنى بەش، يەتتە، توققۇز تال قىلىپ تاق ئۆرۈيدۇ. بۇ شۇ ئايالنىڭ تۇللۇقىنىڭ بەلگىسى. نەۋرىلىك بولغان ئاياللارنىڭ بالچۇق، ياغاق چاچلىرى بولمايدۇ. ئۇزۇن چېچىنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈپ، ئۇنى چاچتەگگە بىلەن جۈپلىۋالىدۇ. يەنە بىر خىل چاچ شەكلى — چاچنى يالغۇز بىر تال قىلىپ ئۆرۈۋېلىش بولۇپ، بۇ شۇ ئايالنىڭ يالغۇز ئىكەنلىكىنى، جۈپتە ئىزدەۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇيغۇر ئاياللىرى قەدىمكى زامانلاردىن بۇيان چاچ ئاسراشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن. شۇڭا، ئۇلار چاچقا پايدىلىق بولغان نۇرغۇن پەرداز بۇيۇملىرىنى ئىشلەتكەن. مەسىلەن، يېلىم جىگدىدىن قايناپ چىقىدىغان شىلىمشىمان بىر خىل ماددا بولۇپ، رەڭگى دېۋىرقايغا ئوخشاش سېرىق، پارقىراق، يېپىشقاق كېلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى يېلىمنىڭ مۇشۇ خوسۇسىيىتىگە قاراپ، ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان چاچ پەرداز بۇيۇمى سۈپىتىدە ئۇنى چېچىغا چېچىپ كەلگەن. يەنە چاچ ئاسراشتا قوي مېيى، سىيادان يېغى قاتارلىقلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. چۈنكى، قوي مېيى ۋە سىيادان يېغى جانسىز، قۇرغاق، ئېلاستىكلىقى قالمىغان چاچلارغا ناھايىتى پايدىلىق بولۇپ، داۋاملىق ئىشلىتىپ بەرسە، ئۈنۈمىنى كۆرگىلى بولىدۇ. سىيادان يېغىنىڭ يەنە چاچقا بالدۇر ئاق چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىمۇ بار[⑥].

تۇخۇم — تۇخۇم كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇمى بولۇش بىلەن بىللە، يەنە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ چاچ ئاسراش بۇيۇمى بولۇپ، چاچ يىلتىزىنى قۇۋۋەتلەش رولىنى ئوينايدۇ. تۇخۇم چاچنى يۇمشاق، پارقىراق

قىلىش رولىغا ئىگە.

قېنىق دەملەنگەن چاي — قېنىق دەملەنگەن چاي بىلەن چاچنى يۇغاندا چاچنىڭ چۈشۈشى ۋە چاچ-نىڭ كېپەكلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، چاچنى يۇمشاق ۋە پارقىراق قىلىدۇ. يۇقىرىقىلار ئۇيغۇر ئايال-لىرى، قىز - چوكانلىرىنىڭ تارىختىن بۇيان ئىزچىل قوللىنىپ كەلگەن چاچ ئاسراش - ئۆستۈرۈشكە دائىر ئېتنىك ئادەتلەرنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

## 6. ئۇيغۇر ئاياللىرى ۋە قىز - چوكانلىرىنىڭ پەرداز قىلىش — پەرداز بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىش ئادەتلىرى

قەدىمكى ئۇيغۇر ئاياللىرى ۋە قىز - چوكانلىرى ھەرخىل بوياق ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ پەرداز قىلىش، پەرداز بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۆز گۈزەللىكىنى نامايان قىلىش ئادىتى ئانى-لىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدىن باشلانغان.

مەلۇمكى، دىيارىمىزدا يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش شەكلى ئىپتىدائىي پادىلار-چە تۇرمۇش شەكلىدىن ئانا ئۇرۇقى — تۇنجى ئائىلىق نەسىلداشلىق جامائەسىگە ئۆتۈش بىلەن خاراكتېر-لەنگەن. بۇ چاغدا دائىمىي تۇرار جاي، كوللېكتىپ ئەمگەك، ئوزۇق - تۈلۈكنىڭ زاپاس ساقلىنىشى، پائا-لىيەت رايونلىرى ۋە پائالىيەت تۈرلىرىنىڭ كېڭىيىشى، نەسىل كۆپەيتىش ئېھتىياجىنىڭ جىددىي بېسى-مى، يات جامائەلەر ۋە ئۇرۇقداش جامائەلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئانا رەھبەرلىكىدىكى ۋە يېتەكچىلى-كىدىكى ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنى شەكىللەندۈردى. ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى ئەڭ دەسلەپتە ئانا ئۇرۇقى جامائەسى (ماتېرىخارخاللىق تۈزۈمى)دىن باشلانغان. ئانا ئۇرۇقى جامائەسى دىيارىمىز ئاھالىلىرى تارى-خىدا ئىپتىدائىي قانداشلىق، ئۇرۇقداشلىق — ئېتنولوگىيەلىك ئاڭ بىلەن ئىپتىدائىي ھوقۇق - نوپۇز ئېڭىنى نامايەندە قىلدى. شۇ ئاساستا ئىپتىدائىي تەبىئەت ۋە ئىلاھىيەت قاراشلىرى، ئەم - ئېرىم ئادەت-لىرى، فولكلور ۋە مۇراسىم رىجىلىرى مەيدانغا كېلىش بىلەن تەڭ ئانىلار ئەرلەردىن پەرقلىق ھالدا ئۆ-زىنى تۈزەشتۈرىدىغان، يۈز - كۆز، قاش - قاپاقلىرىنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن گىرىم - پەرداز قىلى-دىغان، مەنىۋى گۈزەللىكى ۋە جىسمانىي گۈزەللىكىنى نامايان قىلىشقا ئىنتىلىدىغان بىرقاتار گۈزەللىك ئادىتىنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈردى. بۇ ئادەت بارغانچە ئەۋج ئېلىپ، ئانىلىق ئۇرۇق جامائەسىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى سۈپىتىدە رەسىم - يوسۇنلاشتى ھەمدە ئانىلار بىلەن قىز - چوكانلارغا ئورتاق بولغان گى-رىم - پەرداز قىلىش ئادىتى ھەر خىل ئېتنولوگىيەلىك ئەنئەنىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ تېخىمۇ بېيىپ، بۇددا، مانى ۋە ئىسلام دەۋرلىرىدىمۇ ئادەت كۈچىنى يوقاتماي داۋاملىشىپ كەلدى.

بىز قەدىمكى ئۇيغۇر ئاياللىرى ۋە قىز - چوكانلىرىنىڭ گىرىم - پەرداز قىلىدىغانلىقى ۋە ھەر خىل پەرداز بۇيۇملىرىنى ئىشلەتكەنلىكىگە دائىر مەلۇماتلارنى كرورەن گۈزىلىگە ئوخشاش نازاكەتلىك، سا-ھىبجامال ئۇيغۇر ئاياللىرى ۋە قىز - چوكانلىرىنىڭ دەپنە قىلىنىش رەسمىيەتلىرىدىن، يۈز - كۆزلى-رىگە گىرىم - پەرداز قىلىشتىن تاشقىرى بەدەنلىرىگىچە ھەر خىل رەڭدىكى نەقىشلەر چېكىۋېلىشىدىن، جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن ئاخىرەتلىك بۇيۇملار، سېھىرلىك كۈچ دەپ تونۇلغان ئەڭ ئىپتىدائىي تىلتۇمار ۋە زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىدىن، قەبرىگە كۆمۈلگەن ھەر خىل رەڭدار پەرداز بۇيۇم خالتىلىرى-دىن ۋە پەرداز بۇيۇملار قاچىلانغان ياغاچ قۇتىلاردىن بۇ ئېتنىك ئادەتنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز.

مەلۇمكى، يىراق ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ياشىغان دىيارىمىز ئاھالىلىرى توپ - توپ ھالەتتە، ۋارۋارلىق، نادانلىق جەمئىيەتتە ياشاۋاتقاندا، ئۇلار تېخى مۇئەييەن ئېستېتىكىلىق تەلىماتقا ئىگە بولالمىغان، ئۇ چاغلاردا ئانىمىزم (تەبىئەتنى ئىلاھلاشتۇرۇش) كۆز قاراشلىرىدىن باشقا ئۇقۇملار پەيدا بولمىغان. كىشىلەر بۇمۇ قىرەللىك ئالىمىدە غىل - پال يېنىپ ئۆچكەن ئەقىل ۋە گۈزەللىك ئېڭى يورۇقلۇقىدىن پەخىرلىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلىش بىلەن چەكلەنگەن.

كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىشى، تېرىقچىلىقنىڭ پەيدا بولۇشى، ئوۋچىلىقتىن ھايۋان كۆندۈرۈشكە ئۆتۈشتىن باشلاپ ھايۋانات ئوبرازى بىرىنچى ئېستېتىك ئورۇندىن قالدى. بۇ چاغدا خېلى مۇستەھكەم ئادەتكە ئايلانغان ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ دىققەت - نەزىرى ئەجدادلارنىڭ ئۆزىگە، ئەجدادلار ئوبرازىغا قارىتىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر ئاياللىرى ۋە قىز - چوكانلىرىنىڭ ئۆزىنى تونۇپ، ئۆزىنى تەشكىللەپ، ئۆزىنى ئويۇشتۇرۇپ ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي پەرداز سەنئىتى بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىشقا كىرىشكەنىدى. ئۇلار دەسلەپ ھايۋان سۆڭەكلىرى، چىش، تىرناقلىرىنى ۋە رەڭدار تاشلارنى زىننەت بۇيۇمى قىلغان بولسا، كېيىنچە تاشتىن، سۆڭەكتىن، مىس، تۆمۈردىن، ئالتۇن - كۇمۇشتىن زىننەت بۇيۇمى تاقاشتى، رەڭدار تاشلارنى ئۆۋۈتۈپ ئۇپا - ئەڭلىك ياسىدى، يۈزلىرىگە قان ۋە باشقا ئۆسۈملۈك سۈيىدىن پەرداز قىلىدىغان بولدى. ئاق بوياق ۋە تاش سۈرمىلەر ئىشلىتىشتى. ئۇلار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى مىڭ، ئىككى مىڭىنچى يىللار ئالدى - كەينىدە خېلى مۇستەھكەم ئۆرپ - ئادەتكە ئايلانغان گىرىم - پەرداز سەنئىتىنى بارلىققا كەلتۈردى.

«مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى غەربىي خەن دەۋرلىرىدە بۇددا دىنى ۋە باشقا ھەر خىل دىنلارنىڭ غەربىي يۇرتقا ئېقىپ كىرىشى بىلەن ئانىلىرىمىزنىڭ پەرداز قىلىش ئۇسۇلىغا يېڭىچە مەزمۇن قوشۇلغان. ئۇ بولسىمۇ ‹ئاياللارنىڭ پېشانىسىگە ئۈچ سىزىقلىق رەڭدار پەرداز قىلىش ئۇسۇلى› ئىدى، بۇنداق پەرداز قىزىل، يېشىل رەڭلەر بىلەن ئاياللارنىڭ پېشانىسىگە سىزىقچە شەكلىدە سىزىلغان بولۇپ، سىزىلىشىنىڭ ئىنتايىن ئىنچىكە، نەپىسلىكىدىن قارىماققا تەبىئىيدەكلا كۆرۈنىدۇ. لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ شىمال قىرغىقىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان ئايال جەسەتنىڭ پېشانىسىگە دەل مۇشۇنداق پەرداز قىلىنغان بولۇپ، قەدىمكى لوپنۇر چارۋىچى ئاياللىرىنىڭ گۈزەل قىياپىتىنى ۋە ئۆزگىچە سالاپىتىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن.[69]»

«نىيە خارابىسىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردىن مىس ئەينەك، ئۇپا خالتىسى، ئەڭلىك خالتىسى قاتارلىق قىممەتلىك يادىكارلىقلار قېزىۋېلىندى. ئەينى زاماندىكى ئاياللار ئىشلەتكەن مىس ئەينەكنىڭ دىئامېتىرى 12.4 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.6 سانتىمېتىر بولۇپ، ياسىلىشى ئىنتايىن سۈپەتلىك، تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ئىنتايىن يېڭى ۋە پارقىراق ھالەتتە ساقلىنىپ قالغان.[70]» «M4 - نومۇرلۇق قەبرىدىن بىر دانە مىس ئەينەك تېپىلغان بولۇپ، دىيارىمىزدا ياسالغان ئەينەكنىڭ كەينى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا يىپ ئۆتكۈزۈش تۆشۈكچىسى (مونىكى) بار. مونىكىنىڭ دىئامېتىرى 2.4 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 1.2 سانتىمېتىر كېلىدۇ. مۇشۇ قەبرىدىن يەنە كالا مۈڭگۈزىدىن ياسالغان ئايرىم - ئايرىم ھالدا قارا ۋە قىزىل رەڭلىك پەرداز بوياقلىرى قاچىلانغان پەرداز قاپچۇقىمۇ تېپىلغان.[71]» «ئۇپا خالتىسى قوغۇشۇن ئۇپىسىنى قاچىلايدىغان خالتا بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى يەتتە سانتىمېتىر، كەڭلىكى تۆت سانتىمېتىر كېلىدۇ، خالتىنىڭ سىرتىغا قىزىل، يېشىل رەڭلەردە ئۆسۈملۈك ۋە چېچەكلەر كەشتىلەنگەن. خالتىنىڭ ئېغىزى چىگىلگەن، ئىچىگە نۇرغۇنلىغان پەرداز تاشلىرى قاچىلانغان، قوغۇشۇن ئۇپىسىنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ

كەتكەنلىكتىن، ھازىر تاش پارچىلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن. ئەڭلىك خالتىسى سېرىق يىپەكتىن تىكىلگەن، ئىچىدە ئازراق ئۇچۇق قىزىل رەڭلىك ئەڭلىك قالدۇقى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، خالتىنىڭ ئېغىزى ئاق رەڭلىك يىپەك يىپ بىلەن باغلانغان. خالتا ئېغىزىنىڭ يان تەرىپىگە پاختا قالدۇقى قويۇلغان بولۇپ، رەڭگى جىگەر رەڭگە ئۆزگىرىپ كەتكەن، بەلكىم بۇ ئايال جەسەتنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئىشلەتكەن ئەڭلىك سۈرتكۈچ پىلتىسى بولۇشى مۇمكىن.[72]» يۇقىرىقى گىرىم - پەرداز بۇيۇملىرىنىڭ تېپىلىشى قەدىمكى ئانىلىرىمىزنىڭ خېلى بۇرۇنلا چىراي گۈزەللىكىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئېستېتىك قارىشى ۋە ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ئۈسكەنلىكىنى، پەرداز قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ياخشىلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى ھەمدە خەلقئارا يىپەك يولى ئارقىلىق غەربىي يۇرت بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ سودا - مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، غەربىي يۇرت ئاياللىرىنىڭ ياسىنىش، پەرداز قىلىش ئادەتلىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تارقىلىپ، ئىچكىرى ئۆلكە ئاياللىرىغا يېڭىلىق ئېلىپ كىرگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەردى.

مىلادىيە 3 — 4 - ئەسىرلەرگە كەلگەندە بۇددا دىنىنىڭ غەربىي يۇرت ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە كەڭ ئومۇملىشىشى ئاياللارنىڭ پەرداز ئۇسلۇبىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. مۇشۇ دەۋردە «غەربىي يۇرت ئاياللىرىدا پېشانىسىگە سېرىق رەڭدە گىرىم - پەرداز قىلىش مودا بولغان. بۇ خىل پەرداز سېرىق رەڭلىك ئۇپىنى پېشانىسىگە سۈرۈش ياكى سېرىق قەغەزلەرنى يۇلتۇز، ئاي، گۈل ۋە قۇشلارنىڭ قىيىرقى شەكلىدە كېسىپ پېشانىسىگە چاپلاپ قىلىنىدۇ. تۇرپاندىكى تۇيۇق مىڭئۆيى خارابىسىدىن تېپىلغان رەختنىڭ ئۈستىگە چاپلىرىنى ئارچا - قارىغاي شەكلى ۋە باشقا شەكىللەردە باشتىلىۋالغان، پېشانىسىگە ئاجايىپ ئۈستىلىق بىلەن سېرىق رەڭدە پەرداز قىلىۋالغان ئۇيغۇر چوكاننىڭ ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن، بۇنداق پەرداز ئەينى زامانلاردىمۇ ئاياللارنىڭ كەيپىياتىنىڭ ناھايىتى ياخشى ۋە خۇشال ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.[73]»

مىلادىيە 7 — 8 - ئەسىرلەر مەزگىلىدە دىيارىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئاياللارنىڭ گىرىم - پەرداز قىلىش ئۇسۇلىمۇ كۆپ خىللاشقان، پېشانىسىگە سېرىق رەڭدە پەرداز قىلىش دىيارىمىز ئاياللىرى ئىچىدە تېخىمۇ كەڭ ئومۇملاشقان. بۇ دەۋردە ئاقسۆڭەكلەر ئىچىدە سىم ئالتۇندىن كىيىم تىكىش مودا بولغاچقا، بۇ خىل پەرداز ئەنە شۇ ئالتۇن كىيىمنىڭ رەڭگىگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

مىلادىيە 7 — 8 - ئەسىرلەردە دىيارىمىز ئاياللىرىنىڭ تولغان بولۇشى گۈزەللىك دەپ قارىلىدىغان بولغاچقا، ئاياللار پەردىزىنى ئاشۇ خىل بەدەن قۇرۇلمىسى ۋە يۈز شەكلىگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزگىچە يېڭى ئۇسۇلدا پەرداز قىلىدىغان بولغان، بۇنىڭ تىپىك مىسالى قاشلىق ئېتىش بولۇپ، ئاياللار دۈپدۈگىلەك، سېمىز يۈزلىرىگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن «قاشلىرىنى توم ۋە قىسقا سىزىدىغان بولغان. تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ۋە رەختكە سىزىلغان ‹قورشاۋ شاھمات ئويناۋاتقان ئاياللار›نىڭ رەسىمىدە ئۇلارنىڭ قاشلىرى دەل ئاشۇنداق سىزىلغان[74]. بۇ مەزگىلدە ئاياللار پېشانە پەردىزىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن، پەردازنى قىلىشتا ئادەتتە رەڭگى قېنىق قەغەز ياكى ئالتۇن قەغەزدىن گۈل كېسىلىپ، پېشانىسىگە چاپلىنىدۇ ياكى رەڭ بىلەن پېشانىسىگە بىۋاسىتە گۈل سىزىلىدۇ. تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ئاياللارنىڭ شايىغا سىزىلغان رەسىمى ۋە ئايال قورچاقلارنىڭ پېشانىسىنىڭ ھەممىسى زىننەتلىك بولۇپ، ئۆرۈك چېچىكى، رومبا ۋە ئالماس شەكىللىرى سىزىلغان، زىننەتلىك ئادەتتە قىزىل، يېشىل ۋە سېرىق رەڭلەردە بولىدۇ. بۇ دەۋردىكى ئاياللارنىڭ پەردىزىدىكى يەنە

بىر ئالاھىدىلىك، ئۇلار ئىككى مەڭزىگە قېنىق قىلىپ دۈپدۈگىلەك ئەڭلىك ئەتكەن. ئىككى جاۋغىيىغا قىزىل رەڭدە زىنىخ چەككەن، لەۋلىرىنىمۇ قىپقىزىل قىلىپ بويىۋالغان.[75]»

قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، شىنجاڭغا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى بىلەن يۇرتىمىز ئاياللىرىنىڭ پەرداز ئۇسلۇبى ئىسلامىيەتنىڭ تارقىلىش مەنبەسى بولغان ئەرەب مەدەنىيىتىنى ئۆرنەك قىلغان ئاساستا كونا - يېڭى ئۇسلۇبلارنى بىرلەشتۈرۈپ پۈتۈنلەي ئۆزگىچە بولغان. بۇ توغرۇلۇق ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ نادىر ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا مەلۇمات بېرىلگەن ھەم مەخسۇس ئاياللارنىڭ گىرىم - پەرداز قىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك بىرنەچچە سۆزگە ئىزاھات بېرىلگەن. مەسىلەن:

① ئۇپۇ — ئۇپا (3 - توم 409 - بەت).

② ئەڭلىك — خوتۇنلارنىڭ مەڭزىگە سۈرتىدىغان ئاچ قىزىل بوياق (1 - توم 156 - بەت).

③ يىپلاشتى — خوتۇنلار بىر - بىرىنىڭ يۈزىنى يىپلاشتى (3 - توم 141 - بەت).

④ مەڭدەشتى — يىپ سېلىشتى، ئىككى خوتۇن بىر - بىرىنىڭ يۈزىدىكى تۈكلەرنى ئېلىشتى (3 - توم 544 - بەت).

⑤ كىرشەن — قوغۇشۇن ئۇپا (1 - توم 570 - بەت).

⑥ يىپلاتتى — يىپ سالدۇردى، خوتۇن يۈزىنى يىپلاتتى، يەنى يۈزىنى يىپ بىلەن تەردۈردى (2 - توم 519 - بەت).

⑦ يالتىراتتى — ۋاللىداتتى، ئۇپا ئۇنىڭ يۈزىنى ۋاللىداتتى (2 - توم 517 - بەت).

⑧ ئۇپىلاندى — ئۇپا - ئەڭلىك سۈرتتى، خوتۇن ئۇپا - ئەڭلىك سۈرتتى (2 - توم 406 - بەت)[76].

دېمەك، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ پەرداز سەنئىتىدىكى بىردىنبىر يېڭىلىق قاش ۋە يۈزنى تېرىش، پەردىزنى تەبىئىي ۋە پاكىز قىلىشى ئىدى، لېكىن بۇ دەۋردە دىيارىمىز غەربىي يۇرتتا بۇددا دىنى ئېتىقادىدىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىمۇ مەۋجۇت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ زېمىندا ئوخشاش دەۋردە ياشاۋاتقان ئاياللارنىڭ پەرداز ئۇسلۇبىدا بىر مەزگىل ئىككى خىل ھالەت ساقلىنىپ كەلگەن. ئەمما، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئاياللارنىڭ پەرداز ئۇسلۇبى ئىلگىرىكى دەۋردىكىدىن پەرقلىنەتتى. يەنى، ئاياللار قاشلىرىنى بۇرۇنقىدەك توم، قىسقا سىزماستىن، قىياقتەك ئىنچىكە، ئۇزۇن سىزغان، پېشانە پەردىزىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. بولۇپمۇ پېشانىسىگە يېشىل رەڭدە يەلپۈگۈچسىمان پەرداز قىلىش بىرقەدەر كەڭ ئومۇملاشقان. بۇ بەلكىم كىيىملەرنىڭ رەڭگىگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان پەرداز بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر يېڭى ئۇسۇل — ئىككى زاڭاق سۆڭىكىگە قىيپاش قىزىل سېرىق سىزىدىغان بولغان. بۇ بەلكىم يۈزنى ئورۇق كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىنغان پەرداز بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل ئۇسۇل ھازىرمۇ قوللىنىلماقتا.

14 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭ رايونىدا ئىسلاملىشىش ئاساسەن ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن، ئاياللارنىڭ پەرداز ئۇسۇللىرىمۇ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ پەرداز ئۇسلۇبىنى ئۆرنەك قىلغان ھالدا ئاساسەن بىر خىللاشقان.

قىسقىسى، يۇرتىمىزنىڭ يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى ئۇۋچىلىق تۇرمۇشىدىن باشلانغان ئەڭ ئىپتىدائىي گىرىم - پەرداز قىلىش ئۇسۇلى قەدىمكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە دەۋرلەرنىڭ ئالمىشىشىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ، دىيارىمىزنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت مەدە-

نىيىتىگە ۋە مىللىي مەدەنىيىتىمىزگە يېڭىچە سەھىپە قوشقان. شۇنداقلا، دىيارىمىزنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا - تىياتىر سەنئىتى، كىيىم - كېچەك، گىرىم - پەرداز مەدەنىيىتى شەرق ئاياللىرىنىڭ پەرداز قىلىش ۋە ياسىنىش ئۇسۇللىرىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتقان.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە ئىزاھلاپ ئۆتۈش لازىمكى، دىيارىمىزدا ياشىغان قەدىمكى ئۇيغۇر ئاياللىرى ئەڭ دەسلەپ قوللانغان گىرىم - پەرداز ئۇسۇللىرىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋاننىڭ قېنىنى يۈزىگە سۈرتۈۋېلىش ئادىتى ھازىرمۇ خەلقىمىز ئارىسىدا مەۋجۇت. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تېرىسىنى تىلىپ، كېسىپ پەرداز قىلىش ئۇسۇلىدىن قالغان قۇلاق تېشىش ئادىتى، قول ۋە بەدەنلىرىگە ھەر خىل شەكىللەرنى چېكىش ئۇسۇلى، بىرونزا دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن ئۇپا، ئەڭلىك سۈرۈش ۋە قاشلىق ئېتىش ئادىتى، قاراخانىيلار دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن يۈز ئېلىش ۋە قاش تېرىش ئۇسۇللىرى ھازىرغىچە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ گىرىم - پەرداز ئۇسۇللىرى بولۇپ كەلگەن.

قەدىمكى ئۇيغۇر ئاياللىرى تارىختىن بۇيان گۈزەللىكنى سۆيگەن. ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشىنى يالغۇز كىيىم - كېچەك ۋە زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىدىلا ئىپادىلەپ قالماستىن، يەنە ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش، گىرىم - پەرداز بۇيۇملىرى جەھەتتىمۇ ئۆزگىچىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئەزەلدىن گۈزەللىكنى سۆيگەن، گۈزەللىككە ئىنتىلگەن ۋە گۈزەللىكتىن بەھرە ئېلىپ كەلگەن لاتاپەتلىك، نازاكەتلىك، ساھىبجامال ئۇيغۇر ئاياللىرى قەدىمدىن تارتىپ ھۆسن گۈزەللىكىگە ئېتىبار بېرىپ كەلگەن، شۇنداقلا گۈزەللىك يارىتىش ئەمەلىيىتى داۋامىدا ئۆز زېمىنىدا ئۆسىدىغان ياكى تېرىلىدىغان، ئەمما سۈنئىي پەرداز بۇيۇملىرىدىن پەرقلىق بولغان بىر يۈرۈش تەبىئىي گىرىم - پەرداز بۇيۇملىرىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىشلىتىدىغان تەبىئىي پەرداز بۇيۇملىرى ئىشلىتىلىش دائىرىسى جەھەتتىكى چاچ، قاش، قاپاق، مەڭز، ئېغىزدىن تارتىپ قول - پۇتقىچە بولۇپ، ئىلمىيلىكى، خىلىنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتىمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

بۇ پەرداز بۇيۇملىرىنىڭ كۆپ قىسمى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلاردىن، بەزىلىرى مىنېرال ماددىلاردىن بىۋاسىتە ئېلىنىدۇ. ئۇزۇن يىللىق ئىشلىتىلىش ئەمەلىيىتى ئۇلارنىڭ ئادەم تېنىگە پايدىلىق، ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى، ئەكس تەسىرىنىڭ يوقلۇقىنى، شۇنداقلا بەزىلىرىنىڭ ھەر خىل كېسەللەرنىڭ داۋاسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. ئۇيغۇر ئاياللىرى قەدىمدىن بۇيان بىرقەدەر كەڭ قوللىنىدىغان پەرداز بۇيۇملىرى مۇنداق بولغان:

**1. يۈز قىسمىغا ئىشلىتىلىدىغان گىرىم - پەرداز بۇيۇملار:**

1) قاش ۋە كۆزگە ئىشلىتىدىغان گىرىم - پەرداز بۇيۇملىرى:

(1) ئوسما — ئۇيغۇر قىز - چوكانلىرى قەدىمدىن ئىشلىتىپ كەلگەن تەبىئىي قاش پەردىزى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قېشىنى قارايتىش، ئۇزۇن ۋە سۇمباتلىق ئۆستۈرۈش، چىرايىنى چىرايلىق، پارقىراق قىلىش، ئەسلىدىكى ھۆسنىگە تېخىمۇ گۈزەل، يارىشىملىق ھۆسن قوشۇش رولىنى ئويناپ كەلگەن. ئۇيغۇر ئاياللىرى ۋە قىز - چوكانلىرى كۆك ئوسمىنى سىقىپ، سۈيىگە ئۆچكە يېغىنى ئارىلاشتۇرۇپ قىشنىڭ تەييارلىقىنىمۇ قىلىۋالغان. بۇ تاش ئوسما دەپ ئاتىلىپ، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە قاشلىرىغا ئىشلەتكىلى بولغان. ئۇيغۇر ئاياللار ۋە قىز - چوكانلارنىڭ قارىشىچە، ئوسما قاشنىڭ ئۇزۇقى ۋە ئۇسسۇزلۇقى بولۇپ، داۋاملىق ئوسما قويسا، قاش قارىيىپ چىرايىنى گۈزەللەشتۈرىدىكەن.

(2) سۈرمە: بۇ بىر خىل كۆل رەڭ ۋە قارا رەڭدىكى مېتالدەك پارقىراق مىنېرال ماددا بولۇپ، شىنجاڭنىڭ كۆپ جايلىرىدىن چىقىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۇنى تالقاندەك ئېزىپ پەلكۈچ بىلەن قاپىقىغا ۋە كىرپىكىگە تارتىدۇ. سۈرمە كۆزنى ئاسراش رولىنى ئوينايدۇ.

(3) ئىگىر: ئىگىر كۆپ يىللىق، پۇراقلىق، سۇ ئىچىدە ئۆسىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۇنى چالا كۆيدۈرۈپ قاشلىق ئورنىدا ئىشلىتىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، قاشنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن قىچىنى ئېزىپ، ئازراق سۇ بىلەن قايىنىتىپ قېشىغا سۈرىدىغان ئادەتمۇ بار.

2) مەڭز ۋە ئېغىزغا ئىشلىتىدىغان پەرداز بۇيۇملىرى:

ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئۇپا، ئەڭلىك ئىشلىتىش تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن.

(4) ئەڭلىك: ئۇپا، ئەڭلىك سۆزلىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىمۇ بار. ئۇنىڭدا ئەڭلىككە «خوتۇنلار يۈزىگە سۈرىدىغان ئاچ قىزىل بوياق» دەپ چۈشەنچە بېرىلگەن (1 ـ توم 156 ـ بەت). جىن سۈيباۋنىڭ «قەدىمكى ۋە بۈگۈنكىگە ئىزاھات» ناملىق كىتابىنىڭ 2 ـ توپلىمىدا «زاراڭزىنىڭ يوپۇرمىقى چوڭ خوخا تىكەننىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، گۈلى ماماكاپىنەككە ئوخشايدۇ. غەربتىن چىقىدۇ. يەرلىكلەر ئۇنى بوياق ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. ئۇنى ئەڭلىك قىلغىلىمۇ بولىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ يەردىكى «غەرب» ئۇيغۇرلار ھازىرغىچە ئىزچىل ياشاپ كەلگەن بۇ گۈزەل يۇرتىمىزنى كۆرسىتىدۇ. خەنزۇچە كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە، غەربىي خەن دەۋرىدە ھۇنلار، دىڭلىڭلار پائالىيەت قىلغان چىلانتاغ (چىلەنشەن) تېغى ئەتراپىدا زاراڭزا كۆپ ئېرىلغان. شۇڭا، ھازىرقى چىلانتاغ (چىلەنشەن) تېغى بىلەن ئەجدىھا تېغى (لۇڭشەن) ئوتتۇرىسىدىكى تاقىر تاغدا (خۋاڭشەن تېغى) «ئالچى تېغى»، زاراڭزا تېغى، ئەڭلىك تېغى دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە[77].

چىلانتاغ (چىلەنشەن) تاغلىرى ئەتراپلىرىدا ئەينى چاغلاردا ھۇنلار ۋە دىڭلىڭلار ياشىغان بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھۇنلار ئاياللىرىنى «ئالچى» دەپ ئاتايدىكەن. بۇ بەلكىم ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئالچى تېغىدىن چىقىدىغان زاراڭزىدىن ئەڭلىك ئورنىدا پايدىلانغانلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن ۋە ياكى «ئالچى» سۆزى «ئال» بىلەن «چى»نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ھال رەڭنى ئىشلەتكۈچى» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇشى مۇمكىن. ھازىرمۇ دىيارىمىزنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدىكى ئۇيغۇر ئاياللار ۋە قىز ـ چوكانلار زاراڭزا ۋە قىزىل گۈلدىن بوياق ۋە ئەڭلىك ئورنىدا پايدىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار بەزىدە ئالۇچا بىلەن قىزىل گۈلنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ سۈيىنى ئەڭلىك ۋە لەۋ پەردىزى ئورنىدا ئىشلىتىدۇ.

(5) قېتىق: ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئىچىملىك تۈرى. يېزا ئاياللىرى ئىشقا چىققاندا يۈزىگە كۆپىنچە قېتىق سۈرۈۋالىدۇ. قېتىق تېرىنى سىلىقلاشتۇرىدۇ، ئاقارتىدۇ، ئاپتاپتا كۆيۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىشتىن ساقلايدۇ[78].

ئۇيغۇر ئاياللىرى ئوبدان پىشقان تاتلىق قوغۇننىڭ سۈيىنى يۈزىگە سۈرتىدۇ، بۇنى ئۈزلۈكسىز سۈرۈپ بەرسە، يۈزنى سىلىقلاشتۇرۇپ، پارقىرىتىپ، قورۇق چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، دەپ قارايدۇ. تەرخەمەكنىڭ پوستىنى قورۇق چۈشكەن يەرگە سۈرۈپ بەرسە، قورۇقنى ئازايتىش رولىنى ئوينايدۇ، دەپ قارايدۇ.

2. چاچ ئاسراش بۇيۇملىرى

ئۇيغۇر ئاياللىرى چېچىنىڭ كۆپلۈكى ۋە ئۇزۇنلۇقى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. ئۇلار چاچلىرىنى ئاسراش ئەمەلىيىتى داۋامىدا نۇرغۇن چاچ ئاسراش ۋە كۆركەملەشتۈرۈش بۇيۇملىرىنى ياراتقان.

ياغلىقارا: بۇ سۆزنىڭ سۆز مەنىسى، ياغلىسالغ قارا بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر.
ئاياللار بادام مېغىزى ۋە شاپتۇل مېغىزىنى كۆيدۈرۈپ يېغىنى چاچ يىلتىزى، چاچ ۋە قېشىغا سۈرىدۇ. بۇ ياغلىقارا دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ چاچنى قارايتىدۇ، قورۇق چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ۋە پارقىرىتىدۇ.
سىيادان: سىيادان دىيارىمىزنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتى. ئۇيغۇر ئاياللىرى ۋە قىز - چوكانلىرى چېچىنى قارايتىش، چاچ چىقىرىش ئۈچۈن چاچ يىلتىزىغا سىيادان يېغى سۈرىدۇ. چاچنى تۇخۇمنىڭ ئېقى بىلەن يۇيۇپ، ئاندىن سىيادان يېغى سۈرسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.
قارىمۇچ ۋە پىياز: ئۇيغۇرلار قارىمۇچ بىلەن پىيازدىن ئايرىلالمايدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى ۋە قىز - چوكانلىرى قارىمۇچ بىلەن پىيازنى قايناتىپ چاچنى يۇسا چاچ تېتىك ئۆسىدۇ، دەپ قارايدۇ.
3. باشقا ئەزالارغا ئىشلىتىدىغان تەبىئىي پەرداز بۇيۇملىرى.
1) تەنگە ئىشلىتىلىدىغان خۇش پۇراق بۇيۇملار:
ئىپار: ئەركەك ئىپار كېيىكنىڭ كىندىكىنىڭ تۆۋەنرەك تەرىپىدىكى ئىپار خالتىسىدىن ئاجرىلىپ چىقىدىغان ناھايىتى خۇش پۇراق سۇيۇقلۇق.
بۇرۇن دىيارىمىزدىكى ئالتاي ۋە تەڭرىتاغلىرىدا ئىپار كېيىكى كۆپ بولۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭ ئىپارىنى ئەتىر ئورنىدا ئىشلەتكەنىدى. بۇنىڭ مىسالى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىمۇ ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدا «مەن ئىپار چاچتىم» دەپ خاتىرىلەنگەن (2 - توم 3 -، 6 - بەت). ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىپارخانىنىڭ ئۈستىبېشىدىن خۇش پۇراق چېچىلىپ تۇرغاچقا، ئىپارخان دەپ ئاتالغانىكەن. بۇ بەلكىم ئىپارخانىنىڭ ئوردىغا مېڭىش ۋاقتىدا ئىپار سۈيى بىلەن يۇيۇنغانلىقى ياكى ئىپار چاچقانلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن[49].
ئۇيغۇر ئاياللىرى ۋە قىز - چوكانلىرى يەنە سەندەل، زەپەر، ئەنبەر، پىلپىل، لاچىندانە قاتارلىقلارنىمۇ پۇراقلىق بۇيۇم ئورنىدا ئىشلەتكەن.
2) قولنى گۈزەللەشتۈرۈش بۇيۇمى:
ئۇيغۇر ئاياللىرى ۋە قىز - چوكانلىرى قول - پۇتلىرىنىڭ گۈزەللىكىگىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇلار ياز كۈنلىرى قولىغا (پۇتىغا) خېنە قويىدۇ. خېنە بىر يىللىق تاق غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇنى يۇمشاق چاناپ، ئازراق زەمچە قوشۇپ قولىغا، پۇتىغا ياقسا ئىچىدۇ. ئىچكەن يەر قىزىل ياكى ھال رەڭگە كىرىدۇ ۋە ئۇزاقىچە ئۆچمەي شۇ پېتى تۇرىدۇ. خېنە قويسا، قول ناھايىتى چىرايلىق كۆرۈنىدۇ، شۇنداقلا ئۇ يەنە پۇت - قول تەرلەش ۋە يېرىلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.
يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن تەبىئىي گىرىم - پەرداز بۇيۇملىرى ھەم ئەمەلىي ئىشلىتىلىش قىممىتىگە، ھەم گۈزەللىك قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ، ھازىرقى زامان خىمىيەۋى پەرداز بۇيۇملىرىغا قارىغاندا كۆپ ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە. ئۇ قەدىمدىن گۈزەللىكنى سۆيۈپ كەلگەن ئۇيغۇر ئاياللىرى ۋە قىز - چوكانلىرىنىڭ ئېستېتىك قارىشىنىڭ ۋە ئەقىل - پاراستىنىڭ يۈكسەك نامايەندىسىدۇر.


ئىزاھاتلار:
⑤⑤ دىلئارا ئابلىمىتنىڭ «ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ياسىنىش ئادەتلىرى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ژۇرنىلى»، ئۇيغۇرچە، 2001 - يىللىق 1 - سانىدا) ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ.
⑤⑥⑤⑦⑤⑧⑤⑨ مۇبارەك ئاۋۋت: «قەدىمكى غەربىي يۇرت ئاياللىرىنىڭ گىرىم سەنئىتى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، ئۇيغۇرچە، 2000 - يىللىق 3 - سان 53 — 61 - بەتلەرگە قاراڭ.

60 «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، ئۇيغۇرچە، 1997 ـ يىللىق 3 ـ، 4 ـ قوشما سان 56 ـ بەتكە قاراڭ.

61 «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، ئۇيغۇرچە، 1998 ـ يىللىق 5 ـ، 6 ـ قوشما سان 11 ـ، 113 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

62 مۇبارەك ئاۋۇت: «قەدىمكى غەربىي يۇرت ئاياللىرىنىڭ گىرىم سەنئىتى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، ئۇيغۇرچە، 2000 ـ يىللىق 3 ـ سان 53 — 61 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

63 ۋاڭ بىڭخۇا: «كۆنچى دەرياسى بويىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقنىڭ قېزىلىشى ۋە دەسلەپكى تەتقىقات»، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى، «تۇنجى نۇۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 332 ـ بەتكە قاراڭ.

64 65 66 ئابدۇقېيۇم خوجا: «يۇرتىمىز ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئارخېئولوگىيەسىدىن ئومۇمىي بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1987 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا قاراڭ.

67 ئەخمەت رىشىت، دولقۇن قەمبىرى: «تارىم ئارخېئولوگىيەسىدىكى بىر قېتىملىق زور تېپىلىش»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ژۇرنىلى»، 1986 ـ يىللىق 1 ـ سان 5 ـ بەتكە قاراڭ.

68 «شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى»، 1998 ـ يىللىق 5 ـ، 6 ـ قوشما سان، 11 ـ، 12 ـ بەتلەردىن ئېلىندى.

69 70 لى شياۋبىڭ: «جۇڭگو غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات»، 1995 ـ يىلى 8 ـ ئاي، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 193 — 195 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

71 «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، ئۇيغۇرچە، 1999 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا قاراڭ.

72 73 لى شياۋبىڭ: «جۇڭگو غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات»، 1995 ـ يىلى 8 ـ ئاي، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 193 — 195 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

74 مۇبارەك ئاۋۇت: «قەدىمكى غەربىي يۇرت ئاياللىرىنىڭ گىرىم سەنئىتى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، ئۇيغۇرچە، 2000 ـ يىللىق 3 ـ سان، 53 ـ، 61 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

75 لى شياۋبىڭ: «جۇڭگو غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات»، 1995 ـ يىلى 8 ـ ئاي، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 193 — 195 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

76 مۇبارەك ئاۋۇت: «قەدىمكى غەربىي يۇرت ئاياللىرىنىڭ گىرىم سەنئىتى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، ئۇيغۇرچە، 2000 ـ يىللىق 3 ـ سان 53 ـ، 61 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

77 78 79 راھىلە داۋۇت: «ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تەبىئىي گىرىم بۇيۇملىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلى، 1989 ـ يىللىق 12 ـ سان، 21 ـ، 23 ـ بەتلەردىن ئېلىندى.

(ئاپتورى جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىدا)

ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

# تەۋەررۈك قەدىمكى ئەسەرلىرىمىزنى قوغدىغان، مۇستەھكەملىۋالغان، تۈزۈمگە سالغان…

# تەۋەررۈك قەدىمكى ئەسەرلىرىمىزنى قۇتقۇزۇپ، پارلاق مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلايلى

ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم يازما يادنامىسى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى ھەمدە جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىنىڭ، شۇنداقلا دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇ تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، مەزمۇنىنىڭ موللۇقى ۋە سىستېمىلىقلىقى، مىللىي خاسلىقى، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. شۇڭا، رەئىس ماۋ زېدۇڭ «ئۇيغۇلار ئۇزۇن تارىخي ئەنئەنىگە ئىگە قەدىمىي مىللەت، ئۇلارنىڭ مول تارىخىي مەدەنىيىتى بولۇپ، ئىچكى جايلارغىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەن» دەپ باھا بەرگەن①. ئۇيغۇرلار ياۋرو - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ كىندىكىدە، قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ئاساسلىق تۈگۈنىدە ئولتۇراقلاشقان.

ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تىل - يېزىق مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرى ھېسابلىنىدۇ، ئۇنى توپلاپ، رەتلەپ، نەشر قىلىپ، قۇتقۇزۇپ قوغداش، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مول مەزمۇنىنى مەركەزلىك ھالدا نامايان قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىنى ھەم ئىنسانلار مەدەنىيىتىنى ئورتاق بەرپا قىلىشتا قوشقان تۆھپىسىنى ئەكس ئەتكۈزۈش بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش، مىللىي غۇرۇرنى ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى ئاشۇرۇش، قەدىمكىنى ھازىر ئۈچۈن، كونىنى يېڭىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مىللەتلەرنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇشتا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلارنىڭ مىللىي ئىپتىخارىنى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك روھىنى يېتىلدۈرۈشتە، شۇنداقلا ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىنى يەنى ئۇزاق تارىخقا، كۆپ خىل تىل - يېزىققا، رەڭدار مەزمۇنغا، ئۆزگىچە ئەنئەنىۋى سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم رېئال ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، قۇتقۇزۇش، تەتقىق قىلىش، قوغداش خىزمىتى مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىشقا ھەم گۈللەندۈرۈشكە، ئەۋلادلارنى تەربىيەلەشكە مۇناسىۋەتلىك بولغان، «ھازىرقىلار ئەجىر قىلىپ، كېيىنكىلەرگە بەخت يارىتىدىغان خاسىيەتلىك خىزمەت». ئۇيغۇرلار دۇنيا مەدەنىيىتىگە مۇھىم تۆھپە قوشقان قەدىمىي مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇلارنىڭ «قوتادغۇ بىلىك»، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلىرى بار. ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە مىللىي ئالاھىدىلىككە، چوڭقۇر تەسىرچانلىققا، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىرلەردىلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تەڭرىتاغ تىزمىلىرى، ئورقۇن - ئاناساي دەريا ۋادىسى، پامىر ئېگىزلىكى، قارا قورۇم تاغلىرى، تارىم ئويمانلىقى، جۇڭغار ئويمانلىقى، ئالتاي تاغلىرى، ئىلى دەريا ۋادىسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا ياشاپ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن.

ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللاردىن ئىسپاتلىنىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تىلى 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە[2]. بۇ ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭمۇ 2000 يىلدىن ئارتۇق شانلىق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا ئۇيغۇرلار ئالاقە ئىستېمال ئېھتىياج ھالقىلىرىدا ھەرخىل ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەرخىل يېزىقلارنى قوللانغان. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار تارىختا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۈرك يېزىقى، ئۇيغۇر يېزىقى، بىراخمى يېزىقى، مانى يېزىقى، سوغد يېزىقى، سۈرىيە يېزىقى، كاروشتى يېزىقى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىنكى ئەرەب يېزىقى قاتارلىقلارنى قوللانغانلىقىنى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى قېزىش جەريانىدا يىغىۋېلىنغان قەدىمكى يازما ھۆججەتلەر، ئېتىبار بېرىشكە ئەرزىيدىغان قەبرە تەزكىرىلىرى، مەڭگۈ تاش، مېتال - تۆمۈر، ياغاچ - تارىشا پۈتۈكلەر، تېرىغا يېزىلغان بېغىشلىمىلار، ھەرخىل توقۇلما - ماتالار، بۆز بۇيۇملىرىغا بېسىلغان، كەشتىلەنگەن يازما يادىكارلىقلار، خەت - چەكلەر، شۇنداقلا 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيەچى، ئارخېئولوگلار تۇرپان، تەكلىماكان رايونلىرىدىن ئېلىپ كەتكەن 19 خىل تىل، 24 خىل يېزىقتا يېزىلغان قىممەتلىك يادىكارلىقلار ۋە قېلىپ قالغان قالدۇق يازما يادىكارلىقلار ئۇنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىسپاتلايدۇ. شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، دىيارىمىزدىن تۈرلۈك قەدىمكى يېزىقلارنىڭ بايقالغانلىقى ھەممە بىر قىسىم كۆپ خىل تىل - يېزىقلىق ئەدىب ۋە زىيالىلىرىمىزنىڭ باشقا تىل - يېزىقلاردا ئەسەر ياراتقانلىقى، ئىجادىي رەۋىشتە ئەسەر تەرجىمە قىلغانلىقى ھەرگىزمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىختا شۇ خىل يېزىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ قوللانغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. مەسىلەن، ئەجدادلىرىمىز سانسكرىت، خەنزۇ، سۈرىيە، ئەرەب، پارس قاتارلىق تىل - يېزىقلاردا ئەسەر ئىختىرا ۋە تەرجىمە قىلغان بولسىمۇ، بۇ يېزىقلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ قوللانغان ئەمەس.

ئۇيغۇرلار خېلى بۇرۇنلا مەملىكىتىمىزدە مەتبەئە ئىشلىتىپ ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ ئېلىپبەلىك يېزىقىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرغان. تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان مىلادىيە 7 - ئەسىرگە تەۋە ئۇيما تامغا مەتبەئەسىدە بېسىلغان بۇددىزم رەسىملىرى، يازما يادىكارلىقلار ھازىر تۇرپان ۋىلايەتلىك مۇزېيدا ۋە گېرمانىيەنىڭ بېرلىن مۇزېيىدا ساقلانماقتا. تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇر ياغاچ مەتبەئە ھەرپى، مەتبەئە سايمانلىرى، ئىشلىتىشكە كېسىپ تەييارلانغان چاسا قەغەزلەر ۋە يىپەك يولىغا جايلاشقان نۇرغۇن قەدىمىي خارابىلەردىن تېپىلغان مەتبەئەدە بېسىلغان ئۇيغۇرچە ئەسەرلەر، قوللانما ۋە كىتابچە، ۋاراق قالدۇقلىرى بۇنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەتبەئە تېخنىكىسى ئۇيغۇرلار ئارقىلىق غەرب ئەللىرىگە تارقالغان. بۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان زور تۆھپىسى دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار مەتبەئەلىك ھەرپ ئارقىلىق مەزمۇنلارنى ياغاچقا ئويۇۋېلىپ، ھەرخىل رەڭ - سىياھ ئارقىلىق قەغەزگە بېسىپ چىققان ياكى ھەرپلەرنى تامغا قىلىپ ئويۇۋېلىپ، قايسىسى لازىم بولسا شۇنى قول بىلەن قەغەزگە بېسىپ قوللانما ياكى كىتاب قىلىپ ئىشلەپ چىققان. دۇنخۇاڭ، تۇرپان، توقسۇن قاتارلىق جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش خاتىرىلىرىدىن قارىغاندا، بۇ جايلاردىكى نوم ساقلاش غارلىرىدىن تېپىلغان ئۆز ئەينى بويىچە رەتلىك، سىپتا ساقلانغان بۇددا دىنى، مانى دىنى ۋە ھەرخىل مەدەنىيەت تۈرىگە ئائىت يادىكارلىقلاردا مەيلى بۇتخانا خارابىلىرىنى قازغاندا ياكى بىرنەچچە ئون سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى بىر - بىرىگە چاپلىشىپ كەتكەن پارچە - پارچە قول يازما قەغەز پارچىلىرىدا خاتىرىلەنگەن بۇددا دىنى، مانى دىنى ۋە بۇ خىل دىنىي مەدەنىيەتكە دائىر يادىكارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇر، تۈرك، سانسكرىت يېزىقىدا ۋە بەت نومۇرى خەنزۇچە، ھەرپى سۈرىيە يېزىقىدا مەتبەئە بىلەن بېسىلغان ۋە قولدا كۆچۈرۈلگەن يازما ۋەسىقىلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ[3]. ئەمما، ئىسلام دىنىنىڭ 10 -

ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى قاراخانىيلار سۇلالىسى تەرىپىدىن ئىستىراپ قىلىنىپ، 14 ـ، 15 ـ ئەسىرلەردە ئۇ يەردىن ھالقىپ بۇددا دىنى مەزھىپىدىكى قوچۇ ـ تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىغا يېتىپ كېلىشى ۋە ئومۇملىشىشى ئۇلاردىكى مەتبەئە باسمىچىلىقىنى، مەدەنىيەت ئاساسلىرىنى ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى، ئىبادەتخانىلار چېقىلىپ، راھىبلار، بۇددىستلار ئۆلتۈرۈلدى. بۇ خۇددى 11 ـ ئەسىردە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە:

كەلگىنىمىزلەيۇ ئاقتىمىز،
كەندلەر ئۇزە چىقتىمىز.
فۇرخان ئەۋىن يىقتىمىز،
بۇرخان ئۇزە سىچتىمىز.

(كەلكۈن بولۇپ ئاقتۇق، كەنتلەرنىڭ ئۈستىگە چىقتۇق، بۇتخانىنى يىقىتتۇق، بۇت ئۈستىگە چىچتۇق) دېگەندەك ئەھۋال بولۇپ، بۇددا مەزمۇنىدىكى كىتابلار يىرتىلىپ، چەيلىنىپ ئوتتا كۆيدۈرۈلدى. مەتبەئە ھەرپلىرى ۋە سايمانلىرى چېقىپ تاشلاندى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دەۋردە ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى كونا ئۇيغۇر يېزىقى ئىسلام دىنىنىڭ قەدىمى يەتكەنلىكى جايغا سىڭىپ كىرىپ ئۆزلىشىۋاتقان بولغاچقا، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ رولى بۇرۇنقىدەك كۈچلۈك بولماي، 15 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە بارا ـ بارا قوللىنىشتىن قالدى. مۇشۇنداق شارائىتتا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەتبەئەنى يەنە ئىشلىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە ئىمكانىيىتى قالمىدى. ئۇيغۇرلار مەتبەئە تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلانغاندىن باشقا، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ خېلى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكۈزدى. لېكىن، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۆز مەتبەئە تېخنىكىسىنى ئەرەب تىلى ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىققا مۇۋاپىقلاشتۇرالماي، بۇرۇنقىدەك كىتابنى قولدا كۆچۈرىدىغان قالاق ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. مەسىلەن، «قۇتادغۇ بىلىك»، «ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق»، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»لەر قولدا كۆچۈرۈلگەن.

ئۇيغۇرلاردا كىتاب ئوقۇش، كىتاب كۆچۈرۈش ۋە بېسىپ تارقىتىش مىلادىيە 4 ـ ئەسىرلەردە مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن، كۇچالىق كۇمراجىۋا (344 ــ 413) سانسكرىتچىدىن خەنزۇچىغا بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلغان. مۇشۇ دەۋرلەردە تۇرپان، كۇچا ۋە خوتەندە قەغەز ياساش ئۇستىلىرى، ئىشخانىلىرى، مەتبەئە ئۇستىلىرى ۋە باسمىخانىلىرى بولغان[4].

ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇيغۇرلاردا يېزىق تارىخى باشلانغاندىن كېيىن، مەكتەپ، مائارىپ ئىشلىرىغا تۇنجى ئاساس سېلىنغان ماكان قوچۇ ــ تۇرپان ھېسابلىنىدۇ. قوچۇ ئەينى زاماندا شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتى بىر ـ بىرى بىلەن سىڭىشىپ يۇغۇرۇلغان مەركىزىي تۈگۈن ئىدى. بۇ يەردە تۈرلۈك دىنلار ئەركىن پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئىبادەتخانىلار قۇرغان، مەكتەپ ئاچقان، كىتاب باسقان، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تارىخىدا بۇددا، مانى دىنى ۋە ئەدەبىياتقا دائىر كىتابلار ئەڭ كۆپ يېزىلىپ بېسىلغان، ساقلانغان جايمۇ ئەنە شۇ قوچۇ ــ تۇرپان ئىدى. بۇ يەردىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار تۈمەن پارچىدىن ئارتۇق. شۇڭا، كىشىلەر قوچۇ ــ تۇرپاننى «ئەينى زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەر ئاستى كۇتۇپخانىسى» دەپ ئاتىغان[5]. مىلادىيە 5 ـ ئەسىردە تۇرپاندا ئويما تامغا مەتبەئەدە بېسىلغان بۇددا رەسىملىرىنىڭ ئۆرنەكلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، 300 پارچىدىن ئارتۇق بۇددا نومى پارچىلىرى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ياخشى ساقلانماقتا. بۇنىڭ ئىچىدە سانسكرىت، توخرى، ساك، بىراخما، تۈرك، ئۇيغۇر، تۇبۇت، مانى يېزىقلىرىدا يېزىلغان ئەسەرلەرمۇ كۆپ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئېلىمىزنىڭ لياۋنىڭ ئۆلكىسى دالىيەن شەھىرىنىڭ لۈشۈن مۇزېيىدا تېخى رەتلەنمىگەن ئالتە خالتىدا ھەر-

خىل يېزىقتىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنىڭ قالدۇق پارچىلىرىمۇ ئۆز پېتى ساقلانماقتا[6]. چەت ئەل ساياھەتچىلىرى ۋە ھەرخىل تەكشۈرۈش ئەترەتلىرى شىنجاڭنىڭ تېخى ئېچىلمىغان مەدەنىيەت خەزىنىسى ئىكەنلىكىنى بايقىغاندىن كېيىن، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغىچە چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا، جۈملىدىن نۇقتىلىق ھالدا شىنجاڭ رايونىغا كەينى ـ كەينىدىن ساياھەتچىلىرىنى، ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئەترەتلىرىنى ۋە ئالىملىرىنى ئەۋەتىپ، رايونىمىزدا كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇنىڭ ئىچىدە چارروسىيە كۆپ قېتىم، ياپونىيە ئۈچ قېتىم، ئەنگلىيە تۆت قېتىم، گېرمانىيە تۆت قېتىم، فىرانسىيە ئىككى قېتىم، بۇلاردىن باشقا، ئامېرىكىمۇ ۋارنېر قاتارلىق تەكشۈرگۈچىلەرنى ئەۋەتىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ناھايىتى كۆپ بىباھا يازما يادىكارلىقلارنى قولغا چۈشۈرۈۋالغان. چەت ئەللىكلەر تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلگەن يازما يادىكارلىقلار سانىنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. مەسىلەن، روسىيەدە 27 مىڭ پارچە، ئەنگلىيەدە 24 مىڭ پارچە، گېرمانىيەدە 20 مىڭ پارچە، ھىندىستاندا 11 مىڭ پارچە، ياپونىيەدە 10 مىڭ پارچە، فىرانسىيەدە 6600 پارچە، كورېيەدە 2300 پارچە، فىنلاندىيەدە 270 پارچە، ئامېرىكىدا 100 پارچە، دانىيەدە 14 پارچە بولۇپ، جەمئىي 103 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق يازما يادىكارلىق چەت ئەللەردە ساقلانماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا، تۈركىيە، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان ۋە ئېلىمىزنىڭ لۈشۈن مۇزېيى، دۆلەتلىك كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ھەمدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىلىرى قاتارلىق ئورۇنلاردا ناھايىتى كۆپ ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ساقلىنىۋاتىدۇ. گېرمانىيەنىڭ 2 ـ قېتىملىق تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتى بىر قېتىمدىلا 284 ساندۇق يادىكارلىقنى 80 نەچچە تۆگىگە ئارتىپ ئېلىپ كەتكەن. نۇسخا سانى 16 مىڭغا يېتىدۇ. ئۇيغۇرشۇناس گابائىن خانىم (1901 — 1993) نىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ يەتتە چوڭ ئىشكاپى گېرمانىيەنىڭ تۆت قېتىملىق ئارخېئولوگىيە ئەترىتى قېزىۋالغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە قول يازمىلار ۋە ئويما تامغا خاتىرىلەر بىلەن تولغان[7].

تۇرپاندىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە، سوغدچە باسما ئەسەرلەردىن قارىغاندا، بەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ھەرپلەرنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى، بېسىلىش تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرىلىقى، ئوقۇشقا قولايلىق بولۇشى جەھەتتە ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن. تۇپلەش تېخنىكىسى جەھەتتە، ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئۆرۈمە، ئورام، قاتلىما، ئارقاق قاتلىما، كېپىنەك شەكىللىك، جىلدلىق، يىپلىق تۇپلىمە، قاسراق ـ چىگە بىلەن چىگىلگەن پارچە ـ پارچە قاتارلىق شەكىللەردە بولغان. دېمەك، بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلاردا كىتابەتچىلىك تېخنىكىسىنىڭ يالغۇز كۈندىلىك ئېھتىياج ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى سەنئەت پەللىسىگە كۆتۈرۈلگەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

«غەربىي رايوننىڭ جۇغراپىيەلىك تەزكىرىسى» دېگەن ئەسەرنىڭ 42 ـ بابىدا: «ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. ئۇلار تېخى بىرلىككە كەلمىگەن چاغلاردىمۇ مەدەنىيەت بۇيۇمى ۋە قەغەزلەرنى ئىشلەپچىقارغانىدى. ھايۋانلارنىڭ موي ـ قىللىرىنى ماتېرىيال قىلىپ قەلەم ياساپ ئىشلىتەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، قومۇش، ياغاچ، پەي قەلەملەرنى يېزىش قورالى قىلاتتى. مىسنى ماتېرىيال قىلىپ ياسىغان قۇتىغا پاختا ۋە شۇ خىلدىكى يۇمشاق نەرسىلەرنى سېلىپ، ئۈستىگە قارا كۈيۈكە قۇيۇپ سىياھ قىلىپ قەلەم چىلاشقا ئىشلىتەتتى. بۇنى «دۇۋەت» دەپ ئاتايتتى. ئۈجمە دەرىخىنىڭ ياش نوتىلىرىنىڭ قوۋزىقىنى ماتېرىيال قىلىپ قەغەز ياسايتتى. قەغەزنىڭ رەڭگى سۇس يېشىل، يۈزى پارقىراق بولۇپ، خۇددى گاۋلىگىزى قەغىزىگە ئوخشاپ كېتەتتى»[8]. دېگەن بايان بېرىلگەن. مانا بۇ بايانلار ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىيە 4 ـ ئەسىردىن بۇرۇنلا مەتبەئە، قەغەز ياساش، كىتاب تۇپلەش، بېسىش، شىرازلاش تېخنىكىسىنىڭ خېلى

تەرەققىي قىلغانلىقىنى، يېزىق قوراللىرىنى ئىجاد قىلىپ، ئۆزىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى خاتىرىلەپ ماڭغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مىلادىيە 8 ـ، 9 ـ ئەسىر ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا تارقالغاندىن باشلاپ ، ئەرەب يېزىقىمۇ «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس شەرىف» ۋە باشقا دىنىي ئەقىدىلەر مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەر ئارقىلىق ئۇيغۇرلارغا تارقىلىشقا باشلىدى. ئەرەب يېزىقىنىڭ تارقىلىشى بىلەن ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى پارس ھەرپلىرىمۇ كەڭ تارقىلىشقا باشلىدى. بۇنى غەربىي يۇرتتىكى تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئۆگىنىشكە باشلىدى. 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە تەڭرىتاغنىڭ شىمالى، جەنۇبىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرىدىن چاغاتاي خان ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردىكى «ئۇيغۇر تىلى» بولسا ئىسلاھ قىلىنغان ئەرەب يېزىقىدا خاتىرىلىنىپ «ئۇيغۇر تۈركچىسى» ياكى «ئۇيغۇر يېزىقى» دەپ ئاتالدى. بۇ يېزىق كېيىنچە ئەل ئىچىدە تەدرىجىي «كونا ئۇيغۇر يېزىقى» دەپ ئاتالدى. ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى ئۇيغۇر ـ تۈركچىسى بىلەن يېزىپ قالدۇرغان ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ تىلى ۋە يېزىقىنى ئىنچىكە تەكشۈرمەي، بىر قىسىم ئەجنەبىيلەرگە ئەگىشىپ ئاتىۋالغان ئاتالمىش «چاغاتاي يېزىقى» دېگەن سۆز ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ھەرقانداق يېرىدە ئۇچرىمايدۇ، ئۇلاردا پەقەت، ئەرەبىي، پارسىي، تۈركىي ياكى ئۇيغۇر تۈركچىسى دەپ يېزىلغان. مەسىلەن، « شاھنامەئى تۈركىي» دېگەندەك. شۇڭا، ئۇيغۇر تىلىنى ئىسلاھ قىلىنغان ئەرەب يېزىقى ئاساسىدا خاتىرىلەپ كەلگەن بۇ يېزىق كېيىنچە ئەل ئىچىدە تەدرىجىي «كونا ئۇيغۇر يېزىقى» دەپ ئاتالدى .

شۇ سەۋەبتىن ، ھازىر دىيارىمىزدا تارىخنىڭ ئۆلمەس گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ئەرەب يېزىقى، پارس يېزىقى، ئوردۇ يېزىقى، كونا ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان، كۆچۈرۈلگەن، بېسىلغان، قول يازما، تاش باسما، مىخ مەتبەئەدىكى قەدىمكى ئەسەردىن 15 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق بار. بۇ قەدىمكى ئەسەرلەر، گوۋۇيۈەن ۋە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەرنى قۇتقۇزۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە تارقاتقان «شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش ھەققىدىكى ھۆججىتى»نىڭ روھى بويىچە، 1983 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى قۇرۇلدى. ئىشخانا قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئىختىساسلىق ئادەمنى قوتقۇزۇش، كىتابنى قۇتقۇزۇش، ئىلىم ـ پەننى قۇتقۇزۇش بويىچە، يىغىش ـ توپلاشنى ئاساس قىلىپ، كونا ئۇيغۇر يېزىقى (ئاتالمىش چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى)دىكى قەدىمكى ئەسەردىن 2100 پارچە، ئەرەب يېزىقىدىكى قەدىمكى ئەسەردىن 630 پارچە، پارس يېزىقىدىكى قەدىمكى ئەسەردىن 870 پارچە، جەمئىي 3600 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەرنى يىغىپ ساقلاۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە 850 پارچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا 415 پارچە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا 360 پارچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانىدا 150 پارچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تىبابىتى تەتقىقات ئورنىدا 120پارچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە بەش پارچە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا توققۇز پارچە، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا 180 پارچە، تۇرپان ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا 325 پارچە، قومۇل ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا 52 پارچە، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا 33

پارچە، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا 1800 پارچە، خوتەن ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا 475 پارچە، قاراماي شەھەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا توققۇز پارچە، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا 43 پارچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى كۇتۇپخانىسىدا 60 پارچە قەدىمكى ئەسەر ساقلىنىۋاتىدۇ. يەنە مەرىپەتپەرۋەر، كىتابخۇمار خەلقىنىڭ قولىدا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئەسەرلەرمۇ ناھايىتى كۆپ. يېقىنقى يىللاردا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەش ئوبلاست، ۋىلايەتنىڭ 17 ناھىيەسىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ھەرقايسى ئوبلاست، ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيەلىك ئارخىپ ئىدارىلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش، باشقۇرۇش ئورۇنلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، تاموژنا، مەدەنىيەت يۇرتلىرى، كۇتۇپخانا، مەسچىت - خانىقا قاتارلىق ئورۇنلاردا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئەسەرلەر نەچچە ئون مىڭ پارچىدىن ئاشىدۇ.

ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ سانىلا كۆپ بولۇپ قالماستىن مەزمۇنىمۇ ناھايىتى مول، تۈرى جىق بولۇپ، ئۇلار سىياسىي، ئىقتىساد، سودا، دىن، مەدەنىيەت، تارىخ، جۇغراپىيە، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، سۇچىلىق، كارىزچىلىق، باغۋەنچىلىك، قەغەزچىلىك، مەتبەئەچىلىك، رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق، بىناكارلىق - مېمارچىلىق، تىبابەتچىلىك، تىل - ئەدەبىيات، دورىگەرلىك، سەنئەت قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، كاتالوگىنى ئىشلەش، نەشر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش ۋەزىپىسى ئىنتايىن ئېغىر ۋە مۇرەككەپ خىزمەت. شۇنداقلا، ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئېچىشنى كۈتۈپ تۇرغان ناھايىتى چوڭقۇر ھەم كەڭرى كەتكەن خەزىنە.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتى ئىشلەنگەن 30 يىلدىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىشى، ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە ھەمكارلىشىشى، ھەرقايسى كەسپىي خادىملار ۋە ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىنى سۆيىدىغان، قوللايدىغان، ھەر ساھە ئاممىسىنىڭ قىزغىن قوللىشى، ھەمكارلىشىشى، جاپالىق تىرىشىشى ئارقىلىق ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، قوغداش، كاتالوگىنى تۈزۈش، رەتلەش، نەشر قىلىش ۋە تەتقىقات جەھەتلەردە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

30 يىلدىن بۇيان 10 مىڭ پارچىدەك قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە ۋەسىقىلەر توپلاندى. 170 پارچىدەك ئۇيغۇرچە قەدىمكى ئەسەر رەتلىنىپ نەشردىن چىقتى. «مايتىرى سىمىت»، «قىسسەسۇل - ئەنبىيا»، «ئىسكەندەرنامە»، «مەلۇماتۇل - ئافاق» قاتارلىق 30 پارچە ئەسەر «دۆلەتلىك قىممەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر تىزىملىكى»گە كىردى. «جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگى»نى تۈزۈش خىزمىتى پىلان بويىچە ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن سانىنىڭ كۆپ بولۇشى، كىتاب تۈرىنىڭ جىقلىقى، تىلىنىڭ قەدىمىي ۋە مۇرەككەپلىكى قاتارلىق تۈرلۈك ئوبيېكتىپ سەۋەبلىك كاتالوگ تۈزۈش سۈرئىتى بىرقەدەر ئاستا بولدى. لېكىن، ئون يىل جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگى ئۇيغۇرلار تومى» (تاشپۈتۈك، ھۆججەت - ۋەسىقە، ئېغىز ئەدەبىياتى تۈرى)كاتالوگ تۈزۈش تېزىسى تەلىپىدىكى ئۆلچەم بويىچە پۇختا ھەم ئەستايىدىل ئىشلىنىپ، بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيەدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا 2011 - يىلى 12 - ئايدا جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈلدى .

2011 - يىلى 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى دۆلەتلىك مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى، مائارىپ مىنىستىرلىقى، پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىقى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، دۆلەتلىك ئاخبارات - نەشرىيات

باش مەھكىمىسى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، سەھىيە مىنىستىرلىقى، جۇڭگو تېبابىتى دورا ما- تېرىياللىرى ئىدارىسى قاتارلىق سەككىز مىنىستىرلىق، مەھكىمە ۋە كومىتېت بىرلىكتە 2007 - يىلى «گوۋۋيۈەن ئىشخانىسىنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەرنى قوغداش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرى»، 2008 - يىلى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى «ئاز- سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يولغا قو- يۇش پىكرى» ھەمدە 2010 - يىلى 5 - ئايدا مەركىزىي كومىتېت، گوۋۋيۈەن ئاچقان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، «شىن- جاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەرنى قوغداش خىزمىتىنى قوللاش توغرىسىدىكى ئۇقتۇ- رۇش»نى چۈشۈرۈپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەرنى قوغداش خىزمىتى لايىھە- سى»نى تۈزۈپ چىقتى. دېمەك، بۇ خىل شەرق شاملى ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش، قۇتقۇزۇش، رېمونت قىلىش، ئاسراش، قوغداش خىزمىتىنىڭ يەنە بىر قېتىملىق باھار شاملى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قوغداش ئاساس، قۇتقۇزۇش بىرىنچى، مۇۋاپىق پايدىلىنىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە قارىتىلىدۇ. دې- مەك، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، قۇتقۇزۇش، تەتقىق قىلىش خىز- مىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، پارلاق مەدەنىيىتىمىزنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش تولىمۇ زۆ- رۈر خىزمەت.

پايدىلانمىلار:

① ما شيەنپىڭ: «تاۋيۈەن ناھىيەسى مىللەتلەر تارىخى»، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تاۋيۈەن ناھىيەلىك كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ناھىيەلىك مىللەتلەر ئىشلىرى ئىشخانىسى، 2004 - يىلى 9 - ئايدا تۈزگەن؛ چېن زۇڭۋاڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «خوتەن ئۇيغۇرلىرى» (خەنزۇچە)، يۈلۇ نەشرىياتى، 1994 - يىلى 7 - ئاي نەشرى 17 - بەت؛ شىنجاڭ «مىللەت ۋە دىن» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 2006 - يىللىق 3 - سان 25 - بەت.

② «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 1992 - يىلى 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان «ماۋ زېدۇڭ- نىڭ سەيپىدىن ئەزىزىنى پارتىيەگە تونۇشتۇرۇشى» ناملىق ماقالە.

③ ئابدۇقەييۇم خوجا، ئىسرائىل يۇسۇپلەر تۈزگەن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىلى 8 - ئاي نەشرى، 9 -، 10 -، 23 - بەتلەر.

④⑤ «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، 2003 - يىللىق 2 - سان؛ ئابدۇرېھىم سابىت تۈزگەن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئە- دەبىياتى تارىخى»، 1982 - يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى باستۇرغان، 39 - بەت؛ «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى توغرىسىدا بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 - يىلى 7 - ئاي نەشرى، 11 -، 132 - بەتلەر.

⑥⑦ ئابدۇللا تالىپ: «ئۇيغۇر ماتارىپ تارىخىدىن ئوچېرىكلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىلى 12 - ئاي نەشرى، 23 - بەت.

⑧ «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»، 2003 - يىللىق 1 - سان.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئازسانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسىدا)

# ئۈچ ئوغۇل

توپلاپ رەتلىگۈچى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

بۇرۇنقى زاماندا، بىر ئادەمنىڭ ئۈچ ئوغلى بار بولۇپ، ئۈچىلىسى بىر ـ بىرلەپ توي قىلىش يېشىغا يېتىشكە باشلاپتۇ. ئالدى بىلەن چوڭ ئوغۇل ئۆيلىنىپتۇ. چوڭ ئوغۇلنىڭ خوتۇنى ناھايىتى بىدەم بولۇپ، ئېرىنى باشقۇرىدىكەن، قانداقلا ئىش قىلغۇسى كەلسە، ئېرىدىن سورىماي قىلىۋېرىدىكەن. ئوتتۇرانچى ئوغۇل بىلەن كەنجى ئوغۇل ئاكىسىنىڭ خوتۇنىنى باشقۇرالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، پات ـ پات ئاكىسىنى زاڭلىق قىلىدىكەن. ئاكىسى ئۇكىلىرىغا:

— سىلەرمۇ بىر كۈنى خوتۇن ئالسىلەر، كالىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن موزاينىڭ بېشىغىمۇ كېلىدۇ. قېنى كۆرەرمىز، خوتۇنۇڭلارنى قانداق باشقۇرىدىكەنسىلەركىن، — دەپ قويىدىكەن.

ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ ئوتتۇرانچى ئوغۇل ئۆيلىنىپتۇ. ئۇنىڭ ئالغان خوتۇنى يەڭگىسىدىنمۇ ئۆتە بىشەم بولۇپ، ئېرىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدىغان، ھەتتا قېيىن ئاتا ۋە قېيىن ئانىسىغا يانىدىغان چىقىپ قاپتۇ. كەنجى ئوغۇل بولۇۋاتقان ئىشلارغا چىدىماي:

— ئاكىلار، خوتۇنۇڭلارنى ياخشىراق باشقۇرساڭلار بولمامدۇ، — دەپتۇ. ئاكىلىرى ئۇنىڭغا:

— سەنمۇ خوتۇن ئالغاندا بىلىسەن، — دەپ قويۇپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ كەنجى ئوغۇلغىمۇ توينىڭ قەدىمى يېتىپتۇ. توي كۈنى كەچلىكى كەنجى ئوغۇل سىرتتىن بىر قۇچاق ئوتۇن ئېلىپ كىرىپ ئوچاققا ئوتۇن سالغىلى تۇرۇپتۇ. كېلىنچەك بۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ بىر چەتتە قاراپ تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا ئۆيدىكى ئالا مۇشۇك ئاستا كېلىپ كەنجى ئوغۇلنىڭ پۇتىغا بەدىنى سۇركەپتۇ. كەنجى ئوغۇل مۇشۇكنى بىرنى تېپىپ ئۇچۇرىۋېتىپتۇ. كېلىنچەك بۇنى كۆرۈپ قورققىنىدىن تىترەپ كېتىپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: «ۋاي خۇدايىم، تازىمۇ ئاچچىقى يامان بىر ئەرگە تېگىپتىمەن، كېيىن قانداق قىلارمەن؟» دەپ خىيالغا پېتىپتۇ. كەنجى ئوغۇل ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئىشىنى داۋام قىپتۇ. تۈن نىسپى بولغاندا، كېلىنچەكنىڭ تەرىتى قىستاپ كېتىپتۇ، ئۇ ئەمدى سىرتقا چىقاي دېيىشىگە، سىرتتىن ئېشەكنىڭ ھاڭرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. كەنجى ئوغۇل قولىغا كالتەك ئېلىپ ئېشەكنى راسا ئۇرۇپتۇ. ئېشەكنىڭ ئۈنى ئۆچۈپتۇ. بۇ بىرقاتار ئىشلارنى كۆرگەن كېلىنچەك ئۈنمۇ چىقارماي يىغلاشقا باشلاپتۇ. تاڭ سۈزۈلگەندە، كېلىنچەك ئېرىگە ئاستاغىنا:

— تەرەتكە چىقىپ كىرسەم بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

كەنجى ئوغۇل چىقىپ كىرىشكە ئىشارەت قىپتۇ. كېلىنچەك ئۇچقاندەك چىقىپ، ئىشىنى تېزلا تۈگىتىپ قايتىپ كىرىپتۇ. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلا ـ ئارانلارنى تازىلاپ، ناشتىلىق تەييارلاپتۇ. بۇ ئىشلارنى كۆرگەن ئاكىلىرى ئىنىسىنى چاقىرىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ.

— ئاكىلار، — دەپتۇ كەنجى ئوغۇل، — سىلەرنىڭ خوتۇنۇڭلار ئالدىدىكى بىچارە ھالىڭلارنى كۆرۈپ، مەنمۇ شۇنداق بولۇپ قالماي دەپ ئاز ـ تولا پەم ئىشلەتتىم، — دەپ بولغان ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاكىلىرى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئىنىسىنىڭ قىلغانلىرىنى سىناپ بېقىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ ۋە خوتۇننى گەپ ئاڭلايدىغان قىلىش توغرىسىدا لاپ ئۇرۇپتۇ.

شۇ كۈنى كەچلىكى چوڭ ئوغۇل ئوچاق بېشىدىن قوپماي ئوچاققا ئوتۇن ساپتۇ. خوتۇنى بۇنى كۆرۈپ:

— ۋاقىت بىر يەرگە باردى، يېتىڭلار، — دەپتۇ.

— قاچان يېتىشنى ئۆزۈم بىلىمەن، سەن يېتىۋەر، — دەپتۇ چوڭ ئوغۇل.

خوتۇن ئېرىنىڭ كەيپىياتىنىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىنى سېزىپتۇ ـ يۇ، ئارتۇق گەپ قىلماي، كۆزىنى قىيا ئېچىپ يېتىپتۇ. چوڭ ئوغۇل خېلى ئۇزاققىچە مۈشۈكنىڭ يېنىغا كېلىشىنى كۈتۈپتۇ، ئەمما مۈشۈكى خىرىلداپ ئۇخلاۋېرىپتۇ. ئۇ ئاخىرى چىداپ بولالماي مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى دەسسەپتۇ، مۈشۈك قاتتىق مىياڭلاپ كېتىپتۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپلا «نېمىگە مىياڭلايسەن؟» دەپ مۈشۈكنى بىرنى تېپىپتۇ.

بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرغان خوتۇنى ئاچچىقىغا پايلىماي ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئېرىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپتۇ ۋە كاللىسىغا بىر قانچىنى سېلىپ:

— ئەقلى كەجگىسىگە ئۆتۈپ قالغان ھاماقەت، ئۇخلاپ ياتقان مۈشۈكنى نېمىگە ئۇرىسەن، ئىسسىق تۇرسا، كىم ساڭا ئوت قالا دېدى؟ — دەپ ۋارقىراپ ئۆينى بېشىغا كىيىپتۇ. تىل ـ ھاقارەتلەرگە چىدىمىغان چوڭ ئوغۇل يوتقانغا چۆمكىنىپ مۈشۈكتەك ئۇخلاپ قاپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەننى ئىككى ئىنىسى ئاكىسىدىن:

— ئاكا، قانداق ئەھۋالىڭ، يەڭگەمنى گەپكە كىرگۈزەلىدىڭمۇ ـ يا؟ — دەپ سوراپتۇ.

چوڭ ئوغۇل بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، بولغان ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئىككىنچى ئوغۇل مەيدىسىگە مۇشتلاپ:

— قاراپ تۇرۇڭلار، خوتۇنۇمنى ماڭ دېسەم ماڭىدىغان، تۇر دېسەم تۇرىدىغان قىلىۋېتىمەن، — دەپ پۈنى بولۇشىغا ئېتىپتۇ.

كەچ كىرىپتۇ. ئىككىنچى ئوغۇل ئېشەكنىڭ ھاڭرىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا بولغاندا ئېشەك ھاڭراپتۇ. ئۇ قولىغا توقماق ئېلىپ چىقىپ ئېشەكنى بولۇشىغا ئۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن خوتۇنى دەرغەزەپكە كېلىپ ئېرىنىڭ گەجگىسىگە بىر قاداپ چىنى ساپتۇ ھەمدە:

— ساراڭ تەلۋە، ئېشەكنى نېمانداق ئۇرىسەن، ئېشەكتە ئاۋالمىغان بىرەر ئۆچۈڭ بارمىدى؟ قولۇڭدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ. ماڭ، ئۆيدىن چىق، — دەپ ئېرىنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەننى چوڭ ئوغۇل بىلەن كەنجى ئوغۇل بېشى ساڭگىلىغان، چىرايى ئۆڭگەن قېرىندىشىنى كۆرۈپ:

— قانداق ئەھۋالىڭ، بېشىڭ چۈشۈپ كېتىپتۇغۇ، خوتۇنۇڭنى ئوڭشايمەن دەپ چارچاپ كەتكەن ئوخشىمامسەن؟ — دەپتۇ.

— نېمىسىنى دەيسىلەر، خوتۇننىڭ گەپ ئاڭلايدىغان بولۇش ـ بولماسلىقى باشتا كۆندۈرۈشكە باغلىقكەن. خوتۇننى ئەركە ئۆگىتىپ قويسا، باشقۇرماق تەسكەن، — دەپتۇ.

چوڭ ئوغۇل بىلەن كەنجى ئوغۇل بېشىنى لىڭشىتىپتۇ. ئارقىدىن ھەر قايسىسى ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

(توپلاپ رەتلىگۈچى خوتەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىراتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)

# زالىم پادىشاھ

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: روزى سىيت

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئۇزاق ئۆتمۈش زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ شۇ قەدەر زالىم ۋە جاھىل ئىكەنكى، خىيالىغا كەلگەن ھەرقانداق ئىشنى قىلىۋېرىدىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ ئۆزىنىڭ جاكارچىسىغا: «كىمكى ئۆلسە، جەسەت ئىگىسى ئۇنى مازارغا تام چۆرۈپ دەپنە قىلسۇن. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، بېشى ئۆلۈمدە، دەپنە - دۇنياسى بۇلاڭ - تالاڭدا» دەپ ۋەز ئېيتقۇزۇپتۇ.

پادىشاھنىڭ بۇ پەرمانى يۇرت ئەھلىنى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا قويۇپتۇ، پادىشاھتىن خەلقئالەم تولىمۇ نارازى بوپتۇ. شۇ ۋەجىدىن بىر نامرات قوشاقچى بوۋاي پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپتۇ.

پادىشاھ:

— ھەي گاداي، نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟ — دەپ ئۇنىڭغا دوق تېگىپتۇ. قوشاقچى بوۋاي شۇئان شاھقا قارىتا بىر كاتتا قوشاق توقۇپ، كەمبەغەل، يېتىم - يېسىرلارنىڭ خانىۋەيران بولۇپ، ئاچ - يالىڭاچ، ئازابلىق كۈنلەرگە قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھنىڭ «جەسەتنى تام چۆرۈپ دەپنە قىلىش» دېگەن ئەمرى خەلقنى جېنىدىن جاق تويدۇرۇپ، بىر جەسەتنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن بەش - ئون كۈن كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ ۋە قوشىقىنىڭ ئاخىرىدا پادىشاھتىن:

— بۇنداق ئىشتىن شاھ ئالىيلىرىغا نېمە پايدا يېتەركىن؟ — دەپ سوراپتۇ.

قوشاقچى بوۋاينىڭ توقۇغان قوشاقلىرى پادىشاھنى قاتتىق غەزەپلەندۈرۈپتۇ: «بۇ مېڭىسىنى قۇرت يېگەن چال ماڭا نەسىھەت قىلغىلى كەپتۇ - دە» دەپ قوشاقچى بوۋاينى شۇئان ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ ۋە «قىرىق بەش ياشتىن ئاشقانلارنىڭ بېشى ئېلىنسۇن» دەپ ئىككىنچى پەرماننى چىقىرىپتۇ.

پادىشاھنىڭ باش كېسەر جاللاتلىرى ئۆيمۇ ئۆي ئاختۇرۇپ، قىرىق بەش ياشتىن ئاشقانلارنى تۇتۇپ خالىغانچە ئۆلتۈرۈۋېرىپتۇ. بۇ ياشتىكى بەزىلەر چارە - ئامال تېپىپ قۇتۇلۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ ئوردىدىكى ئوتتۇز ياشقىچە بولغان لەشكەرلەرنى يۇرت تەۋەسىدە كاللا كېسىشكە ئەمر قىپتۇ ۋە ئوتتۇز بىر ياشلىقلار كالتە پەم، ئەقلى قىسقا، سەپتىن قالدۇرۇلسۇن» دەپتۇ. پادىشاھنىڭ بىر ۋەزىرى بار ئىكەن. ئۇ شاھتىن:

— كەرەملىك شاھىم، نېمە سەۋەبتىن بۇنداق دەيدىلا؟ — دەپ سورىغانىكەن.

— ئەي ئەخمەق، نادان، سەن نېمىنى بىلەتتىڭ؟ — دەپتۇ پادىشاھ بوغۇق ئاۋازدا، — مەن بۇرۇنلا تەجرىبەمدىن ئۆتكۈزگەنمەن، ئوتتۇز بىر ياشتىن ئاشقانلارنىڭ ئەس - ھوشى يوق، ئەقلى قىسقا، ئاغزىغا نېمە كەلسە شۇنى دەيدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ بىزگە نېمە كېرىكى؟ يەنە شۇنداق كاپشىساڭ ئاغزىڭنى قوغۇشۇن بىلەن ئەتكۈزۈۋېتىمەن.

پادىشاھ لەشكەرلىرى بىلەن ئۇزاق سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار ماڭا - ماڭا بىر تاغ ساھىلىغا يېتىپ كەپتۇ. تاغ ئىچىدە بىر چوڭ دەريا ئېقىپ

تۇرىدىكەن. بۇ جاي پادىشاھقا يېقىپ قاپتۇ، ئۇ شۇئان سەركەردىلىرىگە بۇ يەردە قونالغۇ قىلىشقا ئەمر قىپتۇ.

پادىشاھ كېچىسى دەريا ساھىلى بويلاپ سۇ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىۋاتسا، دەريا تېگىدىن بىر جۈپ جۇلالىنىپ تۇرغان گۆھەرگە كۆزى چۈشۈپتۇ. پادىشاھ دەرھال لەشكەرلىرىدىن بىرسىگە گۆھەرنى سۇدىن ئېلىپ چىقىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ ئېيتقىنى بويىچە دەرياغا شۇڭغۇپتۇ، ئەمما قايتىپ چىقماپتۇ. شاھ يەنە بىر ئادىمىنى دەرياغا شۇڭغۇپ گۆھەرنى ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇغانىكەن، ئۇمۇ بۇ شۇڭغۇغانچە قايتا سۇ يۈزىگە چىقماپتۇ. ئاخىرىدا شاھ لەشكەرلىرىدىن يۈزگە يېقىن كىشى دەرياغا شۇڭغۇغانىكەن، ئۇلارنىڭ بىرسىمۇ قايتىپ چىقماپتۇ. كېيىن لەشكەرلەردىن بىرسى:

— شاھىم، دەريا تېگىگە يەتكىلى بولمايدۇ. شۇنچە كۆپ لەشكەرلەر دەرياغا شۇڭغۇغان بولسىمۇ، بىرەرسىمۇ قايتىپ چىقمىدى، بىھۇدە ئۆلۈمدىن نېمە پايدا چىقىدۇ؟ — دېگەنىكەن، پادىشاھ غەزەپ بىلەن:

— ئەي زېدى پەس، تۇز كور، دەريا چوڭقۇر بولسا، گۆھەر كۆرۈنەمدۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ ـ دە، ئۇ لەشكەرنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ.

شاھ لەشكەرلىرىنىڭ ئىچىدە بىر يىگىت بولۇپ، ئۇنىڭ سەكسەن ياشلىق ئاتىسى بار ئىكەن. پادىشاھ قېرى بەش ياشتىن ئاشقانلارنى ئۆلۈمگە بۇيرۇغان ۋاقىتتا، ئۇ يىگىت ئاتىسىنى يوشۇرۇپ قويغانىكەن. يىگىت پادىشاھ بىلەن سەپەرگە كېتىۋاتقاندا، بوۋاي يىغلاپ تۇرۇپ ئوغلىغا شۇنداق دەپتۇ:

— ئوغلۇم، سەن بۈگۈن يىراق سەپەرگە ماڭدىڭ، مېنىڭ سېنىڭدىن باشقا ھېچكىمىم يوق. سەن كەلگۈچە مېنىڭ ئەھۋالىم قانداق بولىدۇ؟ شاھ ئالىيلىرىغا بېرىپ ئېيت، مېنى ئۆلتۈرسۇن. سەن مېنى كۆمۈپ قويۇپ كەتكىن، ياكى بىرەر ئامال تېپىپ مېنى ئۆزۈڭ بىلەن بىللە ئېلىپ كەت.

يىگىت ئاتىسىنىڭ زارىنى ئاڭلاپ كۆڭلى يېرىم بوپتۇ. ئۇ بىر ساندۇق ياسىتىپتۇ، ئاتىسىنى شۇ ساندۇققا سېلىپ يولغا چىقىپتۇ.

دەرياغا شۇڭغۇش نۆۋىتى ئۇ يىگىتكە يېقىنلاپ قاپتۇ، ئۇ شۇئان دادىسى جايلاشقان ساندۇقنى ئېچىپ يىغلاپ تۇرۇپ:

— دادا، مېنىڭدىن رازى بول، — دېگەنىكەن، دادىسى ئېغىر خورسىنىپ:

— نېمە ئىش بولدى، بالام؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئوغلى بولغان ۋەقەنى دادىسىغا بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

بوۋاي بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن:

دەريا ساھىلىدا دەرەخ بارمۇ؟ — دەپ سورىغانىكەن:

— ھەئە، بىر تۈپ ئېگىز، يوغان چىنار دەرىخى بار، — دەپتۇ ئوغلى.

— دەريا تېگىدىن گۆھەرنى سۈزگىلى بولمىسا، — دەپتۇ بوۋاي بىرەر ئىشنى ئالدىن بىلگەندەك، — مېنىڭچە، بۇ گۆھەر شۇ دەرەخنىڭ كاۋىكىدا بولسا كېرەك، دەرياغا شۇڭغۇش نۆۋىتى ساڭا كەلگەندە، ھايال بولماي شۇ دەرەخكە چىق، مۇبادا گۆھەرنى تاپساڭ، ئۇنى ئوراپ بېلىڭگە باغلاپ، شۇ يەردىلا دەرياغا ئۆزۈڭنى ئات، كېيىن دەريادىن چىققاندا گۆھەرنى پادىشاھ قولىغا تۇتقۇز، شۇنداق قىلساڭ، پادىشاھنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قالىسەن.

يىگىت ئاتىسى بىلەن خوشلىشىپ پادىشاھ قېشىغا كىرىپتۇ، پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپلا:

— گۆھەرنى سۈزۈپ چىق، — دەپ ئەمر قىپتۇ. يىگىت ئۇدۇل دەرەخكە يامىشىپ چىقىشقا تەييارلىنىۋاتسا، پادىشاھ ئاچچىقلىنىپ:

— مەن سېنى سۇغا شۇڭغۇپ گۆھەر سۈز دېسەم، دەرەخ ئۈستىدە نېمە ئىش قىلىسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. يىگىت قىلچە ھودۇقماستىن مۇنداق دەپتۇ:

— شاھىم، كۆرۈپ تۇرسىلا، مەن دەريانىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە شۇڭغۇيمەن. شۇڭا، دەرەخ ئۈستىگە چىقتىم، گۆھەر يەتتە قات يەر ئاستىدا بولسىمۇ ئېلىپ چىقىمەن.

يىگىت دەرەخ ئۈستىگە چىقىپلا قۇش ئۇۋىسىدا بىر جۈپ گۆھەرنى كۆرۈپتۇ ـ دە، ئۇنى ئېلىپ بېلىگە تۈگۈپ، ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپتۇ، بىرلا شۇڭغۇپ قىرغاققا چىقىپتۇ.

پادىشاھ بۇرۇنلا: «كىمكى گۆھەرنى دەريادىن ئېلىپ چىقالمىسا، تېرىسى تەتۈر سويۇلۇپ، مىڭ ئازاب بىلەن ئۆلتۈرۈلىدۇ» دەپ ئەمر قىلغانىكەن.

يىگىت دەريادىن چىقىپ بىر جۈپ گۆھەرنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

پادىشاھ يىگىتتىن خۇشال بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، يىگىتكە ھومىيىپ:

— گۆھەرنىڭ ھەممىسى شۇمۇ، باشقا يوقمىكەن؟ مېنىڭچە بار، سەن ئەتە باشقا گۆھەرلەرنىمۇ ئېلىپ چىقمىساڭ، كاللاڭنى ئالىمەن. بەس، ئەمرىم شۇ، تېز بول، — دەپ يىگىتنى ھۇزۇرىدىن ھەيدەپتۇ.

ئەتىسى قارىسا، سۇ يۈزىدە نۇرغۇن چۈمۈلە ئۈزۈپ يۈرەرمىش، پادىشاھ ھەيران بولۇپ:

— چۈمۈلىلەر بۇ يەردە نېمە قىلىدۇ؟ — دەپتۇ. بۇنىڭغا ھېچكىم جاۋاب بېرەلمەپتۇ. كېيىن پادىشاھ ئادەملىرىنى يىغىپ:

— ھەر كۈنى ئىككى ئادەمدىن سورايمەن، مەن رازى بولغۇدەك جاۋاب بېرەلمىسە، ياخشى، ئۇنداق بولمايدىكەن بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىمەن، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ھېلىقى يىگىت ئاتىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بوۋاي:

«بىر تۇغۇلماق، بىر ئۆلمەك بار» دېگەن گەپ بار، ئوغلۇم، سەن پادىشاھقا بېرىپ: مەن «جاۋاب بېرىمەن» دېگىن، ئەگەر پادىشاھ سېنىڭدىن سورىسا، «دەريانىڭ تېگىدە ماي بار شىشە بولسا كېرەك. شۇڭا، چۈمۈلىلەر شۇنى ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ» دېگىن. ئەگەر «ئېلىپ چىقىپ كۆرسەت» دېسە، «خوپ، بولىدۇ» دېگىن - دە، دەرەخ ئۈستىگە چىقىپ، قولۇڭغا ئوقيانى ئال، پادىشاھنىڭ دەل ئاغزىنى چەنلەپ ئاتقىنىڭكى، تىن تارتماي ئۆلسۇن. بۇ بىر ئەبلەخ، شاھلىق كىبرى بىلەن شۇنچە كۆپ نەۋقىرانلارنىڭ جېنىغا زامىن بولدى.

بۇ چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان زالىملىق.

يىگىت ئاتىسىنىڭ يېنىدىن چىقىپ شاھ ھۇزۇرىغا كېلىپ:

— شاھ جانابلىرى، بۇ سوئالىڭىزغا مەن جاۋاب بېرەي، — دەپتۇ ۋە ئاتىسى ئۆگەتكەن سۆزلەرنى ئېيتىپتۇ.

پادىشاھنىڭ سەپرايى ئۆرلەپ:

— چۈمۈلىلەر دەريانىڭ تېگىدىكى ماي بار شىشىنى ئايلىنىپ نېمە قىلىدۇ؟ بۇ تولىمۇ قاملاشمىغان جاۋاب بولدى، — دەپتۇ ۋە جاللاتقا يىگىتنى ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ.

— شاھىم، ئاشۇ شىشىنى دەريادىن ئېلىپ چىقىپ كۆرسەتسەم بولامدۇ؟ — دېگەنىكەن، پادىشاھ:

— گېپىڭ راست بولسا، ئېلىپ چىقىپ كۆرسەت، — دەپتۇ.

يىگىت دەرھال دەرەخ ئۈستىگە چىقىپتۇ.

پادىشاھ كۆڭلىدە: «بۇ يىگىت دەرەخ ئۈستىدىن ئۆزىنى سۇغا تاشلايدۇ» دەپ قاراپ تۇرغانىكەن، يىگىت دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ قولىغا ئوقيانى ئېلىپ پادىشاھنىڭ دەل ئاغزىنى چەنلەپ ئوق ئۈزۈپتۇ. ئوق پادىشاھنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ دۈمبىسىدىن تېشىپ چىقىپتۇ. پادىشاھ تىن تارتماي ئۆلۈپتۇ. ئوردىدىكى ھەممە كىشى بۇ پادىشاھتىن بەكمۇ بىزار بولغانىكەن. شاھ لەشكەرلىرى يىغىلىشىپ كېلىپ، چۇقان سېلىشىپ يىگىتنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئېتىپ، ئۇنىڭدىن تولىمۇ خۇرسەن بوپتۇ.

يىگىت دەرھال ئوتتۇرىغا چىقىپ ئاتىسىنى كۆرسىتىپ:

— قېرىنداشلىرىم، بىلىپ قېلىڭلار، مەن بۇ ئىشنى سەكسەن ياشلىق ئاتامنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن قىلدىم. مىڭ ئەپسۇس، نۇرغۇنلىغان ئاتا - ئانىلار بۇ زالىم پادىشاھنىڭ زۇلمى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى، — دەپتۇ. يىگىتلەر بوۋاينىڭ دانىشمەنلىكىدىن، پەم - پاراسىتىدىن چەكسىز مىننەتدار بولۇپ، ئۇنى ئۆزلىرىگە پادىشاھ بولۇشقا تەكلىپ قىپتۇ.

(بۇ چۆچەك ئۆزبېكىستان س س ر ئوقۇتۇش پېداگوگىكا نەشرىياتى 1954 - يىلى نەشر قىلغان «ئەدەبىيات خروستوماتىسيەسى» ناملىق كىتابتىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلدى)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن دەم ئېلىشقا چىققان)

# غەزەل

ئىشرەت كۈنى، ئەي دىلبەر، دەشت ئەردى چەمەن سەنسىز،
باغ ئىچرە قىزىل گۈللار باغرىمغا تىكەن سەنسىز.
مۇترىب ئۈنى خوش كەلمەس ئەيش ئىچرە قۇلاغىمغا،
بەزمىدە ئېرۇر بۇلبۇل بىر زاغۇ زەغەن سەنسىز.
ھۆسنۈڭ نۇرى تاب ئەتسە، جەننەت كۆرۈنۇر دوۋزەخ،
ۋەسلىڭ يوق ئېسە قىلمام جەننەتنى ۋەتەن سەنسىز.
ۋەسلىڭ بىلە دەشت ئۆزرە خارا دۇررۇ گەۋھەردۇر،
مانەندى ئۇشاق تاشدۇر ھەر دۇررى ئەدەن سەنسىز.
باغرىمغا غەمىڭ تىغى يەتكەچ كۆز ئاقىزغان قان،
ياقۇت ئىلە مارجاندۇر يا لەئلى يەمەن سەنسىز.
غەم ئوتى كەباب ئەيلەر ھەجرىڭدە چىقارغان دۇد،
ئىشق ئەھلى مەشامىغا چۈن مۇشكى خوتەن سەنسىز.
ئىشكىڭدە گەدالىققا ئالماس دۇجەھان گۇمنام،
ئەھلى ماڭا ئول جانا سىز بولماساڭىز مەنسىز.

گۇمنام



باھار دەرۋازىسى


源泉 (布拉克)

بۇلاق

(维吾尔文)　　总150期

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 150- سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

主编:艾力·托合提　　副主编: 买买提吐尔地

باش مۇھەررىرى: ئەلى توختى　مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

新疆人民出版社编辑出版
(乌鲁木齐市解放南路348号)
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر)
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号:CN65-1063/I
国际标准连续出版物号:ISSN 1005-0876
国外发行号:Q1118　　邮政编码:830001
邮政代号:58-108　　定价:8.50元
广告经营许可证号: 6500006000043

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118　پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-108　باھاسى: 8.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى: 6500006000043